

AltunOq

خېۋىر تۆمۈر

# ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە

خېۋىر تۆمۈر

# ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە

مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمان نادىر

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبراھىم مۆمىن

# ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە
## قىسسە

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12
1990 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 7 5371 - 0518 · 9/I·220
سانى: 14000 — 1
باھاسى: 3.00 يۈەن

## ئاپتوردىن

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان غايەت ئۇزۇن يىللار شىنجاڭنى قاراڭغۇلۇق - جاھالەت قاپلىغان ۋاقىتلار ئىدى. سىياسىي تۈزۈمدە مۇستەبىتلىك، دىنىي ئېتىقادتا خۇراپاتلىق، بىدئەت ئەۋج ئالدى. خەلق خار - زەبۇنغا، مىللەت تەنەززۇلغا يۈزلەندى. خەلق تۇرمۇشى كەمبەغەللىشىپ، مەنىۋى ھايات قەھەتچىلىككە ئۇچراپ، مىللىي ھايات قورقۇنچلۇق تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

قاراڭغۇلۇقتا قالغانلار يورۇقلۇققا، ھالاكەت تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلەر ھايات ياشاشقا تەقەززا بولغاندەك، شۇ يىللاردا مىللەت ماددىي جەھەتتىكى قاششاقلىقتىن تەرەققىياتقا، مەنىۋى قەھەتچىلىكتىن مەرىپەتكە تەقەززا بولدى.

بۇ دەۋر تەرەققىياتنىڭ جىددىي تەلىپى ئىدى. بۇنى پەقەت زامانىۋى يېڭىچە تۈس ئالغان مائارىپ يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدا پەننىي دەرسلىكلەرنى ئاساس قىلغان يېڭىچە (جەدىتچە) مەكتەپلەر يامغۇردىن كېيىنكى ياپمۇكتەك بىخ يېرىشقا باشلىدى. XX ئەسىرنىڭ

باشلىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ شىنخەي ئىنقىلابى يىللىرىدى-
كى ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە زامانىۋى ئوقۇش - ئوقۇتۇش-
قا بولغان ئېھتىياج كۈچەيگەنلىكتىن، يېڭى مەكتەپلەر سان
جەھەتتە كۆپىيىپلا قالماستىن، سۈپەت جەھەتتىمۇ يۈكسەلدى.
قەشقەر، غۇلجا، تۇرپاننى مەركەز قىلغان مەرىپەتچىلەر ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە چەت ئەللەردىن ئوقۇتقۇچى زىيالىيلارنى تەكلىپ قى-
لىپ، ئوقۇتۇش ساپاسىنى يەنە بىر بالداق ئۆستۈردى ۋە ئو-
قۇمۇشلۇق زىيالىيلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، دەۋر ئېھتىياجى-
نى تەمىنلەشتە ھەسسە قوشتى.

ئەپسۇسكى، بۇ يارقىن مەرىپەتچىلىك ئۆز تەرەققىياتى-
دا تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي چەكلىمىلەر ۋە توسقۇن-
لۇقلاردىن خالىي بولالمىدى.

توسقۇنلۇق ئالدى بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەتتىن كېلەت-
تى: شۇ دەۋردىكى سىياسىي ھاكىمىيەت خەلقنى جاھالەت - نا-
دانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىك-
تىن، خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى، ئىلىم - بىلىم ئېلىپ دۇنياغا
كۆز ئېچىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىچە مىللىي
مائارىپقا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى، بولۇپمۇ ئىس-
تىبدات ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، توسقۇنلۇق چېكىدىن ئاشتى.
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەرقايسى جايلاردا قۇرۇلغان يېڭى مەك-
تەپلەرنى تاقاتتى. ئاخىرقى قېتىمدا تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ،
ئومۇميۈزلۈك ئېلان چىقىرىپ، مەكتەپلەرنى ياپتۇرغاندىن تاش-
قىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارنى تۇتقۇن
قىلدى ۋە سۈرگۈنگە ھەيدىدى. ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن بە-
زەن ئوقۇتقۇچىلارنى قەپەسكە سولاپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە

ئالدۇرۇش چارىسى بىلەن يولبويى شەھەر ـ شەھەردە سازايى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە خەنزۇچە ئوقۇيدىغان شياۋتاڭ مەكتەپلىرى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار كەلسە ھەممىگلار شياۋتاڭدا ئوقۇڭلار، دەپ يېڭىچە مىللىي مائارىپنى چەكلىدى.

توسقۇنلۇقنىڭ ئىككىنچىسى دىنىي مۇتەئەسسىپلەردىن كەلدى: دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بىر تۈركۈم بىدئەتچىلەر، خۇراپاتقا چۆمگەن روھانىلار، ئىشان ـ سوپىلار يېڭىچە پەننىي مائارىپقا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار قانداقتۇر «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇش دەھرىلىك» دېيىلگەن ئىغۋا خاراكتېرلىك ئاساسسىز بوھتانلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق ئىستىبدات سىياسىي ھاكىمىيەتكە قولچوماق بولدى.

چەت ئەل مۇخالىپەتچىلىرىمۇ بىزنىڭ ئويغىنىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغۇچى ياۋۇز كۈچ ئىدى. چۈنكى ئۇلار ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە پايدا ئېلىش ئۈچۈن غەپلەتتە ياتقان نادان ئەلنىڭ داۋاملىق نادان بولۇشىنى خالايتتى.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل توسقۇنلۇقلار ئىچىدىن يول ئېچىپ ماڭغۇچى ئوت يۈرەك مەرىپەتچىلەر بۇ يولدا مىسلىسىز غەيرەت ـ شىجائەت كۆرسىتىپ، قەھرىمانلارچە ئالغا باستى. تۈرمە ۋە زەنجىر ـ كىشەنلەردىن قورقمىدى، ھەتتا بۇ يولدا ئەزىز جانلىرىنى ئايىماي، پىداكارلارچە قۇربان بولدى. بۇ خىل ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش بولۇپمۇ قەشقەردە مالىتەنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كەسكىنلىشىپ چېكىگە يەتتى. ئۇرۇمچىدە

تۆمۈر خەلپىگە سۇيىقەست قىلىشقا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ
بەدىلىگە قەشقەرگە تەختەي بولۇپ كەلگەن ماھمۇتنىڭ بىر قولىدا
دا سىياسىي ھاكىمىيەت، بىر قولىدا دىنىي مەزھەپچىلىكنى تۇت-
تۇپ، خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم سالدى. خەلقنىڭ نادانلىقى
ۋە خۇراپاتلىقىدىن پايدىلىنىپ بۇزۇقچىلىق، ئەيش - ئىشرەت،
كەيپ - ساپاغا بېرىلدى. دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنى قوللاپ، خۇ-
راپاتلىققا يول قويۇپ، تارىختىكى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بول-
غان مىللىي ماتارىپقا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى.

مەرىپەتچىلىك توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، مىللىي ماتارىپ
ئىشلىرى كەرىجىدە ۋەيران بولغان دەل شۇ يىللاردا، مەرىپەتپەر-
ۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ھەج-
رەتتىن ئەنزۇ ۋەتىنىگە قايتىپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم
قايتىشىدا مىسىر، ئىستانبۇل، بۇخارا، تاشكەنت ئالىملىرىدىن:
«ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋا
ئېلىپ كېلىپ، مەرىپەتچىلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىق بىلەن كەڭ
شۇغۇللاندى، ئۇنىڭ يولى، مەسلىكى تولىمۇ ئېنىق: ئىستىلەپچەت
قىلىش، تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، ئەمەلىي ئېھتى-
ياج تەلىپىگە ماس كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشلىغان يول
ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىش
ھەرىكىتىگە ئايلاندى، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە تەشۋىقى - تەرغى-
باتى ئارقىلىق مىللىي ھاياتىمىزنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ كەل-
گەن ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىر-
لىرى رەھىمسىز پاش قىلىندى ۋە ئۇلارغا قارشى چارە - تەد-
بىر كۆرۈشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئابدۇقادىر داموللا ۋە ئۇنىڭ
مەسلەكداشلىرى پىداكارلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ، سەپنىڭ



AltunOq

ئالدىدا تۇرۇپ، چەت ئەل مۇداخىلىچىلىرىگە، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە، دىنىي خۇراپاتقا قارشى تۇردى. بۇ خىل ئەمەلىي ۋە ئۇنۇملۇك ھەرىكەتتىن شۇ زاماندىكى ھاكىمىيەت، چەت ئەل مۇداخىلىچىلىرى، بىر قىسىم بايلار ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئالاقىزادە بولۇپ، غەم-ئەندىشىگە چۈشتى. ئاخىر بۇ قارا كۈچلەر جۈش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەرىپەتچىلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ، مەرىپەتپەرۋەر ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرىنى شېھىت قىلدى.

قىسسىمىزنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قىسقىچە ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب: بىلىم — ئىقتىدار ۋە ئىپتىخار ........ 1

ئىككىنچى باب: سالام، قەشقەر .......... 18

ئۈچىنچى باب: جىددىي ۋە زۆرۈر ئىشلار .......... 42

تۆتىنچى باب: ھەسەت — تولغاق تۇتقاندىن يامان ... 62

بەشىنچى باب: ئىسلاھات مۇقەددىمىسى .......... 84

ئالتىنچى باب: قازىخانىدىكى ئادىل ھۆكۈم ........ 97

يەتتىنچى باب: غەمخورلۇق .......... 111

سەككىزىنچى باب: غەللە ئېچىش .......... 132

توققۇزىنچى باب: ئاللا، ھىممەت كەمەر ئاتا قىلسۇن!... 144

ئونىنچى باب: راۋاق ئۇستىدىكى سۆھبەت .......... 153

ئونبىرىنچى باب: چىدىماسىنىڭ ئۆيى پايلىماسىنىڭ يېنىدا! .......... 171

ئونئىككىنچى باب: لاچىن دىۋانە ۋە ھەمراھباي ........ 194

ئونئۈچىنچى باب: ئويغىنىش .......... 222

ئونتۆتىنچى باب: ئاچچىق خىيال، كەسكىن پىكىرلەر ... 245

ئونبەشىنچى باب: بىر مەيدان كەسكىن جەڭ .......... 260

ئونئالتىنچى باب: نامايىش .......... 282

ئونيەتتىنچى باب: ئۇلار بىر - بىرلەپ شۇ يەرگە توپلانغانىدى .......... 291

ئونسەككىزىنچى باب: سالام بېرەيلى، دەپ كەلدۇق ...... 308
ئونتوققۇزىنچى باب: ئاقسىلار ۋە غاپىللار ............... 320
يىگىرمىنچى باب: كىمگە، يەنە نېمىگە يىغلايمىز ... 339
خاتىمە ........................................ 356
ئاپتوردىن ئاخىرقى سۆز ........................ 368

## بىرىنچى باب

# بىلىم — ئىقتىدار ۋە ئىھتىياجلار

قەشقەر خانلىق مەدرىسى

غەربىي تەرىپى خانىقا، شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرى كىچىك - كىچىك ھۇجرىلار بىلەن ئورالغان چاسا ھويلا بۈگۈن پېشىنەدىن كېيىن باشقىچە جانلانغانىدى.

ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك پېشايۋان ئاستىدا ئونغا يېقىن تالىپ بەئەينى شىرنىگە ئولاشقان ھەرىلەردەك غۇژمەكلىشىپ، قانداقتۇر بىر كىتابنى چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشەتتى، قىزغىن مۇھاكىمە قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كىتابقا بولغان مۇھەببىتى، ئوتلۇق تەلمۈرۈشى ۋە ھاياجانلىنىشلار ھەرقانداق كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ، ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى.

ئىلىم دەرىجىسى ئۇنىۋېرسىتېتقا تەڭ بولغان ئالىي بىلىم يۇرتى — خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان

تالىپ ـ خەلپەتلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، سۆيگۈ ـ تىلەك-
لىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ئېلىش، ئىلىمدا بىرەر چوڭ-
قۇرلۇققا چۆكۈش، بىرەر يېڭى ئىكسىرگە ئىگە بولۇش ـــ پاي-
دىغا ھېرىس تىجارەتچىنىڭ سەرلەپ ئالتۇن، جەڭلاپ كۈ-
مۈش پايدا تاپقىنىدىنمۇ ئارتۇق قىممەتلىك ۋە خۇشاللىنار-
لىق ھېسابلىناتتى، چۈنكى تالىپلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، ئىلىمگە بەجانىدىل مۇھەببەت باغ-
لىغۇچىلار ئىدى. ئۇلار بىرەر كىتابقا ئىگە بولسا، كۈمۈش
ئىگەرلىك شاھانە ئارغىماققا ئىگە بولغاندىنمۇ ئارتۇق خۇشال
بولاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا خاس مۇھەببىتى، ئىش-
تىياقى، خۇسۇسىيىتى. ئۇلار كىتابتىن لەززەت ئېلىپ ئىلىم
بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بىلىم بىلەن ياشىرىپ، باراقسان كۆكلەپ،
ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن تاتلىق مېۋە بەرمەكچى، سالقىن
سايە تاشلاپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بەخش ئەتمەكچى.

سورۇن بارغانچە ئۇلغىيىپ، يېڭى ـ يېڭى تالىپلار بى-
لەن تولۇقلانماقتا، تۇرۇپلا مۇتالىئە ۋە مۇنازىرە باشلىنىپ
قىزىماقتا ئىدى.

تالىپلار نېمىدېگەن جۇشقۇن روھلۇق ـ ھە! خۇددى
جۇش ئۇرۇپ ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش... مۇھاكىمە باش-
لانسىلا ئۇلار بەيگىدە چاپقان ئاتلاردەك، بىر ـ بىرىدىن قې-
لىشماسلىققا تىرىشىپ، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئالغا سۈرۈپ،
ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشەتتى،
پاساھەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەردىن پايدىلىنىپ، مۆجىزە ۋە سېھرىي
قۇۋۋەتكە تولغان ھەشەمەتلىك ساراي ياكى تىلسىماتتەك پۇختا
قورغان ياساپ چىقاتتى. ئىككىنچى بىرى ئۇنىڭدىنمۇ يېڭى،



Altunoq

چوڭقۇر پىكىر ـ ئۇقۇملارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالدىنقى قورفاننى بۇزۇپ تاشلايتتى ياكى ئالدىنقى پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ تولۇقلايتتى ۋە ياكى جۈملىگە چېكىت قويۇپ جان كىرگۈزگەندەك، ئالدىنقى پىكىرگە مەزمۇن ھەم مەنە قوشۇپ تېخىمۇ جانلاندۇراتتى.

تالىپلارنىڭ دىققىتى بىرلا كىتابقا ـــ ھەممە كىشى ئورتاق قايىل بولۇشقان، ئۆزۈندىن كۆرۈش ئارزۇسىدا بېرىلىپ كەلگەن «گۈلىستان»① نىڭ تەرجىمىسى «شەۋقىي گۈلىستان مۇنەۋۋىرى» گە مەركەزلەشكەنىدى. سۆز ـ مۇنازىرىلەرمۇ بۇ مەركەزدىن چەتلەشمەيتتى.

ـــ نېمىدېگەن چىرايلىق يېزىلغان ـ ھە! ـــ دېدى تالىپلاردىن بىرى قاتتىق چەملىك ماش رەڭ مۇقاۋىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا «شەۋقىي گۈلىستان مۇنەۋۋىرى» دەپ يېزىلغان ئويما خەتكە تويماستىن قاراپ.

دەرۋەقە، كىتابنىڭ نامى چىرايلىق ۋە كۆركەم يېزىلغان، خەت نۇسخىسى ئوبدان تاللانغان بولۇپ، ھۆسن خەتچىلىكتە كامالەتكە يەتكەنىدى.

ـــ ئىسمى جىسمىغا لايىق، گۈلىستاندەك يېزىلىپتۇ!

ـــ چېكىتلەر خۇددى پەرىزات ھۆسنىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن خالدەك!

ـــ قەلىمى پىشقان كاتىپكەن، كامالەتكە يەتكۈزۈپتۇ!

مۇقاۋا لايىھىسىدىكى گۈزەل سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھوزۇرلانغان تالىپلار تەرەپ ـ تەرەپتىن پىكىر قىلىپ، تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

① گۈلىستان ـــ شەيخ سەئدىنىڭ كىتابى.

— «گۈلىستان» نىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئىلىم دۇنياسىدا كىچىك ئىش ئەمەس، جۇما! — دېدى ساقىلىنى يېڭىلا قىردۇرۇپ قايچىلاتقان ئاق چىشلىق تالىپ كىتابنى ئېچىۋېتىپ.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ! بۇنداق ئۇلۇغ خىزمەت جاھاندا ئىككى تېپىلماس، — كىتابقا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرغان يەنە بىر تالىپ چۈچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگەچ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ئۆز چۈشەنچىسىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ خىزمەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئىپادىلەپ چىقماق تەس! — دېدى ئۈچىنچى بىر تالىپ سۆزگە ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن كۈچلۈك ھاياجانلىنىش چىقىپ تۇراتتى، ئۇ جىددىي قىياپەتتە داۋام قىلدى، — ئاۋۋالقىدەك گۈلىستاننىڭ پارس ئىبارىسىنى بىر ئوقۇپ، ئاندىن مەزمۇنىنى يېشىمىز، دەپ ئولتۇرىدىغان ھەرەج تۈگەپتۇ. مانا ئەمدى ھەرقانداق كىشى گۈلىستاننى ئېچىپلا ئوقۇيالايدىغان، مەنىسىگە چۈشىنەلەيدىغان بوپتۇ. شۇنداققۇ! خىزمەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى مانا مۇشۇ يەردە...»

زامان-زاماندىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا دەرس ئوقۇپ رىيازەت چېكىپ كېلىۋاتقان تالىپلار گۈلىستاننىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا ئەنە شۇنداق خۇشال بولۇشقانىدى.

كىتاب ئېچىلدى. ئاجايىپ نەپىس گۈل-نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئىچ مۇقاۋا خۇددى پەردە ئېچىلغاندىن كېيىن

تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان سەھنە دېكوراتسىيىسىگە ئوخشاش تالىپلارنىڭ ئۆزىگە تارتقانىدى. سەھىپە چۆرىسىدىكى جەزىبىدار نەپىس گۈل - نەقىشلەر، ئاپتورنىڭ ئىسمى، سادda، ئەمما كۆركەم چەمبىرەك ئىچىگە ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغان كىتاب ئىسمى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى كىچىكلىتىپ يېزىلغان مەسنىۋى، ئەڭ ئاستىغا يېزىلغان نەشر قىلغان ئورۇن، يىل ۋاقتى قاتارلىقلار، ئومۇمەن مۇقاۋا لايىھىسىدىكى يۈكسەك ماھارەت نامايان بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

«تەبەقى گۈل دىلىمنى قىلماس چاغ،
گۈلىستانىمدىن ئال بىر ياپراق.»

تالىپلاردىن بىرى كىتاب نامى ئاستىغا كىچىكلىتىپ يېزىلغان بىرىنچى مەسنىۋىنى ئۈنلۈك ۋە جاراڭلىق ئوقۇدى.

— نېمىدېگەن تاتلىق، نېمىدېگەن جانلىق تىل - ھە! — دېدى بىر تالىپ تىللىرىنى تامشىپ، ئۇ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ، قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى ئىپادە قىلاتتى.

— لىللا سۆزنى قىلغاندا، تەرجىمە تىلى ئەسلىدىكى پارس تىلىدىن نەچچە باراۋەر جانلىق ھەم تاتلىق چىققان!— دېدى يەنە بىر تالىپ يۇقىرىقى سۆزنى قۇۋۋەتلەپ.

— گەپ تەرجىمانىدا.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. ئەگەر تەرجىماننىڭ ئىلمى ۋە قىلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولمىغاندا، تۈركىي تىلنىڭ جانلىقلىقى، تاتلىقلىقى، پاساھىتى بۇ قەدەر نامايان بولمىغان بولاتتى.

— تەرجىمان كىم ئىكەن؟

— تاشكەنتلىك مۇرات خوجا ئىشان ھەزرەت!

— ئۇ كىشى ئۆزى تەرجىمە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشىر قىلدۇرۇپ تارقاتقان!

— بارىكاللا! نېمىدېگەن زور ھىممەت بۇ!

— ئادەم باشقا گەپ، ھىممەت باشقا گەپ! — كۆرۈنۈشتە بىپەرۋادەك ئولتۇرغان كەڭ پېشانە، ئورا كۆز، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن يادىكىغۇ چىراي بىر تالىپ بىردىنلا سۆزگە ئارىلىشىپ داۋام قىلدى، — ئەگەر چەندە، مۇرات خوجا ئىشان ھەزرەتلىرى ھىممەت قىلمىغان بولسا، بۇ كىتاب تەرجىمە قىلىنمىغان بولاتتى، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن كۆپچىلىككە قاراپ قويدى.

بىپەرۋا، خامۇش كۆرۈنگەن بۇ تالىپنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ خىل ئورۇنلۇق پىكىر ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھىممەت مەسىلىسىدە ئىلھام بېغىشلىدى.

— تارازىدا توختىغۇدەك گەپ بولدى!

— ھىممەتسىزلىك مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاش!

— ھىممەتسىز موللا يىپەك قۇسمىغان قۇرت بىلەن باراۋەر! كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن پىكىر بايان قىلىپ، ھىممەت ئىگىسى مۇرات خوجا ئىشاننى كۆككە كۆتۈرۈۋاتقاندا، ھېلىقى كۆرۈمسىز تالىپ يەنە سۆز باشلىدى:

— مېۋە يېگەندە باغۋەننى، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمىغاندەك، كىتابنى چىغاتاي تىلىغا سۆزمۇ - سۆز مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىققان مۇرات خوجا ئىشان ھەزرەتلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك!

— بۇ تېخىمۇ لىللا گەپ بولدى، — دېدى بىر تالىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — ئەلۋەتتە ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. چوڭ ئىشلاردا ھىممەت قىلالمىساقمۇ، دۇئادا ياد ئېتىپ، مۇرات خوجا ئىشان ھەزرىتىمنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز لازىم!

گۈلىستاننىڭ تەرجىمىسىگە نىسبەتەن مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن بولۇۋاتقان قايناق سۆز - پىكىرلەر ئىچىدە كىتاب ۋاراقلاندى. ھەربىر باب، سەھىپە - قۇرلاردىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئاجايىپ قىسقا ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر، نەزمىلەر، ئىزاھاتتىكى شەرھى - چۈشەنچىلەر تالىپلارنى ئۆزىگە تارتىپ، گويائۇلارنى ھېكمەتلىك سۆز جەۋھەرلىرىدىن رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان بىر گۈلىستانغا باشلاپ كېتەتتى. تالىپلار سەئدى شىرازىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مېھنەت خەزىنىسىگە شۇ قەدەر مەپتۇن بولدىكى، ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھال-دا بىر ئىسكەتتە چىرايلىق يېزىلغان ھۆسن خەتلەرگە، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك ئىزاھلارغا، بەزەن سەھىپىلەرگە سىزىلغان ئاددىي، ئەمما مەزمۇنغا باي سىزما رە-سىملەرگە قادىلىپ قاراپ، بەھۇزۇر سەيلە قىلىشتى.

كىتابنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى مەشھۇر ئىسلام ئالىم-لىرى يازغان تەقرىزلەر (بېغىشلىما) بىلەن تولغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇقادىر داموللا يازغان تەقرىز كۆزگە يەنە ئالاھىدە كۆرۈنۈپ، چولپاندەك چاقناپ تۇراتتى.

— ماۋۇ تەقرىزنىئوقۇيلى! — دېدى بىر تالىپ جىددىيە-لىشىپ. ئۇ بىگىز قولى بىلەن ئابدۇقادىر داموللا يازغان تەقرىزنى كۆرسىتىپ ئوقۇشقا تەشەببۇس قىلدى. دىققەت بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتى. بىر تالىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇش-قا كىرىشتى:

زەمىن مېھرەگى① ۋەتەن ئانىمنى سېغىنىپ،
مۇسەپپا قىلدى بۇ شېھرى گۈلىستانى.

دىماغ ئەھلى مەنا بولدى ئاندىن،
سەراسەر② ئەترە - زار ۋە سۈنبۈلىستانى.

ماتانىپ مەتلەمتى ئەۋراقى ئۈزۈلمەك،③
كېلىپ ئەلپازى گويا بۇلبۇلىستان.

سۈرۈۋات خەتلىرى چۈن زۇلفى دىلبەرە،
قىلۇر تالىپ خىيالىنى شەبىستان.

نەقاتى دەستىكا زىبۇ ۋە زىننەت،
مەزامىنى④ سەرۋىيار شەككەرىستان.

ئەجەب گۈلشەنكى، دائىمدۇر باھارى،
تومۇز بولسۇن، كۈز بولسۇن يا زىمىستان.

نە ئەجەب قىلما بۇ گۈلشەن مۇرادى،
ئىلاج دەردى مەخمۇران ۋە مەستانى⑤

---

① زېمىن مېھرەگى —— ئىسمى خۇش خۇيۇرگى
② سەراسەر —— باشتىن - ئاياغ.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئۈلىنىڭ ۋەرەقلىرىدىن ئىلىم - بىلىم تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.
④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: باشتىن ئاخىرغىچە لەززەتلىنىشكە گويا شەككەرىستانغا ئوخشايدۇ.
⑤ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئىلىم خۇمار، بىلىم مەستانىلىرىنىڭ دەردىگە داۋا بولىدۇ

ئەگەر شەھباز پىكرى قىلسا جەۋلانە
بولۇر شەررا ھىلار تەپىل دەبىستان①

مۇراد بۇلبۇلاق دېسەم سازادۇر،
بەلا لايىق ئاڭا شەۋقى گۈلىستان.

ۋەلى مەدھىيەدە قاسىردۇر ئىبارەت،
گۈل تەئرىپىنى قىل مەتلۇبىستان.

بۇ مىسرا غۇنچەدىن ئېچىلدى تارىخ،
مۇراد بۇلبۇلان شەۋقى گۈلىستان.②

داموللا ئابدۇقادىر 1327 - ھىجرى.

— يارانلار، بۇرادەرلەر! — دېدى تالىپلاردىن بىرى دەرس قورۇندىن تۇرۇپ، — ئىسلام ئالىملىرى قاتارىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇپ، ئىلىم ئاسمىنىدا چولپاندەك چاقنىغان دامولla ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ بىلىم ئىق-تىدارىغا بارىكاللا توۋلاپ، بىر دەۋر ساما سالساق قانداق!

— توغرا پىكىر!

— ساما سالايلى، بېشىمىز ئاسمانغا تاقاشسۇن!

تالىپلار تەرەپ - تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى. كىمدۇر بىرى ئىبغىزچە شادىيانە چالدى. ساما باشلاندى، ھەممە تالىپنىڭ كەيپى چاغ، چېھرى ئوچۇق. بىۋىيى يەڭگىل ئىدى. خۇددى ئى-

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: تەپەككۇر قۇشى قىلسا جەۋلان، شېئىر ھەممىگە بىر ملكەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

② بۇ مىسرا «مىراد بۇلبۇلان شوق گۈلىستان» دەپ ئۆز ئىملاسى بىلەن يېزىپ ئەبجەد ھېسابىغا سېلىنسا، 1327 - يىل سانى چىقىدۇ.

چىگە ئىسسىق يەل قاچىلانغان شاردەك سەكرىشەتتى. ساما بەش مىنۇتچە داۋام قىلىپ ئاندىن بېسىلدى.

— چۆلنىڭ باغرى يامغۇرغا تويۇنغاندەك، بۈگۈن كۆكس - قارنىم ئىپتىخارغا تويۇندى، — دېدى ھېلىقى ساقىلى قايچىلانغان ئاق يۈزلۈك تالىپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىپتىخار نۇرلىرى يامغۇردەك قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

دۇنيادا ئۆز ئىچىدىن چىققان دانىشمەن، ئالىملىرى بىلەن پەخىرلەنمەيدىغان ئەل بولمىغىنىدەك، تالىپلارنىڭ بۈگۈنكى تەنتەنىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

لېكىن، تالىپلار ئىلىمدە ئالغا ئىنتىلگۈچى،ھەر ئىشنىڭ تېگىگە يېتىشنى ئىزدىگۈچى كېلەتتى. ئۇلار مەۋجۇت ھالەتكە ھېچقانداق ۋاقىتتا قانائەت قىلغان ئەمەس، ئۇلار دەلىللەرنى تولۇقلاپ، پاكىتلارنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى دائىم ئارزۇ قىلاتتى.

— يارانلار، توزۇپ كەتمەي بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار،بىسلەرگە بىر پاكىت كۆرسىتەي، — بىر تالىپ ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ھۇجرا تەرەپكە ئالدىراپ يورغىلاپ كەتتى، بۇ تالىپ يېشى قىرىقلارغا بېرىپ قالغان كەمسۆز، ئېغىر - بېسىق، ئوقۇشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خەلپەتلەردىن ئىدى.تالىپلار ئۇنىڭ ھۇجرىغا مۇنداق قىزغىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ھەر خىل گۇمانلاردا بولۇشقان بولسىمۇ، ھەرھالدا بىر يېڭىلىق كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

خەلپەت ئانچە ھايال بولمايلا ھۇجرىدىن قايتىپ چىقتى، قولىدا قانداقتۇر بىر نەرسە باردەك قىلاتتى.

— «شورا»، — دېدى ئۆتكۈر كۆزلۈك تالىپلاردىن بىرى يېنىدىكىلەرگە شىۋىرلاپ.

— يېڭى سانلىرىدىن بولسا كېرەك!

«شورا» تاتارىستان مەركىزى قازاندا ئۇززۇن يىل نەشر قىلىنىپ، كەڭ تارقالغان يېرىم ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭغا تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلمىي ماقالە- لەر بېسىلىپ تۇراتتى. مەشھۇر ئالىملار، پروفېسسورلار، دوكتور- لار، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىناتتى، شۇڭا ژۇرنالنىڭ مۇشتەرى ئىخلاسمەنلىرى كۆپ بولۇپ، قىزى- قىپ ئوقۇيتتى، بولۇپمۇ تالىپلار ئوتتۇرىسىدا گۆھەرگە ئوخ- شاش ئەتىۋارلىنىپ قولدىن - قولغا ئۆتەتتى.

ئۆزئارا شىۋىڭلىشىپ تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەلگەن خەلپەت ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى- غا چۆكتى - دە، «شورا» مەجمۇئەسىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— سىلەرگە بىر ماقالە كۆرسەتمەكچىمەن! — دېدى ئۇ جىد- دىيلىشىپ، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، گاھى ۋاراقلارنى ئاج- رىتالماي تىترەپ تۇرۇپ قالغاندا، بۇيانقى تالىپلار تىت - تىت بولاتتى، ھەممە ئادەمنى تەقەززالىق قاپلىغانىدى.

— قانداق ماقالە؟ ئاپتورى كىم؟

— يېڭى كەلگەن ژۇرنالمۇ؟

— كىم ئالغاچ كەپتۇ!

ژۇرنال ئىگىسى يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ بىرىگىمۇ جا- ۋاب قىلماستىن، ۋاراقلاشنى داۋاملاشتۇردى. بىر ھازادىن كې- يىن توختاپ، بەت بېشىدىن باشلانغان «ئەدەبىي بىر مۇسا- ھىبە» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى كۆرسەتتى - دە:

— دىققەت، بىز مۇشۇ ماقالىنى ئوقۇيمىز! — دەپ ئې- لان قىلىپ، جاراڭلىق ئوقۇشقا باشلىدى:

## ئەدەبىي بىر مۇساھىبە①

1915 - يىل 23 - سان «شورا» مەجمۇئەسىدە «بابايى ھەقىقەت» ساھىبىنىڭ «جاۋاھىرىل ھىقايات» ئەسىرىنى ئاۋۋال كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئاپتورنىڭ شۇ يىلكى مىسىر ئۆلىمالىرىدىن بولۇشى كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدۇق. بۇخارادا ئوقۇغان بىر ئادەمنىڭ ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پەسىھ ۋە تەبىئىي قەسىدە سۆزلەشكە قۇدرىتى يېتىدىغانلىقى خاتىرىمىزگە كەلمىگەنىدى.» دەپ مېنى شايان ۋە ئىپتىخار قىلغانىكەن. 1916 - يىل 7 - سان «شورا»دا، ئاليما تالىق سابىرجان شاكىرجان ئەپەندى «بابايى ھەقىقەت» ماقالىسىنى يازغۇچى داموللا ئابدۇقادىرنى شورا ئىدارىسى بۇخارادا ئوقۇغان ئادەم دەپ كۆرسىتىپتۇ. مېنىڭچە بولغاندا، شورا ئىدارىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆز قارىشى بويىچە، مەزكۇرنى مىسىر ئۆلىماسى دەپ ھېسابلىشىمىز توغرا ئىكەن، ئەگەر خاتالاشمىغان بولساق، ئۇ كىشىنى مىسىردا سەككىز يىل ئوقۇغان بىر زات» دەيدۇ.

سابىرجان ئەپەندى «شورا» ئىدارىسى خاتالاشتى، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆزى تېخىمۇ چوڭ خاتالاشتى. چۈنكى تەھسىلىم (ئوقۇشۇم) بۇخارادا بولغىنىغا «بابايى ھەقىقەت» سەرلەۋھىلىك ماقالەم ئەدلى دەلىل ۋە ئەدلى شاھىت بولۇشنى بىلىدۇ. بۇ ھۆكۈملەر مېنىڭ توغرامدا بولغىنى ئۈچۈن بىرئاز ئىزاھ بەرمەككە مەجبۇر بولدۇم.

سابىرجان ئەپەندى بۇخارادىكى تەھسىل - تەر-

---

① بۇ ماقالە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىغا ئازراق تەرجىمە قىلىندى — ئاپتور.



Altunoq

تىپلەردىن تولۇق خەۋەردار بولسا كېرەك. ھازىرقى زاماندا بۇخارادىن ئۆزىدانىش زاتلار چىقالمايلا قويمىغان دېمەككىچى بولـ لىغىنى مېنىڭ ئوقۇشۇم بۇخارادا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك بۇخارا تەرتىپ ۋە تەدرىسلىرىدىن (ئوقۇتۇش تەرتىپلىرىـ دىن) تولۇق ۋاقىپ بولغىنىم ئۈچۈن بىر ئاز بايان قىلىش ھاجەت تېلىكتۇر.

دەسلەپكى ئوقۇشۇم قەشقەر ناھىيىسى ئۆز ۋەتىنىم ئارتۇچ (ئاتۇش) قەسەبەسىدە بولدى. كېيىن قوقەندە ئىككى يىل ئوقۇپ، ھىجرىيىنە 1309 - يىللاردا بۇخاراغا باردىم. ئۇ يەردە سەككىز يىل ئوقۇپ، بۇخارا ئادەتىچە ئىمتىھان بېرىپ ئۆز ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلدىم. بۇخارادا يەتتە - سەككىز يىل ئوقۇغان بولسىمۇ، ساپ ۋىجدانىم ۋە بەزى ھەقىقەتچى زاتلارنىڭ سۆز - سۆھبىتى ۋە يولى كۆرـ سىتىشلىرى بۇخارا تەھسىلىدىن ھاسىل بولغان خۇراپاتلىق ۋە گۇمانخورلۇق زۇلمىتىدىن ۋە مەنتىق كالام، پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ شەرھ ۋە ھاشىيىلىرى، قاتمۇقات، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپسەتىلىرىدىن ھاسىل بولغان خۇراپات زەنجىر - كىشەنلىرىدىن ئەقىل - پىكرىمنى ئازاد قىلدى.

ھازىرقى زاماندا بۇخارا تەھسىل - تەرتىپلىرى ئىبتىراپ قىلىپ يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ھاشىيەخانلىق ساپ ئەقىدىلەرنى بۇزۇپ، ھۆر ۋە ئازاد ئەقىل - پىكىرنى زەھەرلەيدىغان مەكتەپ باشقا ھېچ سەمەرىسى (پايدىسى) يوق دېسە خاتا بولماس.

ئىلىم يۈزىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇخارانىڭ «شەرىپ» بولۇشى، ئۇشبۇ بىمەنە، بىمەز، ھاشىيە ئوقۇغانـ لىقتىنمۇ، ياكى ئەسكى يۇنان خۇراپاتلىرىنى راۋاج قىلدۇرـ ماق ئۈچۈنمۇ، ياكى كۆككۆلتاش، مىر ئەرەب، ھەۋزى دىۋان بېگى دېگەندەك ھەشەمەتلىك مەدرىس بىنالىرىنىڭ بولغانـ

لىقىدىنمۇ ياكى ئىسلام ئالىملىرى، مۇخالىپلارنىڭ قىلغان تاجاۋۇز دەھشىتىدىن چارىسىز بولغان ھالدا ئىستىقبال ۋە ئاخىرەت ئەندىشىسىدىن ۋاز كېچىپ غەپلەت ۋە بىكارچىلىق بىلەن زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقتىن ئىبارەتمۇ؟! ئەجەبا! جانابىي ھەق پۈتۈن ئىسلام ئالىمىنىڭ ئۆلىمالىرىغا، بولۇپمۇ بۇخارا داموللىلىرىغا ئىنساپ بەرسۇن!

مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇخارانىڭ «شەرىپ» لىكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇخارا ئىلىم چەشمىسى (بۇلىقى) مەئرىپەت مەتلۇئى (ئىلىم قايناپ چىققان جاي) بولۇشىدىن ئىدى. ئەبۇ ھەنفىسى كەبىر، ھەلۋانى، ماترىدى① كەبى زاتى ئالىلارنى يېتىشتۈرگەنىدى. ھىجرىيە 1324 دە مۇبارەك ھەج بەيتۇللا سەپىرىگە نىيەت قىلىپ، ھەج ئادا بولغانىدىن كېيىن. ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ مىسىرغا باردىم. ئۇ يەردە تاتار تالىبەلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن رىشت رىزاجانابلىرى، «ئەللىۋا» مەجمۇئەسىنىڭ ساھىبى ۋە مۇدىرى مۇستەپا كامىل، مەدرىس تەھزىرىيە كەبىرى مۇدىرى سىييت مۇھەممەت ئەپەندى، فەرىد ۋە جەددى كەبى زاتى ئالىيجانابلارنىڭ مۇساھىبەلىرىدىن تەجدىت (يېڭىلىق) ۋە ئىسلاھ توغرىسىدا ئالىي پىكىرلەر كەسىپ قىلىپ، مىسىردا ئىككى ئاي ئىستىقامەت قىلدىم. بەس، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتىنىمگە قايتىپ، ئاھالىنى تەرەققىياتقا ۋە تەجدىت ئىسلاھاتقا دالالەت قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى بۇ دالالىتىم ۋەتەنىدىن ئايرىلىشقا سەۋەب بولدى.② يەنە «قوقەند»، «بۇخارا» غا باردىم. بەختكە يارىشا، بۇخاراغا بارغان كۈنلىرىمدە «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى

---

① مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرى.

② ئابدۇقادىر داموللا تۇنجى قېتىمدا مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئۆكتىمىسىگە ئۇچراپ، ۋەتەندىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىنى ئەسلەيدۇ.

ئوقۇغۇچى دەھرى» دېگەن پەتىۋا ئوزىنىڭ؛ بۈيۈك ئۇستازلى-
رىمدىن «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇسۇلى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن
پەتىۋا مەيدانغا چىققانىدى.

بۇخارادا بىر ئاز تۇرۇپ، ھىجرىيە 1329 دە ئالمۇتا
يولى بىلەن غۇلجىغا كېتىۋاتاتتىم، ھېلىقى سابىرجان ئەپەن-
دى بىلەن «ئالمۇتا» دا ئۇچرىشىپ قالدىم. شۇ سەپىرىمدە
قوقەند شەھىرىدە «جاۋاھىرىل ئىقان»، «مۇپتاھىل ئەدەب»
ئىسىملىك ئەسەرلىرىم مەيدانغا چىقتى. بۇ ئەسەرلەرنى بە-
زى دوستلىرىم شورا ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن بولدى.

غۇلجىدىن ۋەتىنىمگە قايتىپ، ئاۋۋالقى مەسلەكتە دا-
ۋام ئېتىپ، تەرتىپ جەدىتى ئىسلاھ ۋە تەرەققىياتلارغا
ئاھالىنى تەشۋىق ۋە تەرغىب ئەتتىم. 15 - يىلى 23 - سان-
لىق شورادا «باياني ھەقىقەت» دېگەن ماقالىدىكى ماجىرا-
لار پەيدا بولدى.

بۇخارادا خۇۋاشى خانلىقتىن زەھەرلەنگەن ئەقىل
ۋە پىكرىمنىڭ شىپا تاپماقلىقىغا يەنە بىر سەۋەب: بۈيۈك
ئالىملاردىن ئىبنى شەمىيە ئىبنى قەييۇم جوزىيە، جامالىددىن
ئەپغانى ۋە شەيخ مۇھەممەت ئەبدۇھەت ۋە.... ھەزرەتلەر-
نىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە ۋە مۇلاھىزە قىلماق ۋە زامانى
ھازىردىكى «تەرجىمان»، «ۋاقىت»، «شورا» كەبى پايدىلىق
گېزىت ۋە ژۇرنال مەسلەكلىرىگە مۇتابىئەت ئەيلىمەك (ئە-
گەشمەك) بولدى. ھال ھازىردە پېشقەدەملىرىمىزگە مۇتابىئەت
يۈزىسىدىن، بۇخارا تەرتىپلىرى ئىلە مەنتىق، كالام، پەل-
سەپە، تەدرىس ۋە مۇكالىمەلىرىگە مەشغۇل بولسامۇ، لېكىن
زىيالىي شاگىرتلارغا تەپسىر، ھەدىس، ئىلمۇ - ئەمابىيەلەر-
دىن تەلىم بەرمەكتىمەن. بۇ شاگىرتلار «شورا»، «ۋاقىت»،
«تەرجىمان» قاتارلىق ژۇرناللارنى كامالى زوق - شەۋق
ئىلە مۇتالىئە قىلماقتالار. بۇ پايدىلىق (موفىد) ئەسەرلەر-

دىن بەھرىۋار بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كونىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات ۋە ھەقىقەت يولىدىن قايتماس!

ئېھتىرام بىلەن: داموللا ئابدۇقادىر مۇدەررىسى كاشغەرى
1916 - يىل 19 - ئاپرېل.

— ۋايى، ۋاي، ۋاي!... — دېدى بەزىلەر خۇشاللىق ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي. بەزىلەر «بارىكاللا» ئېيتىپ ئاسمانغا قۇلاچ ئېتىشتى. بەزىلەر «ياشاپ كەت داموللا» دەپ شۇئار توۋلاشتى. بەزىلەر تەسىراتتىن بوشىشىپ، ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلىۋەتتى. بۇ ماقالە ئۆز قۇدرىتى بىلەن شۇنچىلىك تەسىر قوزغىدىكى، ھاياجانلانغان تالىپلار خېلىغىچە ئۆزىنى باسالماي ياكى خۇشاللىقىنى قانداق ئىزھار قىلىش يولىنى تاپالماي ئۇزۇنغىچە تېڭىرقاشتى.

— تېخى... «جاۋاھىرۇل ئىقان» نى شام ياكى مىسىردا ئوقۇغان كىشى يازغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقان ئىكەن — دە!... — دېدى بىر تالىپ خېلىدىن كېيىن غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ. ئاخىردا «خىتىڭ» قىلىپ دىماغ قېقىپ قويدى. ئۇنىڭ دىماغ قېقىشىلا نۇرغۇن مەنە ۋە ئاچچىق ھېسسىياتلىرىنى چۈشەندۈرەتتى.

— خالتا كوچىغا كىرىپ قالغان بىرىنىڭ كۆز قارىشىغۇ بۇ! — دېدى بىرى نارازى بولغان ئاھاڭدا.

— بۇخارادا ئوقۇپ يېتىشكەن قەشقەرلىك ئالىمنىڭ «جاۋاھىرۇل ئىقان» دەك بىر كىتابنى يېزىپ چىقالايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئوخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەندۇ بەلكى...

— ئىلىمدا ئۇنداق تار قارايدىغان بولسا، ئالىم، مەھ-

مۇت قەشقىرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنى قويىدىغان ئورۇن تاپالماي قالمامدۇ!؟

— دەلىللەر ئالدىدا بەرىبىر ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ!...

تالىپلار تەرەپ - تەرەپتىن پىكىر بايان قىلىشىپ، ئۇ- زۇنغىچە تەسىرات ۋە ھېسسىيات سۆزلەشتى.

بىلىم - ئىقتىدار ئىگىسى، نادىر ئەسەرلەر ساھىبى، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ئەنە شۇ تەقلىدتە كەڭ جامائەت ۋە تالىپلار قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ۋە ئىپتىخارغا ئايلانغانىدى.



AltunOq

## ئىككىنچى باب

## سالام، قەشقەر!

باغرىڭغا ئىنتىلدىم ئەي ئانا ۋەتەن،
قوينۇڭدا ياشاشقا باستىممەن قەدەم.
ئۈمىدىم بولغاندا خەلقىم بىلىملىك،
تۈگەيدۇ قەلبىمدە ھەسرەتتۇ ئەلەم.

— ئەلغازى

سالام ساڭا، ئەزىزانە قەشقەر!
سالام ساڭا، ئەي سۆيۈملۈك دىيارى قەشقەر!
ناتىۋان ئوغلۇڭ سېنى جاندىن سېغىنىپ، پىراقىڭدا ئۆر-
تىنىپ، يىلاندەك تولغىنىپ كەلدى!...

ھەج تاۋاب ئاداسىدىن سۇڭ،قاھىرە، ئىستانبول، قازان،
ئوفا، بۇخارا، ئالمۇتا، تاشكەنت... يەنە نۇرغۇن شەھەر-
يۇرتلارنى زىيارەت ھەم ساياھەت قىلىپ، غۇلجا ئارقىلىق ئۆز
يۇرتىغا قايتقان ھاجى ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس،



قەشقەرى گەندىنىڭ قىينىسى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى قەشقەرگە — شەھەر بوسۇغىسى قورغان — كىرەمباغ جەبھەسىگە كەلگەندە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى — دە، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەيتتى، يۇرتىنىڭ مۇگەنتەر خۇش ھاۋاسىغا تويۇنماستىن چوڭقۇر — چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئەتراپلارغا ئوتلۇق نەزەر تاشلايتتى.

ئەنە، ئۇنىڭ ئالدىدا قەشقەرنىڭ شېرىن جېنى، ھاياتى قېنى ھېساپلىنىدىغان تارىخىي قەدىناس تۈمەن دەرياسى، قۇياش نۇرىدا بەرق ئۇرۇپ، كۈمۈش تاسمىدەك پارقىراپ راۋان ئاقماقتا. مىڭ يىل، ئون مىڭ يىل، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق دەريا ئۆمرىنىڭ جانلىق شاھىتى بولغان دەريا ئاقىنى گويا چوڭقۇر قىزىلما قۇرۇلۇشىدەك ئاجايىپ ۋە غارايىپ كۆرۈنسە، ئىككى تەرەپ ياداغلىقلارنىڭ ئەگرى — توقاي تۇمشۇقلىرى خۇددى دەريا بويىدىكى ئوت — چۆپلۈكلەر ئىچىدىن دەرياغا قارىتىپ چۆكتۈرۈپ قويغان نارتۈگىلەردەك قىزىقارلىق كۆرۈنەتتى.

دەريا ئاقىنى ئېقىمەيگەن چوڭقۇر، ئېمىدىنگەن كەڭرى — ھەتتا قورغان ياكى جان قورغان ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا، قانچە ئون مېتىر تۆۋەن كۆرۈنىدىغان دەريا كانتىكى ئۆز چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئۇنىڭ كەڭلىكىمۇ ئېقىن ئىچىدە بەرپا قىلىنغان قويۇق مەھەللىلەر، باغۋەيلىلەر، تۈگمەنلەر، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنى ئېھسۇ ھەيران قالدۇراتتى.

بۇ قەدەر چوڭقۇر ۋە كەڭرى دەريا ئاقىنى، بۇ نەقەدەر

كۆپ باغ ـ ئېتىزلارنى بەرپا قىلىشتىكى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھېگمەت ـ مۇھەببەت زادى نېمە؟ ـ ئابدۇقادىر داموللا ئويلىنىپ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلاتتى: بۇ بىر دەملىك ياكى بىر قانچە يىللىق مېھنەت مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن تارىخىي ئەسىرلەرنىڭ ئەمگەك مەھسۇلى. يەر مۆئەككىلى ھېسابلانغان دەريا سۈيى تارىخىي زامانلاردا بەلكى تۇپراقنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىنى باغ ـ باغ قىلىپ سۆيۈپ يالاپ ئاققان بولغىدى! يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ دەريا يەر يىرتىپ، تەبىئەتنىڭ گىگانت ھەرىسىدەك تىنماي ھەرىدەپ، تەلۋىلەرچە يار چېقىپ، قىرغاق سوقۇپ ئاندىن كىشىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى يەتمىگۈدەك بۈگۈنكى كەڭ ھەم چوڭقۇر دەريا قىنىنى ھاسىل قىلغان ئەمەسمۇ! بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ قۇدرەت، نېمىدېگەن چوڭقۇر مۇھەببەت ـ ھە! ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن تارىخىي ئەسىرلەرنىڭ قۇدرەتلىك ئەجرى سىڭمىگەن بولسا، بۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېقىن پەيدا بولمىغان، دەريامۇ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تا بۈگۈنگىچە قەدەر راۋان ئاقمىغان بولاتتى!

ئاھ تۇمەن، ھايات بۇلىقى قۇرۇماس، مېھىر ـ شەپقىتى ئۈزۈلمەس تۇمەن دەرياسى! سېنىڭ شۇقەدەر چوڭقۇر، پۈتمەس ـ تۈگىمەس مېھىر ـ مۇھەببىتىڭ، ۋاپا ئەقىدىلىرىڭگە جاۋابەن ئىنسان بالىلىرىمۇ جىم ياتقىنى يوق. ئۇلار سېنىڭ باغرىڭدا ئەسىرلەر بويى زەم ـ زەم سۇلىرىڭنى ئوتلاپ، يۈرىكىگە دەرمان ئېلىپ تىنىمسىز مېھنەت قىلدى، تەر تۆكتى. سېنىڭ قىسمىتىڭ، سېنىڭ خىسلىتىڭگە تايىنىپ بوز ئېچىپ يەر تىرىدى. سېنىڭ باغرىڭدا سەرمەن ـ شامالباغ، قورغان ـ نە-

زەربـاغ، دۆڭباغ ـ دۆلەتباغ يەنە قانداق سان ـ سانـاقسىز مەھەللە ـ كەنتلەرنى، مېۋىزار باغلارنى بەرپا قىلىپ،ھۆسنىڭگە ھۆسن قوشتى. تـاجىڭغا ئـۇقـا، لىباسىڭغا زەر چىلتەك تا ـ قىدى. باغلاردا ئەتىر ـ رەيھان كۆكلىتىپ، پۈتـۈن ۋاداكنى يېقىملىق خۇش پۇراقلارغا تولدۇردى. بۇ نېمىدېگەن چـوڭقۇر مۇھەببەت، نېمىدېگـەن ئۇلۇغ ئەمگەك ـ ھە! ئەزىزانە قەشـ قەرنىڭ بۈگۈنكى مىسلى جەننەتتەك ھـۆسن ـ جامالى ئـۇلۇغ تەبىئەت ۋە ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مۇھەببىتى، ئورتـاق ئىجادىي مېھنەتلىرىنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە! بۇ نېمىدېگـەن ئۇلۇغ تۆھپە، نېمىدېگەن ئۇلۇغ يادىكارلىق ـ ھە! ئەگەرشۇنـ داق بولمىسا، بۈگۈنكى قەشقەر قانداق شەكىللەنسۇن!

دەريا سۈيىنىڭ كۈمۈش ئېقىنىغا قاراپ چوڭقۇر خىيال سۈرگەن ئابدۇقادىر داموللا بىر هازادىن كېيىن بېشىنى كـۆ ـ تۈرۈپ ئـالدىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆز نۇرى شەھەرنى خۇددى ئەجدىهادەك ئوراپ ياتقان قىلىن ۋە ئېگىز سېپىل تاملىرىغا «جاق» قىلىپ ئۇرۇلدى ـ دە، داموللىنىڭ كـۆزلىرىدىن ئـوت چاقناپ كەتكەندەك بـولۇپ، «لەنــەت» دەپ قـاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى. كەكە ساقىلى غەزەپتىن دىر ـ دىر تىترەيتتى:

ـــ سەن ئەجدىها، سەن بوغما يىلان! سەن قان ئىچكۈـ چى يالماۋۇز، بېشىمىزغا چۈشكەن ئاپــەت، شـەنىمىزگە داغ، تارىخىمىزغا نۇقسان!

هىجرەتتە زىيارەتكە بېرىـپ كەلگەن داموللامدەك ھۆر پىكىرلىك، پـەزلۇ كـامالەتلىك ئادەملەرگە ئوتتۇرا ئـەسىر ـ نىڭ ھېسار قورغانچىلىق نۇسخىلىرىنىڭ قالدۇق سـاقىندىلىرى ـ دىن بولغان بۇ سېپىل تاملىرىنىڭ شەھەرنى بوغـۇپ، مـۆمىن

بەندىلەرنىڭ قېنىنى شوراپ ياتقان بوغما يىلاندەك كۆرۈنۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ئەنە يارباغ دەرۋازىسى، تۆشۈك دەرۋازا، قۇم دەرۋازا، قارقى دەرۋازا، نورىبىشى دەرۋازا، يۇملاق شەھەرنىڭ ئىككى دەرۋازىسى، ھەر بىرى ئەجدىھانىڭ قاپتەك ئېچىلغان ياۋۇز ئاغزى ۋە ياكى يەتتە دەرۋازا يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە ئاغزى ئەمەسمۇ! بۇ دەرۋازىلار ھەر كۈنى مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئادەملەرنى، ئات-ئۇلاغ، مال-ۋارانلارنى ئۇتۇنچى، بىدىچى، سامانچىلارنى، غەللە-پاراق قويغۇچىلارنى، بۇغداي-قوناق، تۇز، كۆرۈچ ساتقۇچىلارنى، ئۆرۈك، شاپتۇل، قوغۇن، تاۋۇز ساتقۇچىلارنى، تۈرلۈك ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنى ئۆزىگە دەم تارتىپ يۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۆشىنى چايناپ، ئۇستىخىنىنى بوغۇزىدىن پۇرقۇپ، سۆيىنى شوراپ شۆپۈك قىلىپ چىقىرىپ تۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق تەقدىر-ھە!

ھاياتلىق ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئىمكان ئىچىدىكى چەكلىك تەقدىر يولىدا ئىختىيارسىز ئۆلۈم مەنزىلىگە كېتىۋاتقان كارۋان، ئېھتىياج ۋە موھتاجلىقنىڭ دەشت-باياۋانلىرىدا ساما سېلىپ چۆگىلەۋاتقان دەرۋىش، شۇڭا بۈگۈن بۇ سېپىل ئۇنىڭلارنىڭ قېنىنى شوراپ، ئۇستىخانلىرىنى بوغۇزىدىن پۇرقۇپ چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەتىسى يەنە ئۇنىڭكى سېپىل دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىپ تۇرىدۇ. ئېھتىياج ماللارنى قۇشخانىغا قانداق ھەيدەپ بارغان بولسا، موھتاجلىقمۇ ئادەملەرنى شەھەرگە شۇنداق ھەيدەپ كېلىدۇ. بۇ ئېھتىياج بىلەن موھتاجلىق دەشتىدە ساما سېلىپ چۆگىلەش بولماي نېمە!

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەسلىدە قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن دەھـ
شەتلىك تەقدىر ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ، قورقۇنچلۇق
سېزىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، سېپىلدىن ئىبارەت بۇ
قورقۇنچلۇق قانخور ئەجدىھامۇ قورقۇنچلۇق سېزىلمەيدىغان
بولۇپ قالغان! بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك يەنە قانداق يېرى
بولسۇن!

كېرەمباغ ئالدىدا ھاجى قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق قارـ
شى ئېلىشقا چىققان بىر توپ خەلق ئابدۇقادىر داموللامغا
تەلپۈنۈپ بېرىپ كۆرۈشتى. بەزەنلەر قۇچاقلىشىپ، بەزەنلەر
قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، بەزەنلەر تاۋاپ قىلاتتى. بۇ يەرگە
قانچە كۈنلەردىن بۇيان، داموللامنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تېـ
پىپ، يولىغا قاراپ ئىنتىزار بولغان داموللا ـ مۇدەررىسلەر،
خەلپەت ـ تالىپلار، شەھەر بايلىرى، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەن ـ
كاسىپلار، ئادىمىگە ئەمەس، ئىلمىگە ھۆرمەت قىلىشنى بىلـ
دىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توپلانغانىدى.

خەلق توپى داموللامنى ئورىۋېلىشتى. كېيىن جۇشقۇنـ
لۇق دېڭىزدەك چايقىلىپ شەھەرتەرەپكە ئاقتى. يارباغ دەرـ
ۋازىسىغا كەلگۈچە قارشى ئالغۇچىلار توپى تېخىمۇ چوڭايدى،
قول ئېلىشىپكۆرۈشمىز، تاۋاپقىلىمىز دېگۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكـ
دىن ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىگىلى بولمايتتى، ئەنجان رەستىسـ
دىن ئۆتۈپ ھېيتكا مەيدانىغا يەتكەندە، خەلق توپى چوڭ دېـ
ڭىزغا ئايلانغان، مەيداننى شاۋقۇن قاپلىغانىدى.

ھەيۋەتلىك ھېيتكا جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىـ
دىكى پەلەمپەيلىك سۇپىدا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئۇستازى،
شەيخۇل ئۇلىما دەپ نام ئالغان موللا ئىسلام داموللا ئىنتـ

زارلىق بىلەن توپ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يان - يېقىدا ئوبۇلقاسىم داموللا، موللا ئابدۇغوپۇر داموللا قاتارلىق بىرمۇنچە ئۆلىما ئەشرەپلەر قاتار تۇراتتى. شۇ قاتاردا يەنە قەشقەرنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان ھەمراھباي قاتارلىق ئاتاقلىق چوڭ - چوڭ بايلارمۇ قارىشىپ تۇراتتى. قىزغىن كۆرۈشۈشلەر بىرقانچە دەقىقە داۋام قىلغاندىن كېيىن، تەكبىر ئوقۇلۇپ جامە ئىچىگە كىرىشتى.

ئون مىڭدىن ئارتۇق نامازخان سىغىدىغان جامە سەيناسى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. داموللامغا بويلاپ قارىغان خەلق توپى خۇددى باھار شامىلىدا يېنىك چايقىلىۋاتقان كۆل سۇيىدەك مەيىن دولقۇنلىناتتى.

تەكلىپ ۋە تەلەپكە بىنائەن، ئابدۇقادىر داموللا ئېگىزرەك سۇپىغا چىقىپ جامائەت بىلەن دىدارلاشتى. داموللام كەمتەرلىك بىلەن كەڭ جامائەتكە سالام بەرگەندە، جامائەتمۇ «ئەلەيك» ئېلىپ سالام قايتۇردى. ئادەم بەك كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ چاغدىكى ئاۋاز خۇددى يەر تەۋرىگەندەك، يەر تېگىدىن دۈرۈلدەپ پۈتۈن سەينانى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى.

داموللام نۇتۇق سۆزلىدى. سۆز ئالدىدا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ھەدىس شەرىپ، قۇرئانى مەجىتتىن بىر مۇنچە ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇستازلار، ۋەتەنداشلار، قېرىنداشلار!... — دېدى ئۇ ئەتراپقا تەكشى نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ ھاياجاندىن تىترىگەن ئاۋازى تەسىرلىك جاراڭلايتتى، — كەمىنە نالايىق ئوغلانلىرى ئەزىزانە يۇرتۇمنىڭ، ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ بۈگۈن ماڭا كۆرسەت-

كەن داغدۇغىلىق تەنتەنە ۋە دەبدەبىلىك ئىززەت ـ ئىكراملى ـ
رى ئالدىدا ناھايىتى ۋە بىناھايىتى قاتتىق خىجالـەت چەك ـ
مەكتە. چۈنكى، ناقەسلىكىم كۆپ،ھالا بۇگۈنگە كەلگۈچە ۋەتەن،
خەلقىم ئۈچۈن ئەرزىگۈدەك بىرەر خىزمەت كۆرسىتەلىگىنىم يوق،
ئەمما بۇ قېتىم قايتىپ كېلىشتە ۋەتىنىم، خەلقىم جىددىـي تە ـ
لەپ قىلىۋاتقان بىر مۇۋەپپەقىيەت ئالغاچ كەلدىـم. مـەن شۇ
مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ھەرقايسىلىرىنى تەبرىكلىمەكچىمەن!
خەلق دېڭىزى يېنىك چايقىلىپ گۈرۈلدەشكە باشلـىدى.
داموللام سۆزىنىڭ داۋامىنى باشلاش بىلەن تـەڭ گۈرۈلـدەش
شاپپىدە توختاپ، تىنىق كۆل سۈيىدەك تىنچ ھالەتكە كىردى.
داموللام داۋام قىلدى:
ـ ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگ ـ
رى «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇش دەھرى» دەيدىغـان
بىمەنە، ئۆكتە پەتىۋا ئاستىدا ۋەتەندىن كەتكەن بولسـام، بۇ
قېتىم بۇخارادىكى ئۇلۇغ ئۇستازلار ۋە ئۆلىمالاردىن «ئۇسۇلـى
جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دەيدىغان ئادىل پەتـىۋا
ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. مىڭ قەتلە شۈكۈركى، بۇ قېتىـم يـەنە
ئىرادەمدىن قـايتماي، ئـاۋۋالقـى مەسلىكىمدە چىڭ تـۇرۇپ،
خەلقىمىزنى ئويغىتىش، خەلقىمىزگە مەرىپەت ۋە مەنىپەئەت بې ـ
رىشتىن ئىبـارەت توغـرا كەسپىنى قەتئىي داۋام قىلماقچـى ـ
مەن. قېرىنداشلار، بـۇ قېتىمقـى ھىجرەت سەپىرىمـدە باشقـا
يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئـۆز يۇرتۇمغا قىياسەن سېلىش ـ
تۇرۇپ، ئاسمان ـ زېمىن پـەرق بـارلىقىنى تـونۇپ كـەلدىم.
باشقا ئەللەردە كاتتا ئويغىنىشلار بولدى. زىـرائەت ۋە سانا ـ
ئەتتە كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ھـالا بىز بـولساق، نادانلىق،

جاھالەت ئۈيقۇسىدا ياتماقتىمىز. بىز قاچانغىچە ياتىمىز؟ قېرىنداشلار، ئۈيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، ئەگەر ئۈيقۇ-مىزنى ئېچىپ، ھوشىمىزنى تاپمايدىغان بولساق، ھالىمىز خاراب بولۇر!... ئىستىقبالىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماس!... ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، بىز بارغانچە پارچىلانماقتىمىز، يىمىرىلمەكتىمىز، ئارىمىزدىن ئىتتىپاق كۆتۈرۈلدى، نىيەتلەر بۇزۇلدى. قېرىنداشلار ئۆز ئارا ئارازلىشىپ، يات كىشىلەر-دەك ئۆتمەكتە. بىر - بىرىمىزنىڭ زاۋالىنى تىلەپ، كىم ئۆلسە، كىم ۋەيران بولسا، ئۇنىڭ ئۆي - ھويلىسىنى، تەئەللۇقاتلىرىنى سېتىۋالسام دېيىشىپ، بەس - بەس بىلەن پۇل توپلاشماقتى-مىز. بىر - بىرىمىزگە زاۋاللىق، ۋەيرانلىق تىلەش تەنەز-زۇلنىڭ بېشارىتى. ئىنساپ، دىيانەتتىن چەتلىگەن بۇ خىل پاسىق خىياللار بىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، پۈتۈن ھەرىكەتلىرىمىز ئاشۇ پاسىق خىياللارغا بەند بولۇپ، ئومۇمىي غەم، ئومۇمىي مىللەت، ئومۇمىي ئىسلامىيەت غېمىنى ئەستىن چىقار-ماقتىمىز. ئاسارەت كىشەنلىرىدىن نىجاتلىق تېپىش ئەندىشىلە-رى ئەس - يادىمىزدىن كۆتۈرۈلمەكتە. قېرىنداشلار، بىزدە يەنە بىر ئالۋاستى باركى، بۇ ئالۋاستى مەن «پالانى»، مەن «پۇستانى» باي ئەۋلادى، قازى كالان پۇشتى، شەيخ زادە، ۋەلىزادە دەپ كېلىپ، بىزنى توخۇ دان چاچقاندەك چېچىپ تاشلاپ، ئىستىبداتقا قول قىلىپ بەرمەكتە. نەتىجىدە، بىز ھازىر ئۆز بېشىمىزدا ئۆزىمىز ياغاق چېقىپ، مېغىزىنى زالىملارغا يېگۈزىدىغان، ئۆز گۆشىمىزنى ئۆز يېغىمىزدا قورۇپ، قازان كاۋاپ بىلەن ئىستىبداتچىلارنى باقىدىغان بىچارە ساھىبخانىغا ئايلىنىپ قالدۇقكى، بۇنى چۈشىنىدىغان ئەقىل -


AltunOq

پاراسەتلىرىمىز خىرەلەشمەكتە. قىرىنداشلار، ئۆزىمىزنىڭ بىچارە ھالىمىزغا ئاغرىنايلى، ئىچ ئاغرىتايلى!... — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ ئاممىغا مەيۈسانە نەزەر تاشلىۋالغاندىن كېيىن، بىردىنلا غەزەپ تۈسىگە كىلىپ داۋام قىلدى، — قىرىنداشلار، بىزدە يەنە مەھەللىۋازلىق، يۇرتۋازلىق دەيدىغان يەنە بىر ئالۋاستى بار، بۇ ئالۋاستى بىزنى قەشقەرلىق، ئاتۇشلۇق، تۇپاللىق، شاپتۇللۇق دەپ يۇرت ـ مەھەللىلەرگە ئايرىپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىت ئورنىدا تالاش-تارتىشقا سالماقتا. بىز ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشساق، مۇخالىپەتچىلەر، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار شۇ قەدەر خۇش بولىدۇكى، ئارازلىقلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىزنى تېخىمۇ چىڭ بوغۇپ تاشلاپ، قىمىر قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆز يېغىمىزدا ئۆز گۆشىمىزنى قورۇپ يەپ، ئۆزلىرىنى سەمرىتىدۇ.

قىرىنداشلار، بۇ ئىللەتلىرىمىز يەنە شۇ نادانلىق ۋە مەرىپەتسىزلىكىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بىز بۇ ئىللەتلەرنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ۋاقتىدا قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ يېگانە يولى مەرىپەت ۋە ئىسلاھاتتۇر. ئاللا بىزنى مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزسۇن، ئامىن!...

ئەتىسىدىن باشلاپ قەشقەر ئادىتى بويىچە، كۆرۈشۈشلەر، سالام بېرىپ ھاردۇق سوراشلار، زىياپەت ـ مېھماندارچىلىقلار باشلاندى. زىياپەتكە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئادەمنىڭ، كۆپلۈكىدە داموللامنىڭ ئىشىك ئالدى ۋە ھويلا ئىچى بىر قانچە كۈنگىچە گۈزەردەك قىزىپ كەتتى. ئاممىنىڭ بۇ قىز-غىنلىقى دامولامنىڭ ھۆرمىتى، شەرىپى قانچىلىك ئىكەنلىـ

كىنى شايه قىلاتتى. زىياپەت ـ مېھماندارچىلىقلارمۇ شۇنداق
زىچ بولدى. كۈنىگە كەم بولغانىدا ئىككى ـ ئۈچ يەرگە
بېرىشقا توغرا كېلەتتى. مەشھۇر باغلارغا ئۇيۇشتۇرۇلغان بەزمە ـ
لەرگە، ئايۋانلىق، ئاسنى ـ ئۈستى تاختايلىق، تام ـ تورۇسلىرى
تۈرلۈك گۈل ـ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئازادە مېھمانخانى ـ
لاردا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەرگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. سا ـ
ھىبخانلارنىڭ مەپىلىرى نۆۋەت بىلەن داموللامنىڭ ئىشىكىگە
تاقىلىپ تۇراتتى. قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى زىياپەتچىلىكىدىكى
باياشات چوڭ داستىخانلار، ئۇنىڭغا تىزىلغان تۈرلۈك مېۋە ـ
چېۋە، ھەر خىل نازۇ ـ نېمەتلەر، چېكىدىن ئاشقان سىپاگەرچىلىك ـ
لەر، ئىززەت ـ ئىكراملار، ئەقلىنى لال قىلغۇدەك خۇش ـ خۇشلار...
قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلىشلار... ۋە باشقا رەسىم روسۇماتلار...
كىشىنى قايمۇقتۇراتتى. بۇ ئىشلارغا ئەگەر ھەرقانداق مېھمان
ھوشيار تۇرمايدىغان بولسا، ئاسانلا خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزى ـ
نى تۇتۇۋالالماي قالاتتى ـ دە، قەشقەر نەزەرىدە ئىززىتىنى بىل ـ
مىگەن، ئابروي كۆتۈرەلمىگەن ناباب مېھمانغا ئايلىنىپ
قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەگەر راستتىن شۇنداق بولۇپ قالغان
ھەرقانداق مېھمان ناھايىتى چاپسانلا قەشقەر خەلقىنىڭ
نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتەتتى ـ دە، ئۇڭايلا قارشى ئېلىنماي ـ
دىغان كىشىگە ئايلىنىپ قالاتتى، لېكىن ئابدۇقادىر داموللا
ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى
بىلەتتى، كەمتەر ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەل نەزەرىدىن چۈشمىدى،
بەلكى بارغانچە ھۆرمەت تاپتى.

داموللامنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت ـ ئولتۇرۇش ـ
لاردا كىتاب ئوقۇلۇپ، مەسەل قىلىناتتى. ئوقۇلغان ئىبارەت ـ

لەرگە داموللام مەنە ئېيتاتتى، مەسەلە يېشەتتى. داموللام شۇقەدەر ناتىق ئىدىكى، قىزىپ كەتكەندە قولىدىكى چاينى، ئالدىدىكى تائامنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. بەزىدە بۇرغىسى تۇتقان نار تۆگىدەك ئاغزىدىن كۆپۈكلەر قاينايتتى. بەزىدە بۇلبۇلدەك خۇش ناۋا سايراپ ھەممىنى مەست ـ مۇستەغرەق قىلاتتى. داموللام مەنە ئېيتقاندا، كىتابىي سۆزلەرگىلا ئېسىلىۋالماستىن، ئەنئەنىۋى چەمبىرەكلەرنى (رامكىنى) بۇزۇپ چىقىپ، جاھان تەرەققىياتىدىن، رېئال ھاياتتىن، ھازىرقى زاماندىن، بۈگۈنكى تۇرمۇشتىن، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشلاردىن ئەمەلىي مىساللار ئېلىپ، قىلنى قىرىققا يېرىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى. قالاقلىق، خۇراپاتلىق ۋە باشقا نۇقسان، ئىللەتلەرنى ئەسكى مازنى تىتقاندەك تىتىپ تاشلاپ، ئىسلاھات، مەرىپەت، تەرەققىياتنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلاتتى. خۇلاسە پىكىرلەرنى خۇددى تومۇردىن ئۇرۇلغان ئوكۇلدەك نەق جايىغا تەگكۈزۈپ، ئۈنۈملۈك مەنپەئەت بېرەتتى. داموللامنىڭ مۇتالىئەسىگە داخىل بولغان ھەرقانداق كىشى ــ ئۆلىما ئەشرەپلەرمۇ، زىيالىيلارمۇ، دېھقان ـ كاسىپلارمۇ مۇئەييەن مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ، رازى بولغان ھالدا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇشاتتى.

بارماقنىڭ كەلمىسكى بار دېگەندەك، داموللامۇ ئۇستازلارنى، داموللا ـ مۇدەررىسلەرنى، بايلارنى، تىتەي ـ شىتەيلەرنى① يوقلاپ، سۆز ـ سۆھبەتلەر ئۆتكۈزدى....

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى. چاشكا ۋاقتى بولغان چاغ، ئابدۇقادىر داموللا بىر قانچە داموللا ـ خەلپەتلەرنىڭ ھەمراھ-

① تىتەي ـ شىتەي ــ شۇ زامانىدىكى ۋالى ـ ئامباللىرى.

لىقىدا، ھەمراھباينىڭ شەھەر ئىچىدىكى ھويلىسىغا كەلدى. بەختكە يارىشا، باي ئۆيدە بار ئىدى. ھويلا خىزمەتكارى خەۋەر قىلغىلى كىرىپ كەتتى.

ھەمراھباي قەشقەر بويىچە كاتتا باي ئىدى. شەھەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، تىتەي ـ شىتەي، ئامبال ـ بەگلەردىن تارتىپ، قازى ـ قۇززات، داموللا، مۇدەررىس، ئىشان ـ شەيخلەرگىچە ھەممىنى ئالقىنىدا ئويىنىتىپ كېلىۋاتقان مۇنداق كاتتا باينىڭ ئۆيىگە پاتىھە قىلماي بولاتتىمۇ! ئەدەب ـ قائىدە يۈزىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، پاتىھە قىلىش زۆرۈر ئىدى، چۈنكى بۇ زەردار باي ئابدۇقادىر داموللا كەلگەن كۈنى قارشى ئېلىپ، ھېيتكادا قازى ـ قۇززاتلار قاتارىدا تۇرغان ئەمەسمىدى! شۇنىڭ ياندۇرۇقىغا بولسىمۇ پاتىھەگە بېرىپ قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك ئابدۇقادىر داموللا ھەمراھباينىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ قويۇشنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ ھېسابلايتتى، چۈنكى بۇ ئادەم پۈتۈن قەشقەر بويىچە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

ھويلا خىزمەتكارى خەۋەر ئاچىققاندىن كېيىن، «خۇش، مەرھەمەت!» دېدى ـ دە، قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ ھويلىغا تەكلىپ قىلدى.

ھويلا كىچىكرەك بولسىمۇ، قۇرۇلۇشى پۇززۇر ھەم كۆركەملىك ئىدى. سارايغا تۇتاشقان غەربىي تامدىن باشقا، ئۈچ تەرەپكە ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ، پۈتۈنلەي ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلەر پۇززۇرلۇقى، يىغىنچاقلىقى، كۆركەملىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

قۇرۇلۇشىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى زىچلاپ سېلىنغان ئىسكىلات ۋە
خىزمەتكارلار ئولتۇرىدىغان كىچىك ئۆيلەردىن ئىبارەت ئىدى.
ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مېھمانخانا ئۆيلەرنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي
تاختاي بولۇپ، ئۈستى ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىلغانىدى. ئىك-
كى مېتر كەڭلىكتىكى ئايلانما پېشايۋانىڭمۇ ئاستى تاختاي،
ئۈستى ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىلغان بولۇپ، ئۆلچەملىك ئون تال
تۈۋرۈككە قوندۇرۇلغانىدى. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستى تەرىپى نە-
قىشلىك ئەگمە، ئاستى تەرىپى گۈللۈك تارغاق(رېشاتكا)لار بىر-
لەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى.

ئۈچ دەھلىز، ئالتە ئېغىز مېھمانخانىدىن تەركىب تاپ-
قان ئۈستى قەۋەت ئۆيلەرنىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى
ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ھەربىر دەھلىز ئۆيدىن
ئوڭ ۋە سولغا قايرىلىپ، قوش قاناتلىق ئىشىكلەر ئارقىلىق چوڭ
ئىككى مېھمانخانىغا كىرگىلى بولاتتى. ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي
گەج سۇۋاق بولۇپ، سارغۇچ ناۋات رەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. تامنىڭ
سەرراپ دەپ ئاتىلىدىغان يۇقىرى قىسمى مۇۋاپىق كەڭلىكتە
ئىككى تەرەپكە داۋاملىشىدىغان كۆپتۈرمە نەقىشلەر بىلەن
زىننەتلەنگەنىدى. ھەربىر ئۆيدە ئىككىدىن يوغان دېرىزە،
بىردىن قوش قاناتلىق ئىشىك بولۇپ، ئوچۇق ھاۋا رەڭدە سىر-
لانغانىدى. ئىككىلا يۈزى ھاۋا رەڭ سىرلانغان دېرىزە قاپ-
قاقلىرىنىڭ ئىچ ۋە سىرت يۈزىگە ئوچۇق رەڭدار قىلىپ سۆگەت-
گۈل سىزىلغانىدى. قاپقاق ئېچىلسىمۇ، يېپىلسىمۇ بۇ سۆگەت-
گۈللەر خۇددى راست گۈلدەكلا چاقناپ، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرات-
تى. ئومۇمەن، ھويلىنىڭ شەكلى تۈزۈلۈشى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى
ياغاچ ئويما، گەج قاپارتما نەقىشلەرنىڭ نەپىسلىكى جەھەتتە



Altun0q

بولسۇن، ئۇيغۇر مىمارچىلىقىنىڭ گۈزەل سىماسىنى نامايان قى-
لىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. تارغاقچا تىزىلغان ئاتەشتەك
گۈللەر — قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، ئانارگۈل، قوغۇنگۈل، يەنە
ئاللىقانداق رەڭدار گۈللەر ھويلا سىماسىغا ئالاھىدە ھۆسن
قوشۇپ تۇراتتى.

مېھمانلار پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىق-
تى. قەپەستىكى شاتۇتلار «مېھمان كەلدى... مېھمان كەلدى»
دەپ سايراشتى. تىنىق سۇدەك جىمجىت ھويلا ئۈچى شاتۇتلار-
نىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدا جانان چىنىدەك جاراڭلاپ كەتكەندى.
مېھمانلار ھەيران بولغان تەرزدە شاتۇتلارغا قاراشتى. ھەربىر
كىشىنىڭ كاللىسىدا «شاھانە قەسىر» دەيدىغان بىر تۇيغۇ
خۇددى چېقىندەك چاقناپ ئۆتتى.

شىمالىي تامدىكى مېھمانخانىدىن قەسىر ئىگىسى ھەمراھباي
كۆرۈندى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ مېھمانلارنى كۆرۈپلا ئالدىراپ -
تېنەپ پېشايۋانغا چىقتى. خۇددى ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسى-
تىشنىڭ قايسىبىر خىلىنى قوللىنىشنى تاپالماي ھولۇققان
ئارتىستەك تەمتىرەپ، كەكلىكتەك يورغىلاپ كېلىپ ئەزىز مېھ-
مانلارنى قارشى ئالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم داموللام، قەدەملىرىگە مۇبا-
رەك! — دېدى ئۇ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمىغان قىياپەتتە
قىزغىن كۆرۈشۈپ، لېكىن كۆزلىرىدىن تەكەللۇپنىڭ يالغان -
ساختىلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ باشقا مېھمانلار بىلەن
قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان چاغدىمۇ كۆزلىرى بىلەن
داموللامغا قاراپ، — مەن تېخى، داموللا ئابدۇقادىرنىڭ
مۇبارەك قەدىمى بىز تەرەپكە يەتمەيدىغان بولدى، دەپ تۇراتـ

تىم، يىتىدىكەن ـ ھە! يىتىدىكەن! ... ــ دەپ تەنە قىلدى.

ــ نىمە دېگەنلىرى ئۇ! ــ دېدى داموللا سەزگۈرلۈك بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە بايىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، ــ چانابلىرىنى زىيارەت قىلماسلىقىا كۆڭلىمىزغۇ ئۇنىماس، ھەددىمىزمۇ ئەمەس ـ دە!

بۇ سۆزگە بايمۇ، باشقا مېھمانلارمۇ يېنىك كۈلۈشتى. ئاگغىچە مېھمانلار كەشلىرىنى سىرتقا قالدۇرۇپ مېھمانخانىغا كىردى. بىرلا پارچە ئىران نۇسخا گىلەم سېلىنغان، تام ياقىلىتىپ بەقەسەم كۆرپىلەر تاشلانغان ئازادە مېھمانخانا دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقتا مىسلى بىر چىمەنزاردەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ــ خۇش، يۇقىرىراق ئۆتۈشسىلە!

ھەمراھباي گەرچە ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قالقان كۆتۈرۈپ، نەيزىگە تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن، ئاخىرقى سۆزىدە «ھەددىمىز ئەمەس» دەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، دەرمەھەل جاۋاب بېرىشنى خالىمىغاندەك ئىززەت كۆرسىتىش بىلەن بولۇپ خېلى ۋاقىتنى ئالدى. مېھمانلار بەقەسەم كۆرپىلەر ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال سوراشتى. شۇ ئەسنادا باي بىرئاز ئويلىنىپ تەييارلىق كۆرۈۋالغاندىن كېيىن سۆز ئاچتى:

ــ سىلەر دېگەن ئالىم ئادەم، بىزنىڭ خانىلىرىمىزغا قەدەمتەشرىپ قىلىشلىرى ئاسان ئىشلاردىن ئەمەس، ھەممە ئادەم ئالىمنىڭ خىزمىتىدە بولساق، دەپ پۇرسەت تالىشىۋاتقان قىزىق بازاردا ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس! ــ دېدى ئۇ

مۇلايىملىق بىلەن يۇمشاق سۆزلەپ.

— ئارتۇق كەتتى، ئازار بولدى! — دېدى داموللا كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ، — مۇبالىغە چېكىدىن ئاشقاندا مۇزەممەتكە ئايلىنارمىكىن، تەقسىر!

خىزمەتكار چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ سۆزنىڭ بېلىگە تەپتى (باينىڭ ئۆيىدە مەزە تىزىلغان داستىخان دائىم تەييار تۇراتتى). خىزمەتكار چاي قۇيۇپ، ھەربىر مېھمانغا پەتنۇس بىلەن چاي ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

— خۇش، مەرھەممەت! — دېدى باي مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن ئۆز كۆڭلىگە خىلاپ ھالدا كۈلۈمسىرەپ مېھمانلارغا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى، — داموللامنىڭ شەھىرىمىزگە قايتىپ كەلگەنلىكى ئاجايىپ چوڭ خۇشاللىق بولدى، مەن بۇنچىلىك زىلزىلە بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىم. نېمىدېگەن داغدۇغا، نېمىدېگەن زىلزىلە بۇ! بۇنىڭ ئىچىدە بىز بىلمىگەن بىر سىر بار، ھەممىمىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق-قۇ! — باي ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك سىنچى كۆزلىرى بىلەن مېھمانلارغا قاراپ چىقتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزى بىرمۇ مېھماننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشالمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر بېقىپ ئولتۇراتتى.

تۆردە ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، ئۇستىخانلىق، كەڭ كۆكرەكلىك، يوغان باش، ئوت كۆزلۈك كەلگەن، بېشىغا چاققانغىنا سەللە ئوراپ، ئاددىي كىيىنگەن ئابدۇقادىر داموللا بىر قارىسا، باينىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك، بىر قارىسا، ئاڭلىغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك قىياپەتتە داستىخاننىڭ بىر بۇرجىسىغا قارىغان بولۇپ يەر بېقىپ

ئولتۇراتتى. داموللامنىڭ ھەمراھلىرىدىن دارازا قامەتلىك، ئوتتۇرائەتلىك، بېدە ساقال، قويۇق قاشلىق، يوغان دەستار ئورىغان پېشقەدەم مۇدەررىس بىلەن ۋىجىك بەدەن، ئۇچلۇق ساقال، كەڭ پېشانىلىك، ئورا كۆز كەلگەن ھاشىم ئىمامىمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. باي گەرچە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئۇچراشتۇرالمىغان بولسىمۇ، قولاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— سەككىز جەننەتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن نەسىبە ئالغان بىزنىڭ ئەزىزانە قەشقەر ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم ئۇغلانلىرى بىلەن پەخىرلىنىشنىمۇ، ئۇلارغا ئىززەت - ھۆرمەت قىلىشنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان كاتتا شەھەر. شەرىئەت - تەرىقەت روناق تاپقان، جامە - مەدرىسلىرى ئۆز يولى بىلەن يۈرۈشلەشكەن، ھۈنەر - سانائەت، سودا - تىجارەت كەسىپلىرى گۈللەنگەن، ئالىم - ئۆلىمالىرى بىلەن ئىپتىخارغا ۋىتلغان بۇ شەھەر بىزنى قانداق قەدىرلىگەن بولسا، بىزمۇ بۇ شەھەرنى شۇنداق قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مانا مەن شۇنداق چۈشەنچىدە. ئەزىز يۇرتۇمنى قەدىرلەيمەن، بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل! شەھەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى دېگەندەك ئۆز يولى، ئۆز يۈرۈشى بىلەن مېڭىشى، تېخىمۇ روناق تېپىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھېچ نەرسەمنى ئاياپ قالمايمەن!

— ھا - ھاي ...، — دېدى داموللا تاقەتسىزلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن باينىڭ كۆزىگە نەيزىدەك تىكىلىپ كىنايىلىك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا داۋام قىلدى، — سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى، دەپ ئۆزىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ ئادەتلەن-

گەن قۇللۇق ئەقىدىلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋالساق، روناق تاپـ
قىلى بولماسمىكىن، تەقسىر! ھەقىقىي روناق تېپىش، گۈللىنىشـ
نىڭ يولى زاماننىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش
كۆرۈشتۇر. شۇنداق قىلىش ۋەتەننى قەدىرلىگەنلىك ۋە ئاقىلانىـ
لىك بولارمىكىن!

ھەمراھباينىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. داموللـ
لامنىڭ «تەقسىر، تەقسىر» دەپ ئۇرغۇلۇق جاراڭلىغان ئۇندەشـ
لىك ئاۋازى خۇددى قۇلاق تۈۋىگە تۇيۇقسىز تەگكەن شاپىلاقتەك
گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئالـ
دىدا ئىككى تەستەك يەپ نەسىھەت ئاڭلاۋاتقان كەپسىز بالـ
نىڭ ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاندەك بىچارە ھېس قىلاتتى. ئۇ مۇنداق
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى مۇتلەق ئويلىمىغانىدى.
ئۇ ھەمىشە سۆزۈمنى ھېچكىم قايرىيالمايدۇ، ھەممە ئادەم شەرتسىز
قوبۇل قىلىپ ماڭا ئەگىشىدۇ، دەپ تەمەننا قىلاتتى، ئەپسۇسـ
كى، بۈگۈن ئابدۇقادىر دېگەن غېرىبىي كېپەن «موللىچاق»
باينىڭ شۇ قەدەر كۆپ دۇنيا دەپنە ۋە تاغدەك زور غۇرۇـ
رىدىن قىرلاپ چىققان تەمەننا قورغىنىنى بىتچىت قىلىپ،
كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئەجەبا، ئۇنىڭغا بۇ جۈرئەت قەيەرـ
دىن كەلگەندۇ! ... شۇ خىياللارنى قىلىپ ئولگۇرگەن باي كۆز
قىرى بىلەن ئۆزىگە قادىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇقادىر «موللىـ
چاق»قا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە گويا ئىلىم ـ
بىلىم قۇۋۋىتىدىن غۇرۇرلۇققا، ھەققانىي تەلەپ ــ ئادالەت
تەقەززاسىدىن جۈرئەتكە تولغان كۈچلۈك بىر سىما كۆرۈنگەنـ
دەك بولدى. غۇرۇرلۇق پەقەت بايلىقتىن، جۈرئەت قارا كۈچـ
تىن پەيدا بولىدۇ، دەپ چۈشىنىپ كەلگەن بۇ باي ھەيران

AltunOq

بولۇپ، ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەيدىغان قاپاقباش بىر مەخـ
لۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلىشقا
باشلىدى. ئەمدى قانداق قىلىش، سۆزنى قەيەردىن باشلاش
كېرەك؟ ئۇ تۈزۈك يول تاپالماي ھودۇقۇپلا قالدى، ئەمما
ئاتتىن چۈشسە ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيتۇ، دېگەندەك، بۇ ئاجىزلىق
ھالەتنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن مېھـ
مانلارنىڭ پىيالىلىرىگە چاي جىقلىغان بولۇپ، ئۆزىنى ئوڭشىـ
ۋېلىشقا تىرىشاتتى. داموللام باشلىق مېھمانلار بولسا، بايدىن
كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى تاماشا
قىلغاچ، چاپسانراق بىر نېمە دېمەمسەن دېگەندەك قىلىپ تە
كىلىپ تۇراتتى.

ھەممىدىن يامىنى سۆزلەش نۆۋىتى ئىدى. نۆۋەت كەلـ
گەنىكەن، بىر نېمە دېيىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۆزىچە شۇ
قەدەر غۇرۇر ۋە ئىززەت ـ نەپسىگە ئىگە باينىڭ بۈگۈن بىر
«موللىچاق»نىڭ ئالدىدا سۆز قىلالماي، گاچىلىشىپ تۇرۇپ
قالغانلىقى كاتتا نومۇس ئەمەسمۇ! ئۇنىڭدىن ئۆلۈم مىڭ ياخـ
شى! بىر نېمە دېيىش كېرەك. نېمىدىن قورقاتتىم! مۇرەككەپ
خىياللار ئىچىدە ئاخىر سۆزلەش قارارىغا كەلگەن باينىڭ
نېپىز لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى، لېكىن ئانچە ھايال بولـ
مايلا، زورمۇ زور كۈلۈمسىرەپ سۆزگە كىرىشتى:

زامانىنىڭ تەقەززاسى، خەلقىنىڭ ئارزۇسى دېگەن سۆزـ
لەر ئاڭلىنىشتا ئوبدان، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىن جەدىتلىك،
دەھرىلىك كېلىپ چىقمىسىلا بولاتتىغۇ!

— شۇمۇ گەپ بولامدۇ! جەدىتلىكنىڭ قورققۇدەك نېمىسى
بار، قېنى! — دېدى داموللا تەئەججۈپلەنگەن ھالدا قاتتىق

ئىتىراز بىلدۈرۈپ.

— قورقىدىغان ھېچيېرىغۇ يوق، — دېدى باي ئوڭاي-سىزلانغان ئەھۋالدا سارغىيىپ - تاتىرىپ، — ئەمما ... نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمۇ بىلمەيمەن، جەدىتلىك، دەھرىلىك دېسىلا ئىمانىم قىرىق گەز ئۆرلەپ، قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرىدۇ.

— جەدىتىزمنى ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، يې-ڭىلىقچى، تەرەققىياتچى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يولنى يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىپ، خەلققە مەرىپەت بېرىدۇ، خەلقنى نادان-لىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ جاھالەتتىن، ئويغىتىدۇ، ئەسىرى سائادەت يولىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەنسەك بۇنىڭدىن مۇنچىۋالا قور-قۇپ، پاراكەندە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، تەقسىر! — دېدى داموللا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرىپ.

— ياق، مېنىڭ دەۋاتقىنىم، — دېدى باي سەل - پەل دۇدۇقلاپ، ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى تىترەيتتى، — مېنىڭ دەي-دىغىنىم، بىزنىڭ قەشقەرنىڭ «سانى بۇخارا» دەپ داڭقى بار، بۇ بىر ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى، مەكتەپ - مەدرىسلىرى كۆپ، ئۇلاردىن مەرىپەت نۇرلىرى يېتەرلىك چېچىلىپ تۇرىدۇ. شۇن-داق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەۋەتلەشنىڭ نېمە لازىمى! ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ، دېگەندەك، تېتىق-سىزلىق بولۇپ قالارمىكىن دەيمەنا!

— مەسىلىنى ئاقىلانە چۈشىنىش كېرەك! — دېدى دا-موللا سەۋرچانلىقنىڭ ئاخىرقى كۈچىگە تايىنىپ. ئۇ ئازراق بولسىمۇ بايغا تەسىر كۆرسىتىشنى كۆزلەپ داۋام قىلدى، — مەسىلەن، قىسقىسى، 15 يىل، ئۇزۇنى 20 يىل مەدرىسە ئوقۇ-غان بىر تالىپنى تۈزۈك بىر پارچە سالام خەت يازالايدۇ يا-

كى دۇكاندا ھېسابات دەپتىرى تۇتالايدۇ، دېيىش قىيىن. مۇ-
شۇنداق قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېڭىچە مەكتەپ-
لەر ئېچىپ، قابىل كاتىپلار، ئۇستا بوغالتىرلارنى يېتىشتۈرۈپ
چىقىش يۇرتىمىزنىڭ ئارزۇسى، شۇنىڭدەك سىلىنىڭمۇ ئېھتىياج-
لىرى بار. شۇنداق قىلساق بۇنىڭ نېمە زىيىنى!؟

— قويۇڭلار، مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن پەقەت خۇشۇم
يوق! — دېدى باي غۇدۇرىغان پېتى بويىنىنى تولغاپ، ئۇ خۇد-
دى ئۆگمەكچى بولغاندەك قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا يې-
نىك چۆرۈۋېتىپ، — ئۆزۈمنىڭ كاتىپلىرىم، بوغالتىرلىرىم ئۆ-
زۈمگە ئۆلگۈچە يېتىپ ئاشىدۇ!

ئۇ ھازىر مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە چىقى-
ۋالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا سۆز كار قىلمايتتى، داموللام
ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ:

— ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپرەك ئازاب
چەككۈچى ئۆز ئائىلىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر.» دەپ كۆر-
سىتىدۇ! — دېدى چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن، ئۇنىڭ
چىرايى ئۆزگەن، قانداقتۇر غەزەپ - لەنەت تۆپەيلى، كۆزلى-
رىدىن ئوت چاقنىغانىدى، — سىلى دېگەن كاتتا ئادەم،
يۇرتىنىڭ ئاتىسى، خۇدا سىلىگە يېتەرلىك دۇنيا ئاتا قىلغان،
شۇنداق تۇرۇقلۇق، خەلقىمىز نادان ھالەتتە قالسا، گەدىنى-
مىزدە قىيامەت قەرز بولۇپ قالماسمۇ! ھەممىمىز قىيامەت ئا-
زابلىرىنى ئويلىنىشىمىز كېرەك، تەقسىرا...

## ئۈچىنچى باب

# جىددىي ۋە زۆرۈر ئىشلار

زەنجانى كىتاب كۈندۈزىمىزنى كېچە قىلدى،
ئالتەيلەن ئىدۇق، يەتتىلىمىزنى كاچا قىلدى.
(تالىپلار قوشىقى)

— يائاللا... نېمىدېگەن تولا مېڭىش بۇ! ئەتىدىن — كەچكىچە ماڭغان — تۇرغان، بارغان — كەلگەن، ياكى تىنىم تاپقىلى بولمىغان... ئادەم خۇددى ساپان سۆرىگەن ئۇيدەك ھېرىپ كېتىدىكەن... ئۇھ!...

ھەپتە ئون كۈن زىچ داۋام قىلغان رەسمىيەتچىلىكتە تولا مېڭىپ ھاردۇق يەتكەن ئابدۇقادىر داموللا بۈگۈن قايتىپ كېلىپلا ئۇدۇل كىتابخانا ئۆيىگە كىردى — دە، يەكتىكىنى يېشىپ قوزۇققا ئىلدى. ئۇ بىرئاز ئارام ئالماقچى بولدى. ئۇنىڭ ھارغىنلىق يەتكەن بەدەن — بېشى بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ، بىر پەللە تاتلىق ئۇخلاشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا ئۇ

كىتاب تەكچىسىگە يۆلەپ سېلىنغان كۆرپىگە يېقىنلاپ باردى-دە، ئىختىيارسىز ھالدا كۆرپىگە تاشلىنىپ، تەكىيە تارتىپ سوزۇلدى. قار-يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇيقۇ زورىدىن كۆز يۇمدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇزۇن ياتالمىدى. ئۇنى نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي ۋە زور ئىشلار ياتقۇزمايۋاتاتتى.

ئارىدىن تۆت-بەش مىنۇت ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان داموللا ھويلىغا چىقتى. ھويلا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىخچام ۋە پاكىز ئىدى. شىمالىي ياقتا باراقسان كۆكلەپ تۇرغان بىر تۈپ ئەنجۈردىن خۇش پۇراق پۇرقۇپ تۇراتتى. ئايۋانچە گىرۋىكىگە قاتار تىزىلغان ھەر خىل تەشتەك گۈللىرى ھويلىغا يەنە بىر ھۆسن قوشۇپ، كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك چاققانغىنا گۈللۈك باغنى ھېس قىلدۇراتتى.

داموللا ھويلا ئىچىدە ئۇيياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا بوي، ئەمما زەبەردەس كۆرۈنىدىغان كۈچتۈڭگۈر گەۋدىسى يېرىك چايقىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ۋەزمىن كۆرۈنۈشى خۇددى دېڭىزدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان ئېغىر يۈك كېمىسىنى ئەسلىتەتتى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق، ئۆتكۈر كۆزلىرى چاقماقتەك چاقنايتتى. قوللىرى توختاۋسىز غىجىملىنىپ، بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق سىلكىنەتتى. ئومۇمەن، ئۇ شۇ تاپتا، تەپەككۇر دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ جاسارەت بىلەن كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بىر ئادەمنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بىر كىشىلىك ياكى بىر ئائىلىلىك غەم ئومۇمىي ئېتىباردىن قارىغاندا، ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس. بۇ خۇددى باققالنىڭ كۈندىلىك سودىسىدىن ئۆز سەرمايىسىنى چىقىرىۋېلىپ، ئازراق پايدىغا ئېرىش-



AltunOq

ـسىلا پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ غەمسىز ياتقىنىغا ئوخشاش،
لېكىن ئۆز غېمى ياكى ئائىلە غېمىدىن ھالقىپ، پۈتۈن يۇرت،
پۈتۈن مىللەتنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالغۇچىـ
لارنىڭ غېمى ئۇنداق يېنىك ھەم ئاددىي ئەمەس، بەلكى تاغـ
دىن ئېغىر، دېڭىزدىن چوڭقۇر.

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ غېمى ئەنە شۇنداق تاغدىن ئېـ
غىر، دېڭىزدىن چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە پۈتۈن يۇرت،
پۈتۈن مىللەتنى ئويغىتىش، مەرىپەت چىراغلىرى يېقىپ، خەلقـ
نى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش، تۈرلۈك مەزھەپ،
خۇراپىي ئەقىدىلەر تۈپەيلى، پاك ئىناۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرغان
ئىسلامىيەتنى پاكلاشتۇرۇش، مەدرىسلەردىكى ئوقۇتۇش ئۇـ
سۇلىدا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، يېڭى بىر ئۇسۇلى تەلىم
تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بىلىملىك كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈـ
رۈپ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە باشلاشتەك بۈيۈك بىر
غەم ئاتەش ئوت بولۇپ كۆيەتتى. بۇ ئوت ئاددىي ئەمەس،
ئەلۋەتتە!

بۇ ئوتنىڭ چوڭلۇقى، چوڭقۇرلۇقى، ئاتەشلىكى شۇ ئوتـ
تا كۆيۈشنى بىلگەن كىشىلەرگىلا مەلۇم، بۇ ئوت ھېچۋاقىتتا
بىرەر جانان يولىدا كۆيگەن ئوت بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بەزەن
كىشىلەر ئۆز ھاياتىنى بىرەر جانانغا كۆيدۈم ـ ئۆچتۈم دەپلا
قۇربان بېرىشى، پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلىدىن تۈگىشىپ كېتىشى
مۇمكىن. بۇ قانچىلىك ئىش! جانان ئوتىدا كۆيۈش، ئۇنىڭغا
تەلپۈنۈش، دۇنياغا تۆرەلگەن ھەرقانداق بىر ئەركەككە نىسـ
بەتەن تەبىئىي، نورمال ئىشقۇ! بۇنداق ئوتتا ئالىملارمۇ، زالىمـ
لارمۇ، دانىشمەنلەرمۇ، كالاكومشالارمۇ، شەھەرلىكلەرمۇ، يېزا ـ

سەھرالىقلارمۇ ئوخشاش كۆيۈپ، نەسلى ئۆچۈن بولغان ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشنى بىلىدۇ، ئەمما يۇرت غېمى، مىللەت قايغۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئوتتا كۆيۈش ۋە كۆيۈشنى بىلىش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە!

ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىرەر جاننىنى قوغلىشىپ، كۆرسۆككە كىرگەندەك سوكۇلداپ يۈرگۈچىلەر، بىرەر كىچىچە زىنا كۆرپىسىدە ئىغىناپ قويۇپ، ئۆمۈرۋايەت نومۇس ۋە پۇشايمان ئازابىدا قالغۇچىلار، ئەتىدىن ـ كەچكىچە چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرۇۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي، كورت ـ باۋۇز دەپ قارتا شىلاپ، تىرناق ئۇۋۇپ ئولتۇرغۇچىلار، بىرەر سەر تەڭگە، بىرەر مىسقال ئالتۇن پايدىنى قوغلىشىپ، سوكۇلداپ يۈرگۈچىلەر، ئەتىدىن ـ كەچكىچە چايخانىدىن چىقماي، چايخورلۇق قىلىشىپ قۇرۇق گەپ ساتقۇچىلار، پىتنە ـ پاساتچىلار، جاسۇسلار ياكى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا پىنەك چېكىشىپ، ئايىغى چىقماس بەڭگە خىياللارغا بېرىلىپ مەنىسىز كۈن ئۆتكۈزگۈچىلەر، ھاياتلىقنىڭ رېئال لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، مۇتلەق گۈزەللىك ـــ ئاللانىڭ ئىشقىدا ئۆرتىنىمىز دەيدىغان ئىشان ـ سوپىلار، يەنە ئاللىقانداق چاكىنا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا يۇرت غېمى، مىللەت قايغۇسىدەك ئالىيجاناب ئوتتا كۆيۈش مۇتلەق نېسىپ بولمىغان، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى تاللىۋالغان ئەنە شۇ چاكىنا ـــ لاپپىدە يېنىپ ئۆچۈپ قالىدىغان ئوتلاردىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ، خالاس!

داموللا كۆيۈۋاتقان بۇ ئالىيجاناب ئوتتا مۇئەييەن غايىگە ئىگە مۇتەپەككۇر ئالىملار، ئەمەلىيەتچى پىدائىيلار،

كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار قاراپ، ئىستىقبالنىڭ پارلاقلىقىغا ئىشەنگۈچىلەرلا كۆيىدۇ!

داموللا ھامان ماڭماقتا. ئۇنىڭ غەم يۈكلىرى بىلەن تولغان گەۋدىسى يېرىك چايقالماقتا. بىرقانچە كۈن زىچ داۋام قىلغان سۆز - سۆھبەتلەر گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سەپكە تىزىلغاندەك بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. مۇساھىبە، مۇھاكىمىلەردىن چىققان خۇلاسە شۇ بولدىكى، خەلق مەرىپەتكە، ئويغىنىشقا تەقەززا، تەرەققىياتقا بولغان تەلەپ ئۈستۈن، بۇ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، لېكىن «سۇنىڭ ئېقىشى، توكىنىڭ يېتىشى» دېگەندەك كونا ئەقىدىلەرمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل ئەقىدە ماھىيەتتە مەنىۋى قۇللۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.... بىز كىم ئىدۇق، كىم بولۇپ قالدۇق، بىز قانداق ئىدۇق، قانداق بولۇپ قالدۇق.... بىزنى ئۇشبۇ ھاللارغا كەلتۈرۈپ قويغۇچى ئامىل دەل شۇ «سۇنىڭ ئېقىشى، توكىنىڭ يېتىشى» دىن ئىبارەت قۇللۇق ئەقىدە ئەمەسمۇ! بۇنىڭغا قانداقمۇ سۈكۈت قىلغىلى بولسۇن! ئۇلارنىڭ مەيلىچە بولغاندا، ئەل بېشىغا چۈشكەن بالايىئاپەت، زۇلمۇ زالالەت، كۈلپەت - ئاسارەت، قارا بۇلۇت، قاراڭغۇ زىندانلار، كىشەن - زەنجىرلەر ئەينى پېتى داۋام ئەتسە، ھەممە ئادەم قۇللۇق قىلىپ شەرتسىز ئىتائەت قىلسا، تىتەي - شتەيلەر، ئامبال - لاۋيىلار ئەپيۇن چىراغلىرى تۈۋىدە يانپاشلاپ يېتىپ، كەيپ - ساپاسىنى سۈرۈۋەرسە، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇزۇپ، تاپاۋەت - تىجارەت كەسپىگە ئايلاندۇرۇپ، رىياكارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگۈچى موللىلار، قازى - مۇپتىلار، مۇتىۋەللى - سوپىلار، پۇل - مالغا، پايدىغا ھېرىس ئاچكۆز بايلار، مەنسەپ - ئابرويغا

بىرمىلگۈچى بەگ ۋە بەگچەكلەر ئۆز مەيلىچە يۇرت ۋە خەلقنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، تالان ـ تاراج قىلسا بولامدىكىنە! ئۇلار ـ نىڭ مۇنداق ياۋۇز مەيلىگە قانداقمۇ يول قويغىلى بولسۇن!...

داموللىنىڭ قوللىرى نېمە ئۈچۈندۇر قاتتىق غىجىملىنىپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلەتتى، گاھىدا سەندەلگە ئۇرۇلغان بازغاندەك قاتتىق ـ قاتتىق سىلكىنەتتى.

ــ مۇمكىن ئەمەس... ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ... خەلق يورۇقلۇققا تەشنا، مەرىپەتكە موھتاج. بەخت ـ سائادەتكە تەقەززا... خەلق ئۇلۇغ، ئەل رايى ھەممىدىن ئەلا... خەلق تەلىپى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك!...

ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ھالقىسى تاراقلاپ، داموللىنىڭ خىيالىغا بەرھەم بەردى، ئىچكى ھويلىدىن ئوغلى ئابدۇلئەزىز يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىك ئاچتى. بىر توپ مېھمانلار كىرىپ كېلىشتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!...، ــ مېھمانلار يىراقتىنلا گۈر ـ كىرەپ سالام بېرىپ كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە باشلىدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كېلىشىپتىلا ئەزىز مېھمان ـ لار!... ــ دامولللام ھەربىر كىشى بىلەن سەممىي قول ئېلى ـ شىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يېڭىلا چاچراپ تۇرغان ئاچچىق دەرد ئۇچقۇنلىرى بىردىنلا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يىللىق، مېھرىبانلىق نۇرلىرى يالتىرىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە، ــ خۇش، قېنى، ئەزىز مېھمانلار، يۇقىرىراق ئۆتۈشسىلە! ــ دەپ تەكرارلايتتى.

مېھمانلار ــ قۇتلۇق شەۋقى، موللا سابىت خەلپەت، سالىھ ـ

جان خەلپەت، ھەلىمدىن ئاخۇنۇم، مۇسەيىپ خەلپەت، ئابـ
دۇللا نەئىمى (تۇرپانى) قاتارلىق كىشىلەردىن ئىبارەت مەسـ
لەكداشلار ئىدى.

مېھمانلار پېشايۋاندىكى بىسات ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.
دېرىزە يـاقىلىتىپ سېلىنغان بەقەسەم كۆرپىنىڭ باش تەرىپىدە
ئولتۇرغان بۇغداي ئۆڭلۈك، يۇمىلاق يـۈزلۈك، خـۇش پىچىم،
ئـوتتۇرا بـوي كىشى مـولـلا سـاۋۇت خەلپەت ئىدى. ئۇنىڭ
يۇمىلاق يۈزىنى پۈركەپ تۇرغان قويۇق قارا ساقاللىرى يارىـ
شىملىق كـۆرۈنەتتى. ئۆسكىلەڭ قارا قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ
تۇرغان كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك، كەڭ پېشـانـە،
ئوتتۇرا بوي، زىلۋا كۆرۈنىدىغان كىشى سالىھجـان خـەلپەت
ئىدى. پېشانىسىنىڭ كەڭلىكىدىن ئۇچلۇقراق كۆرۈنىدىغان ئىـ
ڭىكىدە چاپلاپ قويغاندەك قارا كەكـە ساقىلى يـارىشىپ تۇـ
راتتى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كـۆزلىرىدىن زېرەكلىكى، ئـۇزا يىدىن
ئاق كۆڭۈل، مۆمىنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۈچىنچى مېھمان قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئۆڭى ئـاق سېرىققا
مايىل ئىدى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى پارقىراپ، دائىم نۇرلۇق
كۆرۈنەتتى، چوڭقۇر ئورا كۆزلىرىدىن زېرەكلىك ۋە قەتئىيلىك
ئوتلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا بەستلىك، كـۆركەملىك ئولتۇرغـان مېھـ
مان ھەلىمدىن ئىسىملىك تالىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇـ
لۇشىنىڭ يوغانلىقىدىن ساقالسىز يۈزى كىچىكرەك كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرغان كۈچالىق تالىپ مۇسەيـ
يىپ خەلپەت ئىدى. ئۇنىڭ ئاق پىشما، يۇمىلاق يۈزىنى قوـ



AltunOq

يۇق قارا ساقال قاپلاپ تۇراتتى. ئۆزى ئوتتۇرا بوي، كەڭ
غوللۇق، پۇختا بەدەن ئادەم ئىدى.

ئاخىرقى مېھمان ئابدۇللا نەئىمى (تۇرپانى) ئىدى. پې-
شانىسى كەڭ، ئىگىكى ئۇچلۇق بۇ تالىپقا تېخى ساقال چىقمى-
غانىدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي سىماسىدىن ياش جەھەتتە ھەممى-
دىن كىچىكرەك كۆرۈنسىمۇ، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن كۈچلۈك ئىرا-
دە ۋە ئۈمىدۋارلىق چاقناپ تۇراتتى.

پاتىھەدىن كېيىن ھال-ئەھۋال سوراشتى. داموللام ئۆز مېھمانـ
لىرىغا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، سورالغان سوراقلارغا ئىنتا-
يىن خۇشال كەيپىياتتا جاۋاب بېرەتتى ۋە ھەربىر سۆز، ھەر
بىر تىنىق ئارىلىقىدا مېھمانلارغا تويۇنماستىن قاراپ، ئۆز خۇر-
سەنلىكىنى ئىزھار قىلاتتى:

— بۈگۈن ھەر قايسىلىرىنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەل-
گەندۇ! — دېدى داموللا خېلىدىن كېيىن رەسمىي سۆز ئېچىپ.

— بىزنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغۇچى ئۇستاز مۇھەببىتىدىن
باشقا يەنە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كېلەلىسۇن، — دېدى مېھـ
مانلاردىن بىرى ئەپچىل جاۋاب بېرىپ.

— قالتىس گەپ بولدى، — دېدى داموللا كۈلۈمسىرەپ، —
مەندە دەرد-ئەلەم، غەم-قايغۇدىن باشقا كىشىنى جەلپ قىلـ
غۇدەك ھېچقانداق قۇۋۋەتنىڭ يوقلۇقىغا ئۆزۈم گۇۋاھ.

— گەپ ئۇ يەردە ئەمەس، ئەگەر نازۇ نېمەتلەرگە شېرىك
بولۇش ھاشاراتلارنىڭ ئىشى، دەرد بىلەن غەم-قايغۇغا
مۇشرىك بولۇش سادىق ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىشى، دەپ چۈشىنىلـ
دىغان بولسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىمۇ
چۈشىنىشلىك بولماسمۇ، ئۇستاز!

— بارىكاللا، بارىكاللا!... مىلىك تىللاغا ئەرزىيدۇ! — دېدى
داموللام بىر ىلگەن ئورۇنلۇق جاۋابقا نىسبەتەن خۇشاللىقىدىن
تىزىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىق-
قان مۈڭگۈز ئۆزۈپتۇ، دېگەن بىر سۆز بار. بۈگۈن بۇ سۆز يەنە
بىر مەرتىۋە ئىسپاتلاندى. مانا ئەمدى ئىلپەتچىلىكىمىز كۆزلىگەن
يەردىن چىقىدىغان بولدى-دە!

بۇ مېھمانلار قەشقەردىكى ھەرقايسى ئىلىم يۇرتلىرىدا
تەلىم ئېلىپ، شۇ كۈنلەردە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان تالىپلاردىن
بولۇپ، مەسلەك جەھەتتە ئابدۇقادىر دامولىنى قوللايدىغان،
غايە ۋە چۈشەنچە جەھەتتە، داموللامغا ئوخشاشلا خەلقنى نادان-
لىق-جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇسۇلى تەلىم جەھەتتە، ئىسلا-
ھات يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك زىيا-
لىي خەلپەتلەردىن ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئىلىمدە تېخىمۇ چوڭقۇر-
لىشىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئابدۇقادىر دامولىدا بىر مەزگىل تە-
لىم ئېلىشنى خالاپ، ئۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتقان، ئومۇمەن، خا-
ھى مەسلەك، خاھى ئىلىم ئېتىبارىدىن، بەيئەت قىلىپ يېقىن-
لاشقانلار ئىدى.

— ئەرزىمەيمىز، ئەرزىمەيمىز! — دېيىشتى ئۇلار كەمتەر-
لىك بىلەن ۋە يەر تېگىدىن بىر-بىرىگە قارىشىپ جىم
ئولتۇرۇشتى.

ئۇلارنىڭ ئىلىمدە ئۈستۈن ۋە مۇئەييەن مەسلەك، ئۈمىدۋار
غايىگە ئىگە تالىپلاردىن ئىكەنلىكىنى ھەم ھازىرقى كەمتەرلىك-
لىرىنى كۆرۈپ، چۈشىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇقادىر داموللا ئۇلارغا
مەسلىكى كېلىپ، بىر ھازاغىچە ئۇستازلارچە پېئىلىق نەزەر سالغانى-
دىن كېيىن، ئاستا سۆھبەت ئاچتى:

— خۇش مېھمانلار، تاشقىرىدا قانداق يېڭىلىقلار بار؟ — دېدى تۇساتتىن سوئال چىقىرىپ.

— ھېچقانداق يېڭىلىق كۆرگىنىمىز يوق ھەم ئاڭلىمىدۇق، — دېدى مېھمانلاردىن بىرى جاۋاب بېرىپ.

— ئەلۋەتتە يېڭىلىق يوق! — داموللا ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — ئەگەر پىتنە، ئىختىلاپ، مۇجادىلە دەيدىغان بولساق، ئۇتتۇز ئېشەككە يەتكۈدەك يۈك چىقىدۇ، شۇنداققۇ!

بۇ سۆزگە ھەممەيلەننىڭ مەسخىرە ئارىلاش كۈلگۈسى كەلدى. داموللام بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ داۋام قىلدى:

— باش ۋالىيمىز مەككار ياڭ جياڭجۈن، شىللىمىزغە مىنگۈچى رودىپاي ماتىتەي، ھەقەمسايىمىز «جانابىي» نېكولاي، مۇخالىپەتچى ئەنگىلتىرە (ئەنگلىيە)، ئەقىدە ئوغرىسى شۆبدلار تۇرغان يەردە بىزدە پىتنە - پاسات، ئىختىلاپ - مۇجادىلىدىن باشقا يەنە قانداق يېڭىلىق بولسۇن! نادانلىق، جاھالەت، ھەسەت، ئىتتىپاقسىزلىق، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپاتلىق، بىدئەت ۋە يەنە قانداق ۋابا قۇزغۇنلىرى قۇتراپ يۈرگەن شەھىرىمىزدە يېڭىلىق ئۈچۈن قانداقمۇ يول بولسۇن! مەسىلىنىڭ مەركىزى، كېسەلنىڭ تۈپ يىلتىزى مانا مۇشۇ يەردە. ھالبۇكى، ھۆكۈمرانلار، مۇخالىپەتچىلەر ئۇششۇ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، پۇتقوللىرىمىزنى بوغۇپ، ھالاكەت گوداڭلىرىغا سۆرەپ ماڭماقتا. بۇ نېمىدېگەن خەۋپلىك، نېمىدېگەن دەھشەت تەقدىر - ھە! — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە داموللامنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىز بولۇقا تېگىپ كەتكەن ئالتۇن قوڭغۇراقتەك تىترەپ، مېھمانلارنىڭ يۈرەك تارىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى

تىترەك باستى، كۆز ئالدىدا قانداقتۇر قىپقىزىل قان ئۇيۇت-
مىلىرى بىلەن تولغان قورقۇنچلۇق گوداڭلار شەكىللەنگەن-
دەك بولدى. قانداقتۇر قوللىرىغا خەنجەر- پىچاق تۇتقان رەڭگى
بەتبەشىرە مەخلۇقلار بىگۇناھ ئادەملەرنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ
گوداڭغا ھەيدەپ كېلىپ قەتل قىلىۋاتقان دەھشەتلىك مەن-
زىرە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەن نالە -
پەرياد سادالىرى، تەنەززۇل، ھالاكەت، مۇنقەرزلىك دېگەن-
دەك سۈرلۈك ئاۋازلار جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەندەك
بولدى....

دامولللام ساقىلىنى تاراشلاپ تۇرۇپ ۋەزمىن ئاھاڭدا
داۋام قىلاتتى:

— دوستلار، يارانلار، شۇنى ئۇنتۇلماسلىقىمىز لازىمكى،
بىزنىڭ شانلىق تارىخىمىز، سەلتەنەتلىك دەۋرانىمىز، روناق
تاپقان زامانلىرىمىز بولغان، بۇ ئەلۋەتتە تارىخ، ئۆتكەننىڭ
تارىخ، شۇنىڭدەك، كېيىنكى زاۋاللىقىمىزمۇ بىر تارىخ. ياخۇدا،
ھازىرقى غەپلەت - ئۇيقۇمىزمۇ بىر تارىخ! — دامولللام بىر
ئاز توختاپ مېھمانلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن دا-
ۋاملاشتۇردى،— ۋەھالەنكى، شانلىق تارىخ، سەلتەنەتلىك
دەۋرانلىرىمىزنى ياستۇق قىلىپ ياتىمىزمۇ؟! بۈگۈنكى ئىچكى-
تاشقى ھەر خىل سەۋەب - ئامىللار تۈپەيلى، شەكىللەنگەن ئا-
سارەت تارىخىمىزنى «تەقدىر ئىلاھ» دەپ داڭ قېتىپ، شۈكرى
قىلىمىزمۇ؟! ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئاللانىڭ
«يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنى ئۆزۈڭدىن» دەپ
ئېيتقان ھەق كالامىغا خىلاپ كەلگەن بولمىزمۇ- قانداق؟بۇنى
ھەربىر كىشى ۋىجدانىنىڭ ئويلاپ كۆرۈشى كېرەك. يەنە بىر

ئەرەپتىن، ئۆز دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بىز تارىخنىڭ زاۋالغا يۈزلەنگەن توزغاق تەكىيىسىگە باش قويۇپ، غەپلەت ئۇيقۇدا يېتىۋېرىدىغان بولساق،ئەجدادلىرىمىز يارىتىپ كەتكەن نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخنى ئۈزۈپ قويۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان بولىمىزمۇ-قانداق؟! بۇنىمۇ ئويلاپ كۆرۈش كېرەك!— ئابدۇقادىر داموللا قىزىشىپ داۋام قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر كۈچلۈك قەتئىيەتلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.— ھەر نېمە قىل، بىر نېمە قىل، دېگەندەك بىزمۇ بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەك. چۈشەنچە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەر ئەۋلاد ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردە تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر ئىش قىلىشى، تارىخ يارىتىپ، ئىلگىرىكى تارىخقا ئۇلاپ مېڭىشى لازىم. شۇنداق قىلىش گەدەندىكى قەرز ۋە پەرزدۇر. ئۇنداق بولسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ قانداق تارىخ يارىتىمىز؟ بىزمەرىپەتچىلىك، ئىسلاھات تارىخى يارىتىمىز، بۇ ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش، ئاسارەت كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت شانلىق سەھىپە ئاچىمىز. بۇ بىزنىڭ گەدىنىمىزدىكى جىددىي ۋە زۆرۈر ۋەزىپە!

داموللام بىر ئاز توختىۋېلىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا بىر-ئىككى قېتىم قاراپ چىققاندىن كېيىن، يەنە داۋام قىلدى:

زەنجانى كىتاب كۈندۈزىمىزنى كېچە قىلدى.
ئالتەيلەن ئىدۇق. يەتتەيلىمىزنى گاچا قىلدى.

بۇ نېمىدېگەن توغرا شىكايەت - ھە! ھەجۋىيلىكى قانداق كۈچلۈك - ھە! ئالتە تالىپ ئوقۇۋېتۇيۇ، ئۇستازى بىلەن قوشۇلۇپ يەتتىلىسى گاچا بوپتۇ!... قاراڭلار، نېمە-



AltunOq

دېگەن جايدا چىققان مەسخىرە!

مەدرىسلەردە تارىخىي زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مەسخىرە قىلىنغان بۇ ھەجۋىي ئوقۇلۇش بىلەن مېھمانلارنىڭ كۈلگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇلار ئۇستاز ئالدىدا كۈلۈش بىئەدەبلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقتىن، چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ، باشلىرىنى تۆۋەن قىلغان پېتى يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك ھالەتتە ئاۋازلىق كۈلۈپ تاشلاشتىن ساقلاندى. داموللام گويا ھېچ نەرسە سەزمىگەندەك سۆزىنى داۋام قىلاتتى:

— ئۇسۇلى تەلىم ئۇستىدىن قىلىنغان بۇ شىكايەت تولىمۇ ئورۇنلۇق، تولىمۇ ئورۇنلۇق! «سەرپ»، «مۆئىزى»، «زەنجانى»، «ئاۋامىل»قاتارلىق بۇ گراماتىكا كىتابلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈنلا قىسقىسى ئۈچ - تۆت يىل، ئۇزۇنى ئالتە - يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىشىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ!يەنە ئۇلارنىڭ ھاسىل قىلىدىغىنى «مۇزاپ - مۇزاپۇن ئەلەي مۇپتىدا» «مەۋسۇپ - سۇپەت مۇپتىدا» دېگەندەك ئەرەب گراماتىكىسىدىن ئىبارەت. ھېچ ۋاقىتتا ئۆز تىلى بويىچە، «ئىگىلىك كېلىش بولۇپ كەلگەن باش كېلىش»، «سۇپەت بولۇپ كەلگەن باش كېلىش» دەپ ئوقۇمايدۇ. نەتىجىدە، مۇدەررىس بىلەن قوشۇلۇپ يەتتىلىسى گاچا بولۇپ چىقىدۇ. بۇ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولماي نېمە؟ كونا ئۇسۇلدا ئون يىل، 15 يىللاپ مەدرىسە ئوقۇغان تالىپلارنىڭ تولىسى بىلىم ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەرەب، پارس تىل تەرجىمانى بولۇشنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي، يولنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ئوقۇشتىن توختاپ، ياكى ئوقۇش، ياكى ھۈنەر ئىگىسى بولالماي، پۈتۈن ئۆم-

رىنى زايە قىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە! ئىسىت... ئىسىت! ... تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مەدرىسلىرىمىزدە ھالا بۈگۈنگە قەدەر، مۇقەددىماتى مەنتەقىيە ۋە پەلسەپە، مەۋھۇمە يۇنانىيە① كۆچەپ ئوقۇتۇلۇپ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى تالىپلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايا قىلماقتا. زاماندىن قالغان بۇ ئىلىملار ھازىرغا قەدەر، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە مىللەتنىڭ تەنەززۇلى ۋە رىزالەتتىدىن باشقا نەتىجە بەرمىگەندىن تاشقىرى، تالىپلارنى ئاساسىي ئىلىم بولغان قۇرئان، ھەدىس ۋەپىقەدىن خەۋەرسىز قالدۇرماقتا. ئەگەر مەدرىسلىرىمىزدە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۇشبۇ تەقلىدتە داۋام قىلىدىغان بولسا، ئىسلام ئالىملىرى زىممىسىدىكى ئېھكام شەرئىيە، ئىسلاھاتى مىللەت ئىسلامىيە ھېچقاچاندا ۋۇجۇدقا چىقماس، شۇنىڭدەك ئېھكام شەرئىيىمىزمۇ ھېچ ۋاقىتتا جاھىل مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماس! ھاسىل كالام، مەدرىسلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا جىددىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈش زۆرۈر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ئىشنى كۈنتەرتىپىمىزنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇپ، ئىسلاھاتقا دەرھال ئاتلىنىشىمىز كېرەك!

— ئۇستاز رۇخسەت قىلسا، مەن بىر جۈملە سۆز قوشۇمچە قىلسام، — دېدى ئابدۇللا نەئىمى ئىلتىجا نەزەرى بىلەن داموللامنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— سۆزلەڭ، سۆزلەڭ! — تولىمۇ كىچىك پېئىللىق بىلەن رۇخسەت بەرگەن داموللا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇلاق سالدى.

ئابدۇللا نەئىمى ئۇستاز ئالدىدا دەرھال سۆزلەشكە تار-

① زاماندىن قالغان قەدىمكى ئىلمىي مەنتىق ۋە پەلسەپە ھەممە يۇنان خوراپاتلىقلىرى.

تىنىپ، ئۇنىڭغا يىسىزلانغاندەك بولۇپ بىردەم كېكىردەكلىرىنى
قىرىشتۇردى، لېكىن چاپسانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزگە
كىرىشتى:

— مەدرىسلەردىكى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى توغـ
رىسىدا بىزنىڭ تۇرپان تەرەپتىكى بىر جىددىي تەلەپنى ئوتـ
تۇرىغا قويماقچىمەن! — دېدى ئۇ ئالدىرىماي تەمكىن سۆزـ
لەپ، — بىزنىڭ باغرى مەدرىسىمىزدە① 12 ياشلىق بىر تالىپ،
ئىسمى ئابدۇخالىق②، بىر مىسرا ھەجۋىي شېئىر يېزىپتۇ. شېـ
ئىردا مەدرىسلەردىكى قاشاڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەجۋى قىلىنـ
غان. مەسىلەن:

«يەتتە يىلدۇر تىنىم تاپماي ئوقۇيمىزلا - ئوقۇيمىز،
بابى ئىستىنجاغا كەلدى ئەمدى بىزنىڭ دەرسىمىز!...»

— ۋاھ، ۋاھ، ۋاھا ... — دېدى داموللا خۇشاللىقىدا تىـ
زىغا شاپىلاقلاپ. بۇ ھەجۋىي خۇددى چۆلدىن چاڭقاپ چىققان
كارۋانغا بۇلاق سۈيى نەق تەگكەندەك، داموللامنىڭمۇ نەق يېـ
رىگە تەگكەنىدى. داموللام خېلى ئۇزۇنغىچە تەئەججۇپ ئارىـ
لاش خۇشاللانغان كەيپىيات ئىچىدە كۆپچىلىككە قاراپ ھاياـ
جانلاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن «بىزنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىمىز
توغرا ۋە ئومۇمىي تەلەپ» دېگەن ئۇقۇم چىقىپ تۇراتتى. خېـ
لىدىن كېيىن، ئابدۇللا نەئىمگە قاراپ:

— بارىكاللا، مەزكۇر ياش تالىپقا رەھمەت! — دېدى
مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، — كېيىن تۇرپانغا قايتىپ بارغاندا
مەندىن سالام ئېيتىپ قويارسىز! ئۇ تالىپ باردۇ؟

---

① تۇرپان باغرىدىكى مەدرىسىنى دېمەكچى.
② ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى دېمەكچى.

— ھازىر چوڭ بولدى، ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دەپ تەخەللۇس قويۇپ، كاتتا شائىر بولۇپ قالدى.
— ئۇيغۇر؟ — داموللام ئالدىراپ سورىدى.
خۇش، ئۇيغۇر.
— 12 ياش تالىپ بەلكى ھازىر 20 ياشقا تولمىغاندۇ! — دېدى داموللا ھاياجان ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتىپ، — تەئەججۇپكى، ئۇ تالىپنىڭ غايىسى نېمىدېگەن يۈكسەك - ھە!
قۇتلۇق شەۋقى باشلىق بۇيانقى تالىپلارمۇ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا باش لىڭشىتىپ، مەزكۇر تالىپنىڭ غايىۋى ئۇستۇنلۇكىگە تەھسىن ئوقۇشتى.
— مەلۇم بولدىكى، بىزنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىمىز توغرا، — دېدى داموللا سۆزىنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ. ئۇ خۇددى مېۋە سۈيى ئىچىپ ماغدۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان سپورتچىدەك جانلىنىپ داۋام قىلدى، — 12 ياشلىق تالىپتىن تارتىپ، 60 ياشلىق پىكرى ئوچۇق موللىلارغىچە تەلەپ قىلىۋاتقان ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى قانداقمۇ توغرا ئەمەس، دەپ ئېيتقىلى بولسۇن. بىر بالا يەتتە - سەككىز يىل ئوقۇپ، ئەمدى ئىستىنجا قىلىشقا كەلسە، بۇنى قانداقمۇ ئوقۇتۇش دېگىلى بولسۇن! ئىسلاھاتنى كېچىكتۈرمەسلىكىمىز كېرەك، بۇ بىر ئومۇمىي تەلەپ. مەن يەنە شۇنى تەكرارلاپ ئۆتەيكى، ئون ياش ۋاقتىدىلا، يەتتە يىل ئوقۇپ، ئەمدى ئىستىنجا دەرسىگە كەلگەنلىكىگە نارازى بولغانلىقىنى ئىنكاس قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا يەنە بىر قېتىم بارىكاللا ئېيتىپ رەھمەت ئوقۇيمەن!..
داموللام يەنە قىزىشىپ داۋام قىلدى:

— «ئۆگەتمەس بىزگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار.» بۇ مىسرادىن مەلۇم بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز تىلىدا ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلىپ، بىز ئالىملاردىن رەنجىمەكتە. جۈمە ۋە بايرام قۇتبىلىرى ئەرەبچە تىل بىلەن ئوقۇلغاچقا، مۇسۇلمانلار مەنپەئەت تاپالماي رەنجىمەكتە، ئالىملارنىڭ قىلماقچى بولغان ۋەز - نەسىھەت، ئەمرى - مەرۇپلىرى قانداقتۇر گاچا تىللاردا تەتۈر تەرجىمە قىلىنغان جۈملىلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغانلىقتىن، ئۇنۇم كۆرسىتەلمەي، جامائەتنى رەنجىتمەكتە. مەسىلەن، داموللا مۇدەررىسلىرىمىز «ئەلەمتەرە» سۈرىسىگە مەنە ئېيتىپ چۈشەندۈرمەكچى بولسا: «ئايا، سەن كۆرمىدىڭمۇ سەن، سېنىڭ رەببىڭ قانداق قىلدى پىل ئىگىلىرىنى» دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ بىر تەتۈر تەرجىمە. بۇنىڭدىن جامائەتنىڭ يېتەرلىك ئۇقۇم ۋە مەنپەئەت ئېلىشى ناتايىن، ئەگەر بۇ ئايەتنى ئوڭ تەرجىمە قىلىپ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دەپ چۈشەندۈرۈلسە، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى تەتۈر تەرجىمىگە قارىغاندا ئۇنۇملۇك بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ پۈتۈن دەرسلىرىمىز ئەنە شۇنداق تەتۈر تەرجىمە بىلەن داۋاملاشماقتا. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ داموللا - مۇدەررىسلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ئوڭ تەرجىمە قىلىپ، تالىپلارغا، جامائەتكە كۆپرەك ئۇنۇم ۋە مەنپەئەت بەرمەيدىغاندۇ! بۇ داموللا - مۇدەررىسلىرىمىزگە ئاللا ئۆزى ئىنساپ ئاتا قىلسۇن، ئامىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارساق، يەنە بىر تەرەپتىن، مەتبۇئات قۇرۇپ، نەشر - ئەپكار ئىشلىرىنى يولغا قويۇشىمىز،



AltunOq

گېزىت، مەجمۇئەلەر نەشىر قىلىپ، تەشۋىقات ـ تەرغىبات يۈر-
گۈزۈشىمىز، قۇتبىنلەرنى ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇپ، ئەل ـ جاما-
ئەتكە ئۈنۈملۈك مەنپەئەت يەتكۈزۈشىمىز زۆرۈر. ئۈچىنچى بىر
تەرەپتىن، ئەقىدە ئوغرىسى، دىن تارقاتقۇچى مىسسىئونېرلارغا
تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. شۋېد مۇداخىلىچىلىرى تولىمۇ
خەۋپلىك، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئىچىگە خەتەرلىك سۇيىقەست
يوشۇرۇنغان. ئۇلار خەلقىمىزنى مەنىۋى جەھەتتىن ئاجىزلاش-
تۇرۇپ، ئەقىدە ئوغرىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلگۈسىدە ھەد-
دى ـ ھېسابسىز ئىقتىسادىي بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزۈشنى قەست
قىلماقتا. «سانى بۇخارا» دەپ شۆھرەت تاپقان شەھىرىمىزگە
1905 ـ يىلى تاجاۋۇز قولىنى سۇنۇپ كىرگەن شۋېدلار ھازىر
جىق كۆرەڭلەپ كەتتى. شىپاخانا قۇرۇپ، ھەقسىز داۋالاش ئار-
قىلىق مۇئەييەن ساندا مۇرىت توپلىدى. كېسەل كۆرسەتكۈچى-
لەرگە ھەقسىز دورا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنجىل كىتاب-
لىرىنى قوشۇپ تارقىتىپ، ئەقىدە ئوغرىلاشنى كۈچەيتمەكتە،
بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، ـــ دامول-
لام ئاجايىپ يارقىن بىر پىكىر تاپقاندەك جانلىنىپ سۆزىنى
داۋام قىلدى، ـــ خرىستىئان دىنىي تەشكىلاتلىرى پۈتۈن ماد-
دى ۋە مەنىۋى كۈچلىرىنى ئايانماستىن سەرپ قىلىپ، دىنىي
دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ، ئېتىقادچىلى-
رىنى كۆپەيتىش يولىغا خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ
ھەممە يېرىدە چېركاۋلار، شىپاخانىلار قۇرۇپ، دىن تارقىتىش پائالى-
يەتلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانماقتا. ئۇلارنىڭ مىسسىئونېرلىرى ئۆز
دىنى يولىدىكى پىدائىيلاردۇر، ئەپسۇسكى، ئىسلام دىنىمىزچۇ؟
بىزنىڭ دىنىمىز تامامەن ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئەۋقاپ كىرىمى

ۋە باشقا سەدىقە ـ ئېھسان كىرىملىرىنى دىنىي ئىسلامنىڭ را ـ ۋاجى ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئەمەس، بەلكى شەخسىي چـۆنتەك ـ لەرنى تولدۇرۇپ، بايلىق توپلاش بىلەن بولدۇق. بىزنىڭ ئۆ ـ لىما ـ ئەشرەپلىرىمىز دىنىي مەشغۇلاتنى قانداقتۇر باج تۆلىمەيـ دىغان شەكىلسىز تىجارەت مەشغۇلاتىغا، نەپسانىيەت سودىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بايلىق كۆپەيتىش، ئەۋقاپ تالىشىش، ئابروي، ئىززەت تالىشىش بىلەن ئاۋارە بولماقتا. ئۇلار يەنە دۇئاگۇيلۇق، تەمەخورلۇقتەك يامان خۇيلارنى ئىشقا سېلىپ، مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ ئـۇلـۇغلۇقىنى كۈندىن ـ كۈنگە خۇنۈكلەشتۈرمەكتە. دىنىمىزنىڭ پـەزىلەتلىرى ۋە ئـۇلۇغلۇقى بىلەن خەلقنى تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە جەلـپ قىـ لىشنىڭ ئورنىغا، ھەر خىل ناسازا ئىشلار ۋە دەھشەتلىك جازا چارىلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرماقتا. بىزدە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، خەلقنى ياخشى يولغا باشلايدىغان تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئورۇنلىرى يوق، ئەپسۇسـ كى، مۇنداق قىلىشنى ھازىرغىچە ھېچكىم ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ. بايلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا توپلانغان، ئۇلاردىن ئىنساپ كۆتۈرۈلدى. ئۆشرە ـ زاكات ئايرىشتا كۆز بوياملىق قىلىپ، ھەززەت سەيلىسىدە داچەن تـارقىتىش ۋە ياكى شـويلا قاينىتىپ ئاش بېرىشتەك ئاز چىقىم بىلەن چوڭ داۋراڭ كـۆ ـ تۈرۈپ، ھىيلە شەرئى قىلماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، كەمبەغەللىك كۆپەيدى. يېزا ـ سەھرالاردا خانىۋەيران بولغانلار، شەھەر ـ كوچىلاردا خارلىنىپ ئاچلىقتىن زارلىنىپ يۈرگەن تۇل خوتۇن، يېتىم ـ ئوغۇللار كۆپ. ئەگەرچەندە، ئىسلام ئالىملىرى، يۇرت كاتتىلىرى ئىنساپقا كېلىپ ۋاقتىدا تەدبىر قوللانـمىسا، كەمـ

بەغەللەرنى ئاچلىقتىن، يېتىم - يېسىرلارنى خارۇزارلىق-
تىن قۇتقۇلدۇرمايدىغان بولسا، بى تەھقىقكى، ئۇلار ئاچ بې-
لىقلاردەك، شۆپىدلار تاشلىغان تورغا ئۆزىنى ئۇرۇپ قارماقتا
چۈشىدۇ، خالاس! ئىسلام ئەقىدىسى نۇر چېچىپ تۇرغان سا-
نى بۇخارادا، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا غەيرىي
دىنلارنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئېتىقاد جەھەتتە ئىس-
لامدىن يۈز ئۆرۈشى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۆلچەرلىگۈسىز يو-
قىتىش ۋە نومۇس ئەمەسمۇ! — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە دا-
موللامنىڭ ئاۋازى تاشنى يېرىپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق
جاراڭلىدى، ۋۇجۇدى نىمەئۈچۈندۇر غال - غال تىترەپ كەتتى.
كۆزلىرىدىن ئوت ياندى، ئۇ بىرئاز تىنىۋېلىپ، يەنە داۋام
قىلدى، — قەست قىلغاننى پەس قىلىش كېرەك! بىز بۇ ئىش-
لارغا سۈكۈت قىلمايمىز! قۇللۇق قىلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرماي-
مىز! بىزنىڭ يولىمىز توغرا، مەسلىكىمىز توغرا! ئۇلار قەست
قىلسا، بىز ئۇلارنى پەس قىلىمىز!...
ئابدۇقادىر داموللا ئوتتۇرىغا قويغان كەسكىن سۆز،
دادىل پىكىرلەر مېھمانلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، قانداق-
تۇر قوزغىتىش ۋە قەتئىيلىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەندى.

## تۆتىنچى باب

# ھەسەت ــ تولغاق تۇتقاندىن يامان

ھەممە ئادەمنىڭ ئىسمى، نامى ـ ئەمالى بولغىنىدەك، قانسىز چىرايىدىن كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان بۇ ئادەمنىڭمۇ ئىسمى ـ شەرىپى، نامى ـ ئەمالى بولغىيدى! بىراق قانداقتۇر سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۆچۈپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر ئۇنى ھازىر ئاغزىغا رام بولۇپ كەتكەن كېيىنكى ئىسمى، لەقىمى بويىچە «بەدرەك مەخسۇم» دەپ چاقىراتتى. كىتابىمىزدىمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى لەقەم ئىسمى قوللىنىلدى، چۈنكى، ئىلگىرىكى ئىسمىنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىپ، كىتابىمىزغا كىرگۈزسەكمۇ، كېيىنكى لەقەم ئىسمىنى قوللانغانچىلىك ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ قالدۇق.

ئۆلىما ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ مەخسۇم ياش ۋاقتىدا ئاق پىشماق، يۇمىلاق يۈزلۈك، خۇش پىچىم، يىللىق چىراي ئىدى. بۇزۇقچىلىق يولىغا ماڭغاندىن كېيىن، چاپسانلا

ئۆزگىرىش ياسىغان قانىسىز چىرايىدىن، كۆكەرگەن لەۋلىرى-دىن، تولۇقلانغان ياسالما پولات چىشلىرىدىن كىشىنىڭ قورقۇسى كەلسە، بەتقىلىق، لاۋزا كۈلۈشلىرىدىن ئادەمنىڭ سەسكەنگۈسى كېلەتتى.

ئۆلىما - ئالىملارنىڭ پەرزەنتلىرى ھەممىسلا دادىسىغا ئوخشاش ئۆلىما - ئالىم بولۇپ چىقىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەپتەرۋاز، قىمارۋاز، پاھىشىۋاز بۇزۇقلارمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ چۈشەنچىنىڭ تىرىك شاھىتى بولغان بەدرەك مەخسۇم دەل شۇنداق چىقىپ قالغان بىر مەخلۇق ئىدى.

لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ، دېيىشىدۇ. گەپ ئۇنداق بولغان بىلەن لەقەمنى يەنىلا خەلق قويىدۇ. بىرى ئۆردەككە ئوخشاش ئىرغىپ ماڭسا، «ئۆردەك»؛ قىلىقلىرى قوپال ھەم خىرامان بولسا، «تۆگە»؛ گومۇش بولسا، «كالا»؛ قورقۇنچاق بولسا، «توخۇ»، «توشقان» دېگەندەك لەقەملەرنى قويۇشىدۇ. بەدرەك مەخسۇمغىچۇ! ئۇنىڭ نېمىسىگە، قانداق قىلىقلىرىغا قاراپ بۇ لەقەمنى قويۇشقاندۇ! بۇنىڭ سەۋەب ۋە جەريانلىرى بىر ئاز مۇرەككەپ.

بەدرەك سۆزى — مۇتتەھەم، ئۇششۇق، زاڭ، رەسۋا، قېلىن، ئارسىز... ۋە يەنە شۇ خىلدىكى نەپرەتلىك سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا توغرا كېلىدىغان ھاقارەتلىك سۆز، ئۇنداق بولسا، مەخسۇمنىڭ قانداق ئىشلىرىغا قاراپ «بەدرەك» لەقىمىنى قويىغاندۇ!؟ كۆزىتىش نەزەرى ئۇزۇن، مىزان ئۆلچىمى بەك ئادىل بولغان خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ ئۆلىما ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان مەخسۇمزادىلىكىنى، دادىسىنىڭ سايىسىدە ئۇزۇن يىل مەدرىستە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغان-



AltunOq

دەك، ئىلىم يۇقماي ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالغانلىقىنى، ئەمما
بېشىدىن سەللە تۇمىقى، ئۈچىسىدىن مەخسۇملۇق تونى چۈشمە-
گەنلىكىنى، دەل شۇنداق تەقۋادار نىقاب ئاستىدا بۇزۇقچىلىق،
كەيىپ - ساپا يولىغا مېڭىپ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى، نەزەردە
پالاق تۇخۇمدەك سېسىغانلىقىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇ-
راتتى. بۇزۇلغان بۇ مەخسۇمۇ ئادەمنى كۆرسە ئادەمچە، ئال-
ۋاستىنى كۆرسە ئالۋاستىچە سۆزلەيدىغان، ئەھلى - ئىلىم سو-
رۇنلىرىدا مەخسۇمزادىلىك دەسمايىسىنى كۆتۈرۈپ چىقسا، ئىل-
پەتلىرىنى تاپقاندا چىلىم چېكىش، قىمار ئويناشتەك پەسكەشلىك-
لەر بىلەن ئادەتلىنىپ، خەلق نەپرىتىنى تېگى - تېگىدىن قوزغاي-
دىغان رەزىل شەخس بولۇپ قالغانىدى. خەلق ئۇنىڭ مۇنداق
رەزىللىكىگە قاراپ بىر مەزگىل ئۇنى «كاساپەت مەخسۇم» دەپ
ئاتاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى،
ھەسەتخور، پىتنىخورلۇقتەك ناچار ئىللەتلىرىنى سەزگەن ئاما
ئىلگىرىكى ئىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «بەدرەك مەخسۇم»
دەپ ئاتاشتى، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا قوغۇشۇندا قۇيغاندەك ئۇيۇپلا
قالدى.

ياۋىدىن قورسىقىغا تۆرەلمە پەيدا قىلىۋالغان بەختسىز
ئايال كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى ئەل
نەزەرىدىن يوشۇرۇش ۋە قانداق قىلىپ بوشىنىۋېلىش كويىدا
كۈنلەرنى قانداق بىئارام ئۆتكۈزگەن بولسا، ئىچىگە «ھەسەت»
ئىسىملىك تۆرەلمە قاچىلىۋالغان بەدرەك مەخسۇمنىڭ كۈنلىرى-
مۇ شۇنداق بىئارام ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇ بىئارام بولغىنى خېلى كۈن بولدى. قاچانكى ئابدۇ-
قادىر داموللا قەشقەرگە كەلدى، شۇ كۈندىن باشلانغان بۇتولغاق

ئۇنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلىدى. ياكى كېچىسى ئۇيقۇ يوق، ياكى كۈندۈزى ئارام. كېچىسى ئەمدىلا ئۇيقۇ تاپاي دېگەندە، كۆز ئالدىغا ھېيتكا ۋە ئۇيەرگە توپلانغان سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياڭراق ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتقان ئابدۇ ـ قادىر داموللام، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ۋە ئالقىش سادالىرى... داموللام شەرىپىگە بولۇنغان چاي ـ بەزمە، زىيا ـ پەتلەر... ئۇزۇلمەستىن مارجاندەك تىزىلىپ كېلەتتى ـ دە، پۈ تۈن بەدىنىگە ئاچچىق زەھەر تارايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ قانداقمۇ ئۇيقۇ تاپسۇن!

كۈندۈزلىرىمۇ ئوخشاشلا بىئارام بولاتتى. ياكى ئۆيدە ئا ـ رامىدا ئولتۇرالمايتتى، ياكى كوچىدا. سەرمەندىن ياكى قۇمدەر ـ ۋازىدىن كېلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇقادىر داموللىنى زىيارەت قىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ـ دە، ئولتۇرغان يەردىمۇ بىردەم بېسىپ ئولتۇرالمايتتى.

بۈگۈن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرالماي يەنە كوچىغا چىقتى. قە ـ يەردە تۇرۇشىنىمۇ بىلمەستىن، خۇددى كۆكۈيۈن چاققان بايتال ـ دەك يورغىلاپ، ھېيتكادىن قايرىلىپ نورىبېشى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندا، كىمدۇر بىرى چاقىرىپ قالدى. ئۇ ئىتتىك توخ ـ تاپ قايرىلىپ سول تەرەپتىكى كىتابپۇرۇش دۇكىنىدا ئولتۇرغان «غىلدىرەك»داموللىنى كۆردى ـ دە، خۇش بولۇپ ئۇچقاندەك بېرىپ كۆرۈشتى. «ھاپىتىغا ـ شاپىتى، توگرىلىققا مەرەزدا» دېگەندەك، بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللىنىڭ تېپىشىپ مۇنداق قىزغىن كۆرۈشكەنلىكى ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى. ئۇلار نېمىدېگەن قىزغىن، نېمە ـ دېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە! ئەگەرشائىرلار بىلسە، «بەدرەك ـ غىلدىرەك» ـ

تىن ئىبارەت مۇنداق توق قاپىيىگە قىزىقىپ چاپلىشىپلا قال-
غان بولاتتى!

كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان يەنە بىر يېرى، «غىل-
دىرەك» دامولللىنىڭ لەقەم تارىخىمۇ بەدرەك مەخسۇمنىڭ
تارىخى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقىدا، ئەمما، ئۇ ئاددىيراق
ئىدى. غىلدىرەك دامولا مەدرىسىدە ناچار ئوقۇغان بولسىمۇ،
ئەمما ئاتىسىنىڭ كۈچى بىلەن داموللا ئۇنۋانىنى قولغا كەل-
تۈرۈپ، كىچىكرەك مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىنىۋالغان، لې-
كىن ئۆزىگە تۇشلۇق ئىش كۆرمەي، جاھانسازلىققا كۆپرەك بې-
رىلىپ، چىشىنىڭ ئىپقىنى كۆرسىتىش، سىيلىق - ياغلىما، يال-
غان - ياۋداق سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىپ، كەڭ
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يۈرگۈزۈپ، كوچا - دوقمۇش، بۇ-
لۇڭ - پۇچقاقلاردا زاسۇيىچىنىڭ غالتىكىدەك غىلدىرلاپ يۈ-
رۈپ، ھەممە يەرگە يېتىشتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە
قاراپ ئەھلى-جامائەت ئانچە باش قاتۇرۇپ تۇرماستىنلا«غىل-
دىرەك داموللا» دەپ ئاتىشىۋالدى.

— ئالدىراشقۇ، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىرى؟ — دېدى غىل-
دىرەك داموللا مەخسۇمنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپ.

— ھېچ...، — دېدى مەخسۇم ئۆز كەيپىياتىنى ئىپتقۇسى
كەلمىگەندەك قىلىپ.

— يوشۇرمىسىلا، خېلى دەردلىرى بار!

— ياقەي، ئىچىم پۇشۇپ...

— قويسىلا، قاملاشمىغان گەپلىرىنى! توققۇزى تەل مەخ-
سۇمنىڭمۇ ئىچى پۇشامدىكەن! — غىلدىرەك داموللا سىنچى كۆز-
لىرى بىلەن گويا ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلمەكچى بولغان-

دەك قادىلىپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قولىنى قو-يۇۋەتمەي، باھا كېلىشتۈرگۈچى بىردىكتەك سىلكىپ دوستلۇق ئىزھار قىلاتتى.
— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، ئىچىپۇشۇقى دېگەن مەندە!— دېدى مەخسۇم گۆلىيىپ قاراپ، — مۇشۇ كۈندىكى ئىچ پۇشۇ-قۇمنىڭ ئېغىرلىقىدا قەشقەرنى تاشلاپ، يىراق بىر شەھەرگە كېتەي دەۋاتىمەن!
— بەللى، بەللى،— دېدى غىلدىرەك داموللا يەرگە چۈشۈپ يېرىلىپ كەتكەن چىلگىدەك ھېجىيىپ، ئۇنىڭ چىشلى-رى خۇددى چىلگە ئۇرۇقچىسىدەك سىرىق كۆرۈنەتتى، — مەن بىلسەم، سىلى ئىمام ئەزەم ھىندىستاندا تۆھمەتچى ئايالغا تو-نىنى يېشىپ بېرىپ قۇتۇلغانغا ئوخشاش بىر ئىش قىلاي دە-ۋاتىلا، شۇنداقمۇ؟
بەدرەك مەخسۇم جاۋاب قىلماي جىم تۇردى. غىلدىرەك داموللا غىلدىرلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ يەنە سورىدى:
— سىلى ئىمام ئەزەمنىڭ شۇ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان-مۇ؟ ئاڭلىمىغان بولسىلا سۆزلەپ بېرەي! — دېدى ئۇ مەخسۇم-غا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ.
ئاڭلىمىغان ھېكايىنى ئاڭلىغان دېيىشكە ئۇڭايسىزلان-غان مەخسۇم ئاڭلىمىدىم دېيىشكە نومۇس قىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. غىلدىرەك داموللا سۆزلەشكە باشلىدى:
— بىر كۈنى ئىمام ئەزەم ئورمانلىقتا كېتىۋاتسا، يول چېتىدىكى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ياۋروپالىق ئاق تەنلىك بىر ئايال بىلەن قارا تەنلىك بىر ھىندى مۇھەببەتلىشىۋېتىپ-تۇ. بۇنى كۆرگەن ئىمام ئەزەم ئويلاپتۇكى، ئۇلار كىشىۋەتسەم

ئۇلار بۇ هارام ئىشنى قىلىشتىن توختاپ، گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ يىراقتىنلا «هايت» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھىندىستانلىق قوپۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. مۇھەببەت پەيزىنى بۇزۇپ قويغانغا ئاچچىقى كەلگەن ھېلىقى ياۋروپالىق ئايال يۈگۈرۈپ كېلىپلا ئىمام ئەزىمنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

«ئادەم بارمۇ، ئىمام ئەزەم ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، قوتقۇلدۇرۇڭلار!» — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىمام ئەزەم: يامان بولدى، خەقلەر كەلسە، ئاق-قارىسىنى بىلگۈچىلىك ماڭا سەت ئەمەسمۇ، دەپ قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ-يان قىلىپمۇ، بۇيان قىلىپمۇ چاپاننىڭ پېشىنى ئايالنىڭ قولىدىن ئاجرىتالماپتۇ. قارىسا، ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئادەملەر كېلىۋاتقۇدەك، تەمتىرەپ قالغان ئىمام ئەزەم ئاخىر تونىنى سېيرىپ سېلىۋېتىپ ئۆزى قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. سىلىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش قىلاي دەۋاتامىلا!

— بارىكاللا، كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋاللا جۇمۇ! — دېدى بەدرەك مەخسۇم قايىل بولغان قىياپەتتە كۈلۈپ. ئۇ ئەمدى يارىسىنىڭ يىرىڭىنى چىقىرىۋەتكەندەك سەل يېنىكلىدى.

— ئۇكام، — دېدى غىلدىرەك داموللا مۇغەمبەر كۈلكە-سىگە زور قىلىپ، — سىلى كىمنىڭ ئوغلى بىلەملا! سىلى دېگەن قەشقەرنىڭ نۇرلۇق چىرىغى پەخرۇل ئىسلامنىڭ ئوغلى. سىلىنىڭ پەدەر بۇزۇرگاھلىرى دىنىي ئىسلامنى روناق تاپتۇرۇپ، مۇتلەق كەڭ نوپۇزغا ئىگە بولغان ئۇلۇغ زات، شۇنداق ئۇلۇغ ئەۋلاد-نىڭ پۇشتى تۇرۇقلۇق، قەشقەرنى تاشلاپ قەيەرگە بارماقچى! مۇنداق سۆزنى ئىككىنچى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا، بىز ھېچيەرگە



AltunOq

كەتمەيمىز! كىمنى كۆرمىگەن، كىمنى ئۆتكۈزمىگەن قەشقەر بۇ!

بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك دامولـلا تـاسادىپىي ئۇچرىشىپلا خۇددى ئىلگىرى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، پىت بىر قىشىپ قىچىشقان يەرلىرىگە ئارام بەرمەكچى بولۇشتى. بۇلارنىڭ سىرى، مەقسىتى نىمە؟ بۇنى كىم بىلسۇن! ئۇلار كىتابپۇرۇش دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ، كەڭتاشا سۆزلەشكىلى بـولمايدىغانلىقىنى ئوخشاش ھېس قىلىشقاندەك، بىر - بىرىگە قـاراشتىدە، تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوشماقتـەك يـانـدىشىپ يـۈرۈپ كېتىشتى.

— دۇكان ئالدىدا ئوچۇق سۆزلەشكىلى بولمىدى، — دېدى غىلدىرەك دامولا دۇكاندىن 20 - 30 قەدەم يىراقلاشقاندا، — قېنى، سۆزلىسىلە، ئىچىلىرى نىمىگە پۇشتى، ئاڭلاپ كۆرەي!

— سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتماي جۇمـۇ! — بـەدرەك مەخسۇم نىمە ئۈچۈندۇر ئـوڭايسىزلانغاندەك، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— دېسىلە، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا يـوشۇرىدىغـان سىر يوق، دېسىلە، نىمىگە ئىچىلىرى پۇشتى؟

— ئىچىم پۇشقان يىرى، — دېدى مەخسۇم ئەلەم بىلەن، — ھازىر قەشقەردە قەيەرگىلا بارسا ئابدۇقادىر دامـوللا، كىمنىڭلا ئـاغـزىغـا قـارىسا ئابدۇقادىر دامولا دېـگـەندىن باشقا گەپ يوق. ئۇنداق ئالىم، مۇنداق ئۆلىما، قـانـچـە - قانچە كىتاب يازغان، رىسالە تۈزگەن-دېيىشىپ، بەزەنلەرنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قاينايدىكەن تېخى. شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ!؟ راست سۆز قىلسام، مەن بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالمىدىم! مېنىڭ ئىچ پۇشۇقۇم مانا مۇشۇ يەردە! بـۇ خـەق قاراپ تۇرۇپ

بىر ئاتۇشلۇقنى مۇشۇنداق ئاسمانغا كۆتۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا بىز قەيەرگە باردىكەنمىز! ئەخلەتخانىغا بارامدۇق، بىزنىڭ شەھەرنىڭ ئۆزىدىن كۆتۈرگۈدەك ئادەم چىقمامدىكەن! سىلى تۇرۇپلا، سىلىگە ئوخشاش نى ــ نى داموللىلار تۇرۇپتۇ، بىزمۇ تۇرۇپتۇمىزغۇ! ــ مەخسۇم بىرئاز توختىۋېلىپ، غەزىپىنى باسقاندەك چوڭقۇر تىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، ــ قەشقەرلىق دېگەن مۇشۇنداق ئوسال خەق، بىر ئادەمگە ئېقىنىپ كەتسە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا قۇلىقىم ئاڭلىمايدىغان، كۆزۈم كۆرمەيدىغان يەرگە كېتەي دېگەن!

غىلدىرەك داموللا بىر هازاغىچە قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن، كۈلكە ئارىلاش سۆزلىدى:

ــ سىلى قالتىس ئادەم، جۇما! ــ دېدى ئۇ مەخسۇمنىڭ قولىنى قىسىپ، ــ مېنىڭ كۆڭلۈمدە نېمە بولسا، سىلىنىڭ كۆڭلىلىرىدىمۇ شۇئىكەن، ماڭا قانداق خىيال كەچكەن بولسا، سىلىدىمۇ شۇنداق ئىكەن، نېمىدېگەن ئوخشاشلىق ــ هە! لېكىن كېيىنكى گەپلىرىگە قوشۇلمايمەن! ــ دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كېيىن چىرايىغا جىددىي تۈس ئېلىپ داۋام قىلدى، ــ هېچ يەرگە كەتمەيمىز، قەشقەرنى ئابدۇقادىر داموللا سورىمايدۇ، ئىگىسى بار. بېشىمىزدا سايىۋەن بولۇپ ماتىتەي جانابلىرى تۇرۇپتۇ. قەشقىرىمىزنىڭ گۈل تاجىسى هەمراهبايدەك نى ــ نى بايلىرىمىز تۇرۇپتۇ، خاتىرجەم بولسىلا، هېچ يەرگە كەتمەيمىز، ئۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا!

ــ مەن قارىسام تىتەيىنىڭمۇ، بايلارنىڭمۇ كارى يوق، مەيلى دەپ قويۇۋەتكەندەك قىلىدۇ، ــ دېدىمەخسۇم مەيۈسانە قىياپەتتە بوينىنى قىسىپ.

— ئۇنداق دېمىسلە، خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسىغا ئوخشاش، بۇلارنىڭمۇ ئارغامچىسى ئۇزۇن، — غىلدىرەك داموللا كۆزنى مايمۇندەك ئوينىتىپ داۋام قىلاتتى، — ئاستا - ئاستا مېلىڭنى ئالىدۇ، ئاغرىتماستىن جېنىڭنى، دېگەندەك، ئۇلارنىڭمۇ كۆزلەپ قويغان يېرى باردۇ! ۋاقتى نېۋاق كەلگەندە، ئارغامچىنى بىر تارتسا، ھەرقانداق شاش ئاتمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇغۇ! شۇنداق ئەمەسما!

بۇلار سۆزلىشە - سۆزلىشە تىتەي يامۇل ئالدىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى. ئالدى تەرەپتىن ئاپلا بەگ چىقىپ كەلدى.

بۇمۇ بىر قىزىق ئىسىم. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا، ئېغىزچە ئېيتقاندا، ئابلا. تىتەي يامۇلغا ئارىلىشىدىغان بولغاچقا، ئابلا بەگ دەپ ئاتايتتى، بىراق ئۇنىڭ قانداقلا گەپ قىلسا، پات - پاتلا «ئاپلا» دەپ ئۇچلۇق ساقىلىنى تۇتاملايدىغان غەلىتە ئادىتى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ مۇشۇ ئادىتىگە قاراپ «ئاپلا» بەگ دەپ ئاتاشقان.

— بېگىم، سىلى خىزىر ئەلياستەك ئادەم، جۇما، — غىلدىرەك داموللا غىلدىرلىغان پېتى بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ داۋام قىلدى، — ئادەم قەيەردە سېغىنسا شۇ يەردە ھازىر بولىدىغان ئەۋلىيادەك ئادەم ئىكەنلا! بىز سىلىنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتۇق. ئازراق گېپىمىز بار ئىدى، سۆزلىشىۋالغان بولساق.

— ئاپلا... — دېدى ئۇ ئۇچلۇق ساقىلىنى تۇتاملاپ، — مۇھىم ئىش بىلەن كېتىۋاتاتتىم، جۇما، بولمىسا ئەھۋاللىشاق بوپتىكەن!

— ھەرقانچە مۇھىم ئىش بولسىمۇ، بىر پىيالە چاي

قويۇپ بېرەي، لەۋزىمنى يەرمىسىلا، خۇش بولاي!

— ئاپلا... يامان يەردىن تۇتتۇڭلار، جۇما! — دېدى ئاپلا بەگ غىلدىرەك داموللىغا قاراپ، ئۇ خېلىلا يۇمشاپ قالغانىدى.

بۇلار دوقمۇشتىكى چايخانىغا كىرىپ، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى.

— شەھەرنى ئالدى قۇنتەيجى، دېگەندەك ھازىر قەشقەرنى ئابدۇقادىر داموللا ئالدى! — غىلدىرەك داموللا ئەلەم بىلەن دەرد تۆكۈشكە باشلىدى، — بۇ ئادەم يەنە شۇ باشتىكىدەك شەھەرگە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ مەقسىتى نېمە، زادى چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايۋاتىدۇ!

— نېمىشقا چۈشەنگىلى بولمىسۇن! — دېدى بەدرەك مەخسۇم كەسكىن تەلەپپۇزدا ھۆكۈم قىلىپ، — مەقسىتى ئېنىق. ئۇ ئادەمنىڭ دەيدىغىنى خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى ئويغىتىپ نېمە قىلماقچى؟! تىنتەيگە قارشى چىقماقچى، تايىنلىق تۇرۇپتۇ. بۇ توغرىدا بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس، بېگىمگە ئېيتىمىز دەپ كەلدۇققۇ، بېگىم ئاڭلاپ باقسۇن، ئاندىن يەتكۈزىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويىمىدۇ!

— ئاپلا... — دېدى ئۇ ساقىلىنى تۇتامىلاپ ئۇياق - بۇياققا چۆچۈپ قارىۋېلىپ، ئاندىن سۆزلىدى، — بىز يامان يەردە سۆزلىشىپ قالدۇق، لېكىن ئىككىڭلارغا ئېشەنچىم بار، سىلەرنى ھېچكىمگە تىنمايدۇ، دەپ قاتتىق ئىشىنىمەن. مۇشۇ كۈندە تىنتەينىڭ ئالدىغا كىرىدىغان ئادەم بەك نۇرغۇن، باپكارنىڭ موكىسىدەك كىرگەن - چىققان، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇقادىر داموللا توغرىسىدا

شىكايەت قىلىشنىۋاتىدۇ. شۇ خەق شىكايەت قىلمىسا تىتەيىنىڭ نىمە كارى! ئۇ دېگەن بىر ئويۇنچى ئادەم، ئالتەكۈنلۈك ئالەمدە ئويناپ كۈلگىنىم قالدى، دەپ تەيتەي خېنىملار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ، كۈننى كەچ قىلىۋېرىدۇ. كېچىسى تېخى تاماشانىڭ يوغىنى... ئاپىلا... تىتەيىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ قويدۇمىمۇ-قانداق؟ ئەگەر ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، تانابىمنى غىر تارتىدۇ! — ئاپلا بەگ ئۆزىچە خاۋاتىرلىنىپ، ئالاق - جالاق بولۇپ، ئەتراپىقا بىر قۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، يەنە داۋام قىلدى، — لېكىن، تىتەي بايلارنىڭ سۆزىنى بەك ئاڭلايدۇ، جۇما! باي دېگەن بەك يامان بولىدىكەن، ئۇلار ئۆزى كىرىشتىن بۇرۇن بىرمۇنچە قىممەتلىك نەرسە - كېرەكلەرنى كىرگۈزۈپ تامىقىدىن ئىلىدىكەن. بېلىقنى ئوخشاش ئىلىندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزى كىرىدىكەن. بۇ چاغدا ئۇلار نېمە دېسە، تىتەي ماقۇل دەۋېرىدۇ، ھەرگىز ئۇلارنىڭ گېپىنى يېرىۋېتەلمەيدۇ. ئاپىلا... ئاغزىم مۇشۇنداق ئەسكى، ئاغزى يېشىلىپ كەتكەن تاغاردەك سۆزلەۋەردىممۇ - قانداق! بولۇپمۇ چايخانىدا ئولتۇرۇپ، كېلىش - پەخەس گەپنى قىلىۋەرگىنىمنى قاراڭلار، بۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى. ئاپلا ... بىزگە يامۇلنىڭ ئىچىدىكى ئىشنى سىر تۇتۇڭلار، ھېچكىمگە سۆزلىمەڭلار دەپ تاپىلاپ تۇراتتى، بۈگۈن مەن ئەمەل قىلالمىدىم، يامان بولدى. جۇما، ئاپلا... — ئۇچلۇق ساقىلىنى تۇتاملىغان ئاپلا بەگ مەخسۇم بىلەن داموللىغا بەزدەك قاراپ داۋام قىلدى، — لېكىن ھەرقايسىڭلارغا ئىشىنىمەن، ئىنىس - جىنىغىمۇ تىنمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، لېكىن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدى



AltunOq

ـغان بولسا، بۇنىڭ دەردى ھەممىدىن بەكرەك ماڭا تېگىدۇ. ھەر قايسىڭلار تېخى ماڭا تۆت تەڭگە چاي پۇلى بەرگىنىڭلار يوققۇ، بىر پىيالە چاي ئىچىپلا شۇنچە ئۇرغۇن گەپنى قىلىپ تاشلىغىنىم چوڭ خاتا. جۇما، ئاپلا...، — دېدى ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ.

— بېگىم، — مەخسۇم ئىلتىماس نەزەرىدە قاراپ سۆز ئاچتى، — بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى تىتەينىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ قويارسىمۇ!

— يەتكۈزمەمدىغان، مەن ھەر كۈنى تىتەينىڭ پۇتىنى تۇتقىلى كىرگەندە، قانداق گەپ - سۆزلەر بار، دەپ سورايدۇ. مۇنداق تەرەپلىرىگە تىتەي بەك چېچەن. ھەرقايسىڭلار تۆت - بەش تەڭگە چاي پۇلى بەرمىگەن بولساڭلارمۇ، ئۇنچىلىك گەپنى يەتكۈزمەي قالامتىم. ئاپلا ... ئۆيگە گۆش ئاپىرىپ بېرىدىغان بىرمۇھىم ئىشىم بار ئىدى، كېچىكىپ قالدىم، قانداق قىلارمەن، ئەمدى قوشناچىم ساقلىمنى يۇڭدايدىغان بولدى - دە! ئاپلاھۇ ئەپكەر....

ئاپلا بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدىيۇ، بىردىنلا توختاپ قالدى.

— ئاپلا...، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ھېلى چىقار ۋاقتىمدا ئالدىراپ پۇلنى ئۇنتۇپ قاپتۇمەن، ئەمەسما! يېنىمدا گۆش ئالغۇدەكمۇ پۇل قالماپتۇ، ئاپلا!

— كېرەك يوق، بېگىم، بىزدە بولغاندىكىن ئوخشاشقۇ، — مەخسۇم ئىككى مىسقاللىق تەڭگىدىن بىرنى ئۇزارتتى، — بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويماسلا! — دېدى ئۇ تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ.

— خاتىرجەم بولسلا!

ئاپلا بەگ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللىمۇ چايخانىدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

— داموللام تېخى خەلقنى ئويغىتارىمىشكەن، ئۇ ئويغاتـ ـمىسىمۇ مەزىنباخۇنۇملار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىتىۋاتمامدۇ!

— داموللامنىڭ مۇشت ئاتمايدىغان ئادىمى يوق ئىكەن، شۇبدلار ئاچقان شىپاخانىغىمۇ چاڭ سېلىپ...

— تىتەيگىمۇ، نىكولاي پاشاغىمۇ، ئىنگلىزلارغىمۇ ئۆكتە قىلىپ...

— بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا مەرىپەت دەيدىكەن!

— ئىسلاھات دەپ، نەچچە يۈز يىلدىن بولۇپ كېلىۋاتـ ـقان ئادەتلىرىمىزنى بۇزۇپ، قانداق مەقسەتكە يەتمەكچىكىنتاڭ!

ئىشتاندىكى كۆڭۈلگە تايىن، دېگەندەك ئىككىسىنىڭ ئىچىدە يېنىۋاتقان ھەسەت ئوتى بىر ـ بىرىگە تۇتۇرۇق بولۇپ، دەردىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۇلار بىرئاز ۋاقىت سۆزسىز ماڭدى، لېكىن كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئىچىنى قانداقتۇر بىر خىل زەھەرلىك قۇرت تاتلاۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. ياق، توغرىراقى، تەتۈر تولـ ـغاق تۇتقاندەك ھالسىزلاندۇراتتى. ھازىرلا ۋايجان دەپ تۇـ ـگۇلۈپ يېتىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئازاب سېلىپ قاقشىتاتتى. بۇ نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە راستتىن تۆرەلمە پەيدا بولغانمۇ! راستتىن تولغاق تۇتقانمۇ! ياق ... ئۇلارغا ئازاب سېلىۋاتقان نەرسە، قانداقتۇر زەھەرلىك قۇرتمۇ ئەمەس، تولغاق تۇتقانلىقـ ـتىنمۇ ئەمەس، ئۇلارنى ئازابلاۋاتقان، قاقشىتىۋاتقان نەرـ ـسە ئۆزلىرى كەسىپ قىلىۋالغان ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك،

ئىچى تارلىق!

ئۇلار بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتىن بىر ئاشىق پەيدا بولدى. بېشىغا ئۇچلۇق كۇلا، ئۇچىسىغا قۇراق چاپان كىيگەن بۇ ئاشىق ئەگمە دوناي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، قاندافتۇر بىر سۆزلەرنى تەكرارلاپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، تەلەپپۇزى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەدرەك مەخسۇم، غىلدىرەك داموللا ئاشىقنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى، ياق، ئۇلار قۇلاق سالمىدى، بەلكى ئاشىقنىڭ ئېيتقانلىرى دانە ـ دانە بولۇپ، تاش ساقىدەك ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاشىق تەكرارلىماقتا:

بىئامازنىڭ كۆرى تار
كۆرىگە قانداق پاتار.
يېتىشى پاتقان بىلەن
ئازاب چېكىپ قانداق ياتار؟!

ئىچى تارنىڭ ئۆيى تار
ئۆيىگە قانداق پاتار.
يېتىشى پاتقان بىلەن
سىغىشىپ قانداق ياتار؟!

يېتىمخورنىڭ شەھرى تار
شەھرىگە قانداق باتار.
يېتىشى پاتقان بىلەن
چىقىشىپ قانداق ياشار؟!...

— نېمە دەۋاتىدۇ، ماۋۇ سارالڭ دىۋانە! — دېدى بەدرەك مەخسۇم روبىروسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاشقفا خۇددى چاپناپ پۈركۈپ تاشلايدىغان ئەلپازدا ھومىيىپ قاراپ.

— يوللىرىغا ماڭسىلا، ئۇنداق گەپكىمۇ قۇلاق سالامدىغان! — دېدى غىلدىرەك داموللا مەخسۇمنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، — سارالڭ دېگەن ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئېتىبارى.

— ياق، ئەمدى... ئادەمگە سوغۇق ئاڭلىنىدىكەنچۇ! ئاغزىغا بىرنى قويۇپ، ھېلى بىكار...

— قىزىق مەخسۇم ئىكەنلا، جۇما، مۇشۇ كەمگىچە تېخى چۈشەنمەپتىكەنمەن! — دېدى غىلدىرەك داموللا مەخسۇمنىڭ كۆزىگە مەسخىرە ئارىلاش قاراپ، — بۇنىڭغا خاپا بولۇش ھاجەتسىز، مېنىڭچە، قىلچە ھاجىتى يوق. سىلى پاكى بىنا ماز بولمىسىلا، پاكى ئىچى تار، پىتنە ـ پاساتچى بولمىسىلا، يەنە نېمىدەپ خاپا بولىلا! مەن ھاي بەرمىسەم بېرىپ ئۇرۇپ قويۇشتىن يانمايدىكەنلا، جۇما، ئەگەر ئۇرۇپ قويغان بولسىلا، قانداق بولاتتى، بىلەملا؟ ئۇ ئەبگا يېتىۋېلىپ ئۆلۈكىنى ساتاتتى!...

— قورقامتىم! — دېدى بەدرەك مەخسۇم دوستىنىڭ سۆزىنى قايرىپ، — ئۇرغان بولسام، سارالڭ دىۋانىنى ئۇرۇپ ئوبدان قىلدى، دەپ خەلق خۇش بولاتتى!

— يوغسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ، سىزنىكى بار سەكرەپتۇ، دەپ شاڭخو قىلىدۇ، بىلەملا! يۈرسىلە، باينىڭ كانتورىغا بارايلى، دەردىمىزنى شۇ يەردە چىقىرىمىز، — غىلدىرەك

داموللا مەخسۇمنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ باينىڭ كانتورى تەرەپكە باشلاپ كەتتى.

ئۇلار ئەمدى قەشقەرنىڭ «ئۇلۇغ پېشۋاسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان زەردار ۋە ھوقۇقدار ھەمراھباينىڭ كانتورى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

قورسىقىغا ياۋىدىن تۆرەلمە قىلىۋالغان قىز ئۆز سىرىنى پەقەت ئانىسىغىلا ئېيتقاندەك، بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللامۇ ئۆز دەردلىرىنى بىردىنبىر ھىمايىچىسى بولغان ھەمراھبايغا ئېيتماقچى بولۇپ ئالدىراپ ماڭغانىدى.

× ×

ھەمراھباي ھەر كۈنى كانتوردا بوغالتىر ئۆيىدە بىر-ئىككى سائەت ئولتۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك ئادىتى ئىدى. ھەر كۈنى ئۇ، بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بوغالتىردىن كىرىم-چىقىم، پايدا-زىيان توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەيتتى. باشقا ئەھۋاللاردىمۇ ئۇچۇر ئېلىپ تۇراتتى، دادى-مۇئامىلە قىلغانلار بىلەن كۆرۈشەتتى، سۆزلىشەتتى، سودا نوختىلىرى تۈزۈشەتتى، شۇنىڭدەك ئۆز ئادەملىرىگە ئىگىلىك توغرىسىدا يوليورۇق بېرەتتى. ئۇ بۇ خىل ئىشلارنى بىۋاستە ئۆز قولىدىن ئۆتكۈزۈپ، پىسەنتىگە كەلتۈرۈپ ئىشلەشكە تولىمۇ خۇشتار ئىدى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، يېگەن غىزاسى تېنىگە سىڭەتتى.

سودا-سېتىق، دادى-مۇئامىلە ئىشلىرى باينىڭ كۆڭ-



AltunOq

لىدىكىدەك ئويلىغان يېرىدىن چىقسا، شۇ كۈنى باينىڭ چېھرى ئوچۇق، كەيپى چاغ بولاتتى. كىشىلەر بىلەن خۇش مۇئامىلە قىلىپ ئوچۇق سۆزلىشەتتى، لېكىن بەزىدە ئىش ئۇنىڭ ئوي-لىغان يېرىدىن چىقماي قالسا، چىرايى تۇتۇق، كەيپى بۇزۇق بولاتتى. خۇددى ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك خاپىلىق با-ساتتى. ئەمما مۇئامىلىدە پايدا كۆرۈلمىسە ياكى چوڭراق زىيان تارتسا، توختام بۇزۇلسا، قەرەل كېچىكسە، ئىشقىلىپ ئىگىلىك ئىشلىرىغا پايدىلىق بولمىغان بىرەر ئۆزگىرىش-سىزلىق كۆرۈلسە، ئۇنداق كۈنلىرى كانتورنى جۇت باساتتى. ھاۋا گۈل-دۈرلەپ چاقماق چاقاتتى. بىردەمدە شارقىراپ يامغۇر قۇيسا، بىردەمدىلا تاراسلاپ مۆلدۈر چۈشەتتى. بۇنداق كۈنلەرنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن! ھويلا - ئا-رام، كانتور ئىچى مۇزلاپ قالغاندەك جىمجىت بولۇپ كېتەتتى. ھېسابچىلار چارا قىلىپ چوت سوقۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى!

بەختكە يارىشا، بۈگۈن نورمال كۈن ئىدى. بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللا ھويلىغا كىرگەندە، بوغالتىر ئۆيىدە ئولتۇرغان باي دېرىزىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ، لاپ ئېتىپ قاراپ قويدى - دە، كۆرمىگەن كىشى بولۇپ قولىدىكى قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇردى.

باي ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەي-دىغانلىقىنى، ئەمما يىراقتا تۇرۇپ قاۋاشقا يارامىلىق ئىكەن-لىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، بۇلار نېمە ئۈچۈن، قانداق ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟ باي ئەمدىلا ئويلاۋاتقاندا، ئۇلار بەرگەن سالام ئاۋازى ئاڭلىنىپ، باينىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى باي ئۇلارغا يىللىق

نەزەر تاشلاپ، — كېلىنگلار، بۇيان كېلىپ قاپسىلەرغۇ؟

باينىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۇرغان غىلدىرەك داموللا جاۋاب قىلدى:

— ئۆزلىرىگە سالام بېرىپ چىقاي دەپ كېلىشىدۇق.

— ياخشى، خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئىلتىپاتىدا تىنچ-ئامان تۇرۇۋاتىمىز! — دېدى باي ئۇلارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ قاراپ، گويا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك. قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — شەھەردە قانداق گەپ-سۆزلەر بار، مەنغۇ كەچكىچە كانتوردا ئولتۇرۇپ، ھېچ گەپ ئاڭلىمايدىكەنمەن، تېزلىقتۇ!

—ئىنشائاللا، تېزلىق، غىلدىرەك داموللا ئالدىراپ جاۋاب قىلدى. بەدرەك مەخسۇم نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆزىگە ئاچچىق ھومىيىپ قويدى. ئەلپازىدىن، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلمايدىغانلىقى، خوپ كۆرمىگەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ بايغا بۇرۇلۇپ سۆز قىلدى:

— ھازىر دەھرىلىك، جەدىتلىك يېيىلىۋاتقان شەھەرنى قانداقمۇ تېز دېگىلى بولسۇن!

— نېمە!؟ يېيىلىپ كېتىپتىمۇ، مەن تېخى ئاڭلىمىغان ئىش ئىكەن!

ھەمراھباي مۇنداق ئىشلاردا قۇۋ ئىدى. بىلىپ تۇرسىمۇ، چاندۇرماستىن بىلمەسكە سېلىپ، قارشى تەرەپنى كۆپرەك سۆزلىتىشنى، دەلىل-پاكىتلارنى كۆپرەك ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ، چۆچۈگەن، ھەيران بولغان قىياپەتتە مەخسۇمغا قېنى سۆزلىسىلە، قۇلىقىم سىلىدە، دېگەندەك قىلىپ تۇراتتى. مەخسۇم ئۇنىڭ سەممىي قاراشلىرىدىن روھلىنىپ، باي مېنىڭ پىكرىمنى ياقتۇرۇپ قالدى دەپ، كۆڭۈللۈك سۆزلەشكە كىرىشتى:

ــ خەۋەرلىرى بار، ــ دەپ سۆز باشلىدى ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى تىلى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە نەملىۋېلىپ، ــ قاچانكى ئابدۇقادىر داموللا شەھرىمىزگە كەلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئىش قۇتراپ چىقىشقا باشلىدى. ھازىر ھەممە ئادەم دەججالنىڭ ئارقىسىغا ئەگەشكەندەك، شۇ ئادەمگە ئەگىشىپتۇ. قەيەرگىلا بارساق شۇ ئادەمنىڭ گېپى. ئوقۇيغىنىش، مەرىپەت، ئىسلاھات ... دېگەن سۆزلەر، كىمنىڭلا ئاغزىغا قارىساق، ئۇ ئادەمنى ئالىم، ئۆلىما، مەرىپەت يۇلتۇزى، دېگەندەك مەدھىيىلەشلەر... سۆزنىڭ كۆپلۈكىدە ئادەمنىڭ قۇلىقى گاس بولۇپ كېتەي دەپ قالدى! ھەر كۈنى بىرقانچە يەردە چاي، زىياپەت، يىغىۋېلىۋاتقان، ئىچىۋېلىۋاتقان، كىيدۈرۈۋاتقان، زەللە قويۇۋاتقان، دۇئا ئېلىۋاتقان، ئۇنداق ئالىم، مۇنداق ۋەلى، دەپ تەرىپلىشىۋاتقان، ئۇنداق كىتاب يازدى، مۇنداق دەرس ئېيتتى، دەپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان، ئادەمنىڭ قۇۋۇرغىلىرى ئېگىلىپ كەتكۈدەك، زادى...

مەخسۇم بۇ سۆزلەرنى خۇددى قولىدىكى تاماق قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپقالغاندەك، سەسكەنگەن قىيا پەتتەسۆزلەيتتى، ئەمما بۇ سۆزلەر باينىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر بولغاچقا، باي ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئاڭلىدى، چۈنكى ئابدۇقادىر داموللا بۇ قېتىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي دولقۇن ۋە شياۋشۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ كەلگەن ھەمراھابايمۇ خۇددى بەدرەك مەخسۇمغا ئوخشاشلا ھېس قىلاتتى، شۇڭا مەخسۇمنىڭ سۆزى قۇلىقىغا خۇشياقتى، ئەمما ھەمراھباي ئۆز ھېسسىياتىنى بەدرەك مەخسۇمغا ئوخشاش، ئۇنداق كوچا ـ كويلار

دا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كۆرگەنلا كىشىگە دادلاپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ ھېسسىياتىنى، كۆڭۈل سىرلىرىنى يوشۇراتتى، بەلكى پادىشاھ خەزىنىسىدىنمۇ پۇختا تۇتاتتى. بۈگۈن ئۇ كۆڭلىدە يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى بەدرەك مەخسۇمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدى. ئىچىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك خۇش بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قوشۇلۇش كېرەكمۇ ياكى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇش كېرەكمۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى پايدىلىق، قايسىسى زىيان؟ بۇنى ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئويلاپ بىر قارارغا كەلگەنىدى.

بەدرەك مەخسۇمنىڭ ھېسسىياتىغا قوشۇلۇش — بايىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، ئىناۋىتىنى چۈشۈرەتتى. بۇ بىرىنچى زىيان؛ ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق ئىشنى سىر تۇتۇش، سىرلىق ئىش يۈرگۈزۈش، سامان تېگىدىن سۇ قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۆز پرىنسىپىغا خىلاپ كېلەتتى، شۇڭا، ئۇ بەدرەك مەخسۇمنىڭ ھېسسىياتىغا قوشۇلماسلىق، ھەتتا ھازىرقى ھېسداشلىق كەيپىياتىنىمۇ يوشۇرۇشنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، شۇئانلا ئۇنى چەكلەپ تاشلىدى:

— بولدى، بولدى! — دېدى ئۇ بەدرەك مەخسۇمنىڭ سۆزىنى كېسىپ، — مەيلى ئەمەسمۇ! خۇدا بېرىپتۇ، يېسۇن، ئىچسۇن، كىيسۇن، بىزگە نېمە! خۇدا ئۇ كىشىگە ئىلىم بېرىپتۇ، رىزقى بېرىپتۇ، ئۇنىڭغا نېمىدەپ يامان بولاتتۇق، ئۇنداق قىلماڭلار، ئۆپكەڭلارنى بېسىۋېلىڭلار! — دېدى ئۇ نەسىھەت تەرىقىسىدە داۋام قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زاھىرەن غەزەپ، ئىچىدىن يىلىلىق بىر نەزەر چاقناپ تۇراتتى، — ئىچىمىزدىن چىققان ئالىم ئادەم، كېلە ـ كەلمەيلا، ئۇنداق قاملاش-

مىغان گەپ ـ سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرسەك، سەت ئەمەسمۇ!
ئالىم ئەمدى كەلدى، ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى قەيەردىن
چىقىدۇ، شۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، ئاندىن بىرنىمە دېيەلەيمىز. ئەمدى ئەسلىگە كەلسەك،
ئۇلگۇرەرمىز. قانداق دېدىما، سۆزۈم توغرىمۇ؟

ــ توغرا، توغرا! ــ دېيىشتى ئۇلار تەڭلا باش لىڭشىتىپ. باي ئۇنداق دېگەن يەردە ئۇنىڭغا قوشۇلماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇلار ياخشى چۈشىنەتتى.

ــ شۇنداق بولسۇن! ئۇ كىشى دېگەن كاتتا ئالىم، زېرەك ئادەم. يۇرتىمۇ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىپ، بېشىدا كۆتۈرگەندىنمۇ ئارتۇق ئىززەت قىلدى. ئۇ ئادەممۇ ئەلۇەتتە ئىززەت قىلغاننى بىلىدۇ. ئىززىتىنى بىلمەسلىك ناداننىڭ ئىشى، شۇنداقمۇ! ــ مەخسۇم بىلەن داموللا ئىككىسى باينىڭ سىرلىق سۆزى ۋە سىرلىق كۆزىگە قاراپ «شۇنداق» دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ جىم تۇرۇشتى. باي داۋام قىلدى،ــ ئىززىتىنى بىلمىگەن ئالىممۇ ئوخشاشلا نادان ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقمۇ! مېنىڭچە، بۇ ئادەم ئەلۇەتتە ئىززەت قىلغاننى بىلىدۇ. ئۇ كىشى كاتتا ئالىم، كاتتا ئالىم... سۇنىڭ ئىبقىشى، تۈكىنىڭ يېتىشى، دېگەننىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ، ئالىم چۈشەنمەيدىغان ھېچ ئىش يوق. ئۆزىگە ئىززەت كۆرسەتكەن يۇرتنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ كەلسە، ئۇ چاغدا يۇرت كۆتۈرمەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ! ئۇ چاغدا ھەرقانچە گەپ قىلساڭلىمۇ مەيلى!...

ــ خوش، شۇنداق!...

بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللا شۇنداق دېگىنىچە خوش ئېيتىپ چىقىپ كېتىشتى.

## بەشىنچى باب

# ئىسلاھات مۇقەددىمىسى

ئىتلار قاۋاپ قېلىۋېرىدۇ،
كارۋان يولىغا كېتىۋېرىدۇ.
(خەلق ماقالى)

«ئۆلىمالار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن چاقىرىلغان بۈگۈنكى يىغىلىشقا قەشقەر بويىچە نۇرغۇن ئۆلىمالار، داموللا مۇدەررىسلەر، خەلپەت ـ تالىپلار ئىشتىراك قىلدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدە خانىقا ـ ئايۋانچە ئاستى قىم ـ قىم قىلاتتى.

كاتتا ئۆلىمالاردىن قازى موللا ئىسلام داموللا، قازى ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم، خانىبرىق قازىسى ئابدۇغوپۇرئاخۇن مەخدۇم قاتارلىقلار تۆردىن ئورۇن ئالغانىدى. «كۈللى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان ئىمىن ھاجى خەلپىتىم، مامۇت مۇپتى ئاخۇنۇم، ياقۇپ ھاجىقاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر موللىلارمۇ،قۇتلۇق شەۋقى، موللا سابىت خەلپەت، موللا سالىھ خەلپەت، ئابـ

دۇللا نەئىمى (تۇرپانى)، كۇچالىق مۇسەيىپ خەلپەتلەرمۇ
سورۇندىن مۇۋاپىق ئورۇن ئالغانىدى. سورۇندا يەنە «ئۆ-
لىمالارنىڭ سەرخىلى»، «ئاتاقلىق مەدرىس مۇدەررىسى» دەپ
نام ئالغان مىراقۇل داموللا، غاپپار داموللا قاتارلىقلارمۇ
بار ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللا سۆزلىمەكتە، ھەممە ئادەم زەن قو-
يۇپ ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.

— ھەر قانداق ئىشنى بىلىش تەس، بىلگەندىن سوڭ
ئۇنى ئىشلەش ئاسان. بىز بىلمەسلىكتىن قانچىلىك زىيان
چېكىۋاتقانلىقىمىزنى ھازىرغىچە چۈشەنمەي تەنەززۇلغا يۈز-
لەنمەكتىمىز! — داموللامنىڭ ئاۋازى بارغانچە كۆتۈرۈلۈپ،
تىترەپ، ئۇرغۇلۇق جاراڭلايتتى، — بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك
تۈپەيلى، كونىدىن ئادەتلىنىپ كەلگەن ئادەت - قائىدى-
لەرنىمۇ يېڭىلاشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز! شۇنى بىلىشىمىز
لازىمكى، ھازىرقى زامان ئويغىنىش ۋە ئاگاھلىق زامانىدۇر،
غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت
زامانىدۇر، جاھالەت - نادانلىق زامانىسى ئەمەس، سەيئى-
غەيرەت ۋاقتىدۇركى، سۇسلۇق، بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس. ئوي-
لاپ كۆرەيلىكى، بىزنىڭ ھازىرقى تەلىم ئۇسۇلىمىزدا، بىر تا-
لىپ ئۆزىنىڭ 20 يىللىق ئۆمرىنى زايە قىلماقتا. بۇ نېمىدې-
گەن ئۇزۇن ۋاقىت، نېمىدېگەن ئىسراپچىلىق - ھە! — دا-
موللام قىزىشىپ سۆزلىمەكتە، يىغىن ئەھلى باشلىرىنى بىلى-
نەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ، گويا چۈشىنىۋاتقاندەك ئىپادە
بىلدۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى، قىمىر قىلماستىن مۇزدەك قېتىپ ئول-
تۇرغانلارمۇ بار ئىدى.داموللام داۋام قىلدى، — ۋاقىت ئۆزىگە

نىسبەتەن چەكسىز بولسىمۇ، بىزگە نىسبەتەن چەكلىك، ھازىر تەرەققىي تاپقان ئەللەر تالىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە. ئۇلار بىر دەقىقە ۋاقىتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەيدۇ، زايە قىلمايدۇ. بىزچۇ، ئون يىللاپ، يىگىرمە يىللاپ ۋاقىتنى زايە قىلماقتىمىز. بۇ ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ! ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىزنى نېمە ئۈچۈن ئىسلاھ قىلمايمىز، ئىسلاھات يۈرگۈزمەسلىككە يەنە قانداق ئاساسىمىز بار! بىزنىڭ مەدرىسەلىرىمىز ھالا بۈگۈنگە قەدەر نەچچە يۈز يىلدىن ئادەتلىنىپ كېلىۋاتقان قاتمال ئۇسۇلدا دەرس ئۆتمەكتە. پەرزەنتلىرىمىز تاختا كۆتۈرۈپ، ھەپتىيەك ھەجىلەپ، بەش- ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلسا، سوپى ئاللايار، چاھارى كىتاب* ئوقۇيمىز، دەپ يەنە بىرقانچە يىللىق ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ. ئاندىن «سەرپ»، «مۆئزى»، «زەنجانى»، «ئاۋامىل» كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ يۈرۈپ بىرقانچە يىلغىچە ئەرەب، پارس تىل گرامماتىكىسى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسلەرنىڭ بىر خىللىقى، قىيىنلىقى، شۇنىڭدەك تالىپلار سىنىپلارغا بۆلۈنمەي، يەككە - يەككە دەرس ئالىدىغان بولغىنى ئۈچۈن مۇدەررىس بىكار بولالماسلىق، ۋاقىت زىچ بولۇشتەك سەۋەبلەردىن، تالىپلار دەرسكە چۈشەنمەسلىك، چۈشەنسىمۇ باش لىڭشىتىپ چۇرقىراپ ئوقۇش، ياد ئېلىش بىلەن بىرقانچە يىللار سەرپ بولىدۇ. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى مۇشۇنداق قاتماللىق تۈپەيلى، تالىپلار ئىچىدە ھەرخىل ئىنكاسلارمۇ يوق ئەمەس، مەسىلەن، «زەنجانى كىتاب كۈندۈزىمىزنى كېچە قىلدى، ئالتەيلەن ئىدۇق، يەتتىلىمىزنى گاچا قىلدى»، «يەتتە يىلدۇر

* چاھار كىتاب — ھاپىز شىرازىنىڭ تۆت پارچە پارسچە شېئىرىي كىتابى.

تىنىم تاپماي ئوقۇيمىزلا-ئوقۇيمىز، بابى ئىستىنجاغا كەلدى ئەمدى بىزنىڭ دەرسىمىز!» بۇ ئىنكاسلار نېمىدېگەن جانلىق-ھە! ئاۋۋالقىسى ئوقۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن گاچىلىشىپ كەتتۇق دېسە، كېيىنكىسى، ئوقۇتۇش سۈرئىتىنىڭ بەك ئاستىلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تالىپلار مەكتەپتىن قاچىدىغان، مەكتەپ دېسە قورقىدىغان بولۇپ قالغان، شۇڭا بىر تالىپ: ئىگىسى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان ئۆچكىنىڭ كاجلىق قىلىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرگەندە، ئەي ئۆچكە سېنى ھەرقانچە يامان يەرگە ئاپارسا قاساپنىڭ ئالدىغا ئاپىرا، مەكتەپكە ئاپارمىغاندىكىن نېمە ئانچە تىرەجەپ تۇرۇۋالىسەن، دەپتۇ، دېگەن بىر ھېكايىنى ئاڭلىدىم. بۇ نېمىدېگەن جانلىق ئىنكاسلار-ھە! ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن ئىسلاھ قىلمايمىز! ھازىر مىسىر، ئىستانبۇل مەدرىسلىرى ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، جىق ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 20 يىللىق ئوقۇش ۋاقتىنى سەككىز-ئون يىلغا قىسقارتتى، بىزچۇ، بىز ھامان كونا ئۇسۇلدا قېتىپ قالماقتىمىز! قېنى، قانچىلىك قېتىپ ئۇخلايمىزكى!... — ئۇ مەسخىرە ۋە كىنايە ئارىلاش بىر نەزەردە سورۇندا ئولتۇرغۇچىلارغا تەكشى قاراپ داۋام قىلدى، — ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەرەب تىلى نەھۋىگە ئائىت «كافىيە»نىڭ ئىزاھى بولغان «شەرھى موللا» كىتابىنى ئوقۇش ئۈچۈنلا بەش يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئىسراپ بولۇپ، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن كونا قائىدە، كونا ئۇسۇللارغا مەھكەم چاپلىشىۋالىمىز، ئەجەبا!... — داموللا ئېغىر ئەلەم ئىچىدە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يەنە داۋام قىلدى، — بىز جۈرئەت قىلىپ ئىسلاھات يۈرگۈزۈشىمىز، لاي سۇ-

دەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزنى تېجەپ، زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، 20 يىللىق ئوقۇش ۋاقتىنى سەككىز ياكى ئون يىلغا قىسقارتىپ، بىلىملىك كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، بۇ ئارقىلىق جاھالەت ـ نادانلىقنى تۈگىتىش ياكى ئازايتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولۇر، ئىنشائاللا!...

داموللامنىڭ پىكرىگە قارشى پىكىر چىقمىدى. ئۆلىمالار باش لىڭشىتقاچ بىر مەزگىل مۇھاكىمىسىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۆز ئۈچراشتۇرۇشتى. ئايرىم كۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپساندىكىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن داموللامنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. پېشقەدەم ئۇستاز موللا ئىسلام قازى كېكىردىكىنى قىردى. ئۇ پىكىر بېرىدىغاندەك قىلاتتى. يان يېقىدا ئولتۇرغانلار دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ تەكلىپ نەزەرى بىلەن «خۇش» ئېيتقاندەك ئىگىلىپ قويۇشتى.

ــ بۇ ناھايىتى توغرا پىكىر، توغرا سۆز بولدى، ــ دېدى موللا ئىسلام قازى ناھايىتى ۋەزمىن ۋە سالماق سۆزلەپ، ھەممە ئۆلىمالار شاققىدە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى، ئۇ پەرىشتىدەك ياراشقان ئاپئاق ساقىلىنى تىترىتىپ ئولتۇرۇپ داۋام قىلدى، ــ بىز ھەممىمىز ئۇزۇن يىل ئاشۇ خىلدىكى رىيازەتلەرنى چېكىپ ئوقۇغان. ئەينى ۋاقىتتا شۇ رىيازەتلەردىن قۇتۇلۇشنى ئويلانغان بولساقمۇ، لېكىن موللا بولۇپ يېتىشكەندىن كېيىن، ئىسلاھ پىكىرلىرىدە بولماي، كونا قائىدىگە چاپلىشىپ، ئادەت يولىمىزدا مېڭىۋەردۇق. ھازىر كونا يوللار ئىسلاھ قىلىندى، توپا يوللارنىڭ ئورنىغا تۆمۈريوللار ياسالدى، باشقا ئەل ماڭغان يولدا بىزمۇ ماڭساق بولۇۋېرى-

دۇ، كاتاڭلاشقان يوللىرىمىزنى ياساپ - تۈزەپ، سىيلىق قىلىپ ماڭساق بۇنىڭ نېمە يامىنى! زىيانىدىن قېچىپ پايدىغا، ياماندىن قېچىپ ياخشىغا، قوناق ناندىن كۆچۈپ ئاق نانغا قاراپ مېڭىش ياخشى ئەمەسمۇ!

— توغرا، توغرا! كونا ئۆي بۇزۇلمىسا، يېڭى ئۆي قەيەردە! — دېدى ئوبۇلقاسىم قازى ھاياجانلىق بىلەن پىكىر قىستۇرۇپ، — يېڭى ئىمارەت قۇرۇپ ئولتۇرۇش تىرىشچانلىقنىڭ تەقەززاسىغۇ! — دەپ قوشۇپ قويدى ئاخىردا.

......

شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر بويىچە مەدرىسلەردىكى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ئىسلاھات - يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ ئابدۇقادىر داموللا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان «ئابدۇۋەلى باي»مەدرىسىدە ئىسلاھات قەدىمى كۆڭۈلدىكىدەك باشلاندى. ئىلگىرىكىدەك يادلاش ئۇچۇنلا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپ ئوقۇتۇشقا ئۆزگەرتىپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىلدى. ئىلگىرىكىدەك مەنتىقىسىز قۇرۇق مۇنازىرىنىڭ ئورنىغا، ھەر تالىپ ئۆز ئالدىغا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش يولغا قويۇلدى. پەسىللىك، يىللىق ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، تالىپلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۆستۈرۈلدى.

ئىمارەت كونا بولسىمۇ، يېڭى روھ، يېڭى كەيپىيات مەنبەسى بولۇپ قالغان «توقام» (ئابدۇۋەلى باي) مەدرىسى باشقىچە جانلىق قىياپەتكە كىردى. بۇ يەردىكى ئوقۇش قىزغىنلىقى ئۆز تەسىرى بىلەن پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندى. تالىپلارنىڭ سانى بىردىنلا كۆپەيدى. يېزا - سەھرا

مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان تالىپلارمۇ شەھەرگە كېلىپ، ئابدۇ-
قادىر داموللامدا ئوقۇيمىز، دەپ تەلەپكار بولۇشتى. بۇ مەد-
رىسە بىر مەزگىل ئەنە شۇنداق ئوقۇش قىزغىنلىقى ئىچىدە
قاينام بازاردەك قىزىپ كەتتى.

ئابدۇقادىر داموللا تۈركۈم - تۈركۈم، گۇرۇھ - گۇرۇھ
تالىپلارغا دەرس ئۆتەتتى. داموللام چۈشەندۈرۈپ تەلىم بېرىشـ
نى ئاساس قىلغانلىقتىن، چارەك سائەت ياكى يېرىم سائەتـ
لىك دەرس ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولغان ھەربىر تالىپ ئۇستاز
قولىدىن خۇددى ئەنگۈشتەر ئاچقاندەك، خۇشال بولۇپ
قايتىپ چىقاتتى. ئۇزۇن يىللار مەدرىستە دەرس ئوقۇپ
كېلىۋاتقان چوڭ - چوڭ تالىپلار داموللامدا ئوقۇش باشلىغان-
دىن كېيىن، ئۆتكەن ئۆمۈر، كەتكەن ۋاقىتلىرىغا پۇشايمان
قىلىشتى. ئۇلار خۇشاللىقىنى باسالماي، يېقىنلىرىدىن بىرىگە
سۆزلەپ بەرسە، ئۇ ئادەم ئونغا، ئون ئادەم يۈزگە سۆزلەپ
داموللامنىڭ شۆھرىتى بىردىنلا ئاشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇرت خەلقى ئابدۇقادىر دا-
موللىنى باش قازىلىققا سايلاپ چىقتى.

ئىش كۆپەيدى، مەشغۇلات ئىككى باراۋەر ئېغىرلاشتى،
لېكىن داموللام ئىشچان، تىرىشچان، غەيرەتلىك، جەسۇر ئادەم
ئىدى. ئىش قانچىكى كۆپ، مەشغۇلات زىچ بولسا، ئۇ شۇنچە
خۇش بولاتتى. ئۇ ھەر كېچىسى جىق بولسا تۆت - بەش سا-
ئەتتەك ئۇخلايتتى. كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇش ئۇنىڭ پەزى-
لىتى ئىدى.

ھەر كۈنى ئادەت بويىچە، بامداتقا ئەزان چىقىشتىن
بىرەر سائەت بۇرۇن تۇرۇپ، تەرەت ئېلىپ تۇپتوغرا كىتاب-

خانا ئۆيىگە كىرەتتى. ئۆي ئىچى تىنچ ھەم ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەنگۈدەك قاراڭغۇ بولاتتى. داموللام ئۆزىگە تونۇش ھەم رام بولۇپ كەتكەن بۇ ئۆيدە تەمتىربەستىنلا بېرىپ شامدانغا ئوت ياقاتتى، شام يورۇقى ئالدى بىلەن ئاخشام ئوچۇق قالغان كىتاب سەھىپىلىرىنى يورۇتاتتى - دە، داموللامنى ئۆزىگە چوغدەك تارتاتتى.

چۈنكى، داموللام كىتاب بىلەن ئىلىپەت بولۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، بۇ ئۇنىڭ تالىپ ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆگىنىپ قالغان ئوبدان ئادىتى ئىدى، شۇڭا ئۇ شام نۇرى يورۇتقان ئورۇندۇقا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈشكە باشلايتتى. كىتاب كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىلىم خەزىنىسىنى يېڭى - يېڭى پىكىرلەر ۋە ئەخلاق - پەزىلەتلەر بىلەن تولۇقلاشنى ئالىي كەسىپ قىلغانىدى. كىتابنى بىلىم كانى ھېسابلايتتى، شۇڭا ئۇ ھەرقانداق كىتابنى مەيلى كىچىك ياكى چوڭ ھەجىمدىكى كىتاب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېرىنمەستىن كۆرۈپ چىقاتتى. مەيلى ئۇ قايسى كىتابتىن ئۆزىدە كەم بولغان بىرەر تامچە بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت تاپقان بولسا، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولاتتى. كەتكەن ۋاقىت ۋە چەككەن ئەجرىگە ھەرگىز ئاغرىنمايتتى. تىرىكچىلىك مەشغۇلاتلىرى ئىچىدە كىتاب كۆرۈش ۋە كىتاب مۇتالىئە قىلىشتىن ئارتۇقلەززەت بېرىدىغان مەشغۇلات يوق، دەپ ھېسابلايتتى.

بامداتقا ئەزان چىققاندا، داموللا ئۆيدە بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ، ئاندىن مەسچىتكە باراتتى - دە، جامائەت بىلەن بىرلىكتە بامداتنىڭ پەرزىنى ئوقۇيتتى. نامازدىن كېيىن، تالىپلارغا دەرس ئۆتەتتى. ئەتىگەنلىك دەرس ۋاقتى

كەم بولغاندىمۇ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلاتتى. نەچچە كۈرۈھ، نەچچە بالداققا بۆلۈنگەن تالىپلارغا دەرسنى خۇددى سەھەر سايرىغان بۇلبۇلدەك، ئوچۇق ۋە خۇش ناۋا سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئوچۇق مېڭىسىگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناشتۇراتتى.

دەرستىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ ئاددىيلا ناشتا قىلاتتى - دە، قازىخانىغا باراتتى. ئۇ يەردە ھەر كۈنى ئۇزۇلمەستىن بولۇپ تۇرىدىغان دەۋا - دەستەك، تالاش - تارتىش، ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەرزۇ ھال، داد - پەرياد ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ دەردىنى ئاڭلايتتى. دەۋالارنى ئەدلى - ئادالەت قىلىپ، شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئادىل ھۆكۈملەر چىقىراتتى. ۋاقىت چىقىرىپ جامائەتچىلىك ئىشلىرىغىمۇ ماڭاتتى. ئۆلۈك - تىرىك، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەرگە باراتتى. ناماز ئەسىردە ھېيتكا جامەسىگە بېرىپ، نامازدىن كېيىن جەم بولغان جامائەتلەرگە مەسەل قىلىپ، ھەدىس ئوقۇپ، ئەمىر مەرۇپ ئۇسۇلدا باشقا ئۆلىمالارغا ئۆرنەك بولغۇدەك نەمۇنە تىكلەپ، ئەل - جامائەتنى رازى قىلاتتى.

كەچ خۇپتەندىن كېيىنمۇ ئىستىقامەت ھۇجرىسىدا ئۇزاققىچە كىتاب كۆرەتتى. ئەتە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەچ تەييارلىق كۆرۈپ قوياتتى. يېشىلمىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپاتتى. بەزەن ئاخشاملىرى پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر قۇيۇلغىنىغا قارىماي، قومۇش قەلەمنى سايرىتىپ مۇھاكىمە ماقالىلەر يازاتتى. بەزەن ئاخشاملىرى ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللاردا پاساھەتلىك غەزەل، مەرسىيىلەر يازاتتى. كۈندىلىك مەشغۇلاتىنىڭ بۇ خىل زىچ ئورۇنلاشقان تەرتىپلىرى

داموللامغا شۇقەدەر لەززەتلىك سېزىلەتتىكى، تولا ھاللاردا مەشغۇلاتنىڭ قىزىقچىلىقىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

ئۇ ھازىر ئىپتىخار ھەققىدە يېزىلغان غەزەلنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

غەزەلنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق ئىدى:

خىسلەتىمدىن بىل سىدقۇ - ئەدەبلەر
گۈزەل ئەخلاق، ئالىي ھىممەتلەر
شەرەپىمگە دېلىل خەيرۇ ساخاۋەت
ئەدنائى خىسلەت كەرەم - ئېھسانلار
پىكرى ئىبىدىل راي ئاشنادۇر ماڭا
ئىلىم - ئىرفان، زوق، تامام ھېكمەتلەر.

غەزەلنى كۈچلۈك ئاھاڭ، تولۇق تەلەپپۇزدا بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ چىققان ئاپتورنىڭ دىلى شام يېقىلغاندەك پىللىدە خۇش بولدى. مەشغۇلات، ئەجىر، ئىجتىھات ۋە ئىجادىيەت بەخش ئەتكەن بۇ خۇشلۇق قەلەم ساھىبى ئابدۇقادىر داموللىغا خاس خۇشلۇق ئىدى... ئوچۇق دېرىزە ئالدىدا ئابدۇقادىر داموللا كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەس ئېلىپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىغا بىردىنلا ئۆز ئەجرى سىڭگەن «ئاقايىت زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «ئىلمى تەجۋىت»، «ئىلمىي ھېساب» كىتابلىرى، ئەرەبىي ئىلمىنى تۈركىي تىلدا ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن يېزىلغان «بىدايىتى سەرپ»، «بىدايىتى نەھۋى» ۋە «موپتاھىل ئەدەب» ئەسەرلىرى كەلدى. ئىجتىھات بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەر-

لىرىمدىن خەلقىم، مىللىتىم ئاخىر بىر كۈن مىننەتدار بولىدۇ، دەيدىغان ساددا خىيال بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز ئەمگىكىنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى، بىر ئادەمنىڭ هاياتى تولىمۇ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ بەجانىدىل ئىشلەشنىڭ زۆرۈر-لۈكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، خەلق هازىر نېمىگە موه-تاج؟ يەنە نېمىلەرنى ئىشلەش كېرەك؟ دېگەن سوئالنى ئال-دىغا قويۇپ مۇلاهىزە قىلىشقا باشلىدى.

خەلق هازىر زۇلۇم - كۈلپەتتىن، نادانلىق - جاهالەت-تىن، خۇراپاتلىقتىن، بىدئەتتىن خالىي بولغان پارلاق كۈنلەر-گە موهتاج. بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ يېگانە يولى خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارغا مەرىپەت بېرىش، تەشۋىق - تەرغىبات، يەنە نەسىهەتنى كۈچەيتىش، ئىلمۇ نەشر، گېزىت - ژۇرنال، رىسالىلەر نەشر قىلىش....

خىيال بۇ يەرگە كەلگەندە، داموللامنىڭ كۆز ئالدىغا قازان، تاشكەنتلەردىكى ئويغىنىشلار، مىسىر، ئىستانبوللاردا كېتىۋاتقان ئۇسۇلى تەلىم، ئىسلاهات كۈرۈنۈشلىرى، ياۋروپادى-كى ئىلىم - پەن تەرەققىيات مەنزىرىلىرى سۈرەتتەك كېلىشكە باشلىدى.

ئۇه ... كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، خەلق بەرىبىر ئويغىنىدۇ، مەرىپەت چىراغلىرى يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ، دىللار يورۇپ، كۆزلەر ئېچىلىدۇ. ئويغانغان خەلق ئىسلاهات يۈرگۈ-زۈپ، ئىلىم - پەن بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆز تەق-دىرىنى ئۆزلىرى هەل قىلىدۇ، قويۇق چاتقاللىقلاردىن يوللار ئېچىلىدۇ. بىشىمىزدىكى قارا تۇمانلار سۈرۈلۈپ - توقاي قىلىنىدۇ،

ئاسارەت كىشەنلىرى پـاچاقلاپ تـاشلىنىدۇ، زۇلۇم زىندانلىرى كۇمپەيكۇم قىلىنىدۇ!...

داموللامنىڭ خىيال كەپتىرى ئۇچۇق ئاسماندا راسا پەرۋاز قىلىۋاتقان پەيتتە، كىتابخانا ئۆيگە مـەھبۇبى نـائىلە خانىم ئاستا كىرىپ كەلدى.

ــ تاڭ ئېتىپ قالمىغاندۇ، نەۋاخ بولدى؟ ــ دېدى خانىم ۋاقىتنى ئـۇقماي بىمەھەل كىرىپ قېلىپ پـۇشايمان قىلغان تەرزدە ئىچىگە تىن تارتىپ. ــ تاڭ ئېتىپ قالغان بولسا، تەرەت سۇيى هازىرلاپ بېرەي دەپتىم!

خانىمنىڭ سۆزىدە قانداقتۇر نازۇك مەنە ۋە ئاچچىق تەنە پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى سەزگەن داموللام قايرىلىپ قارىدى. چىراغنىڭ كۈڭگا شۇيلىسىدا نـائىلە خانىم خـۇددى تۇمانلار ئىچىدە توساتتىن پەيدا بولغان پەرىزاتتەك نازىنىن كۆرۈنەتتى. خانىم نېپىز شايىدىن كۆڭلـەك كىيگـەنىدى. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم كۆرۈنۈشى داموللامنىڭ دىققىتىنى ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا بوشاشتى، پۈتۈن ئۇگىلىرى شۇرقىراپ تېلىپ. قانداقتۇر يۇمشاق پەررىگە باش قويۇپ يېتىش، بەلكى پەررىدىنمۇ نەچچە باراۋەر يۇمشاقراق بولغان قـانداقتۇر ئاق بۇلۇتقا چىرمىشـىپ يـېتىپ ئارام ئېلىشـتەك ئىنـسانىي ئىستەك ۋە ۋۇجۇدى تەلەپىنىڭ ئـۇرغۇۋاتقانلىقىنى سـەزدى ـ دە، چېقىلىپ:

ــ سىلىگە تاڭ ئېتىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ ــ دەپ سوئال نەزەرىدە خانىمغا قـاراپ قويدى، ئـۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر ھېس ـ تۇيغۇلارغا تويۇنغان ئوت ئۇچقۇنلىرى خۇددى بازغاندىن چاچـرىغان ئۇچقۇنـدەك چـاچـراپ، خانىمنىڭ

بەدىنىنى كۆيدۈرەتتى.

— سالىكە تۈيۈلمىدىما! — نائىلە خانىم سۆزىنىڭ ئا-خىرقى بوغۇمى«ما»نى ئاتايىن سوزۇپ ئېيتىپ، تىل بىلەن ئى-پادىلەپ بولمايدىغان نۇرغۇن مەنىلىك سۆزلەرنى ئىما قىلدى، ئارقىدىنلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بەك كەچ بولۇپ كەت-تى! — دېدى تەنە ئارىلاش، — ھەر ئىش ئۆز چېغىدا، ئۆز يولىدا بولسا بولارمىكىن!

— بولمامدىغان... ھەر ئىش ئۆز يولىدا ماڭىدۇ! — دېگەن داموللام ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، تامىقىنى قىرىپ قويۇپ ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدى....

## ئالتىنچى باب

# قازىخانىدىكى ئادىل ھۆكۈم

«ھەر قانداق ئادىل ھۆكۈم رازى بولغۇچى
بىلەن نارازى بولغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.»
(دانالار سۆزى)

ئۆستەڭ بويى تەرەپكە كېتىدىغان چوڭ كوچا شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى ھۆكىنەكتەك بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان سان - ساناقسىز كىچىك دۇكانلار — مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، توقۇمىچىلىق، ساندۇقچىلىق، قۇيمىچىلىق، يەنە قانداقتۇر مىلىچ مال ۋە گەزمال دۇكانلىرى، ئاشخانا، ناۋايخانا، چايخانا، سارتىراشخانا ۋە باشقا ئۇششاق باققال دۇكانلىرى بىلەن سانجاق ئىدى. بۇ كوچىدا خېرىدار ئۆكسۈمەيتتى. بۇ يەرگە ھېيتكا تەرەپتىن ھەم قۇمدەرۋازا، جانان كوچا، باغچا كوچا، تاغارچى كوچا دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن خېرىدارلار

سۇدەك ئېقىپ كېلەتتى. ئۇلار چېچەك تاللاپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىلىرىدەك، دۇكان ئارىلاپ يۈرۈپ سودا قىلاتتى ۋە ھەر كىم ئۆزىگە كېرەكلىك ماللارنى سېتىۋالاتتى.

بۈگۈن بازار كۈنى ئادەم تېخىمۇ كۆپ. كوچىلار خۇددى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئاش ۋاقتى بولغان چاغ، سودا-سېتىق راسا قىزىغان بىر پەيتتە، كوچىدىكى سانجاق ئادەملەر بىردىنلا خۇددى قىلىچتا چېپىلغاندەك چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. كوچا ئوتتۇرىسىدا يول ئېچىلدى.

— قازى داموللام كېلىۋاتىدۇ.

— ئابدۇقادىر داموللام كېلىۋاتىدۇ.

بۇ سۆز بىلەن تەڭ كوچىدا بولۇۋاتقان سودا - سېتىق ۋە باشقا ئۇششاق ھەرىكەتلەر، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، شاۋ - شۇۋ ئاۋازلار بېسىلىپ، پۈتۈن دىققەت ھېيتكا تەرەپكە بۇرالدى. خەلق توپى تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرەتتى.

قازى داموللام سالماق قەدەم تاشلاپ كېلەتتى. ئۇ كىمنىڭ روبىروسىغا كەلسە، كىشىلەر ئېگىلىپ سالام بېرەتتى. بەزىلەر داموللامنىڭ قوللىرىغا ئېتەك - پەشلىرىگە تاۋاپ قىلاتتى. خەلقنىڭ بۇ قەدەر قىزغىن ھۆرمىتىنى كەمتەرلىك ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن قوبۇل قىلغان داموللا ئاممىغا مېھرىبانلارچە يىللىق جاۋاب قايتۇرۇپ، سالام بەرگەچ ئاستا يول باساتتى.

قازى داموللا ئۆستەڭ بويىدىكى قازىخانا ئالدىغا يەتكەندە، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. چۈچۈرىدەك تۈت بالىسىنى ئەگەشتۈرگەن بىر دېھقان ھۆكىرەپ يىغلىغان پېتى قازى داموللامنىڭ ئايىغىغا تاشلىنىپ پۈتلىرىغا چىرماشتى. 50 ياشلارغا كەلگەن، ئەمما جاپا - مۇشەققەتتىن ۋاقىتسىز

قىرىلىق يېتىپ، چىرايلىرى قاقتەك قورۇلۇپ كەتكەن دېھقانـ
نىڭ جانسىز كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ
ئۆت-بالىسىمۇ تەڭلا تاشلىنىپ، نالە ـ پەرياد قىلىپ ياش
تۆكەتتى. باللارنىڭ چوڭى 12 ياش، كىچىكى ئالتە
ياش بولۇپ، ئەڭ كىچىكى ئوغۇل، قالغانلىرى قىز ئىدى.
ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل، يېرىم يالىڭاچ،
چاچلىرى تاراقسىز بولۇپ، يوقسۇللۇق ئازابىدا جاپا چېكىشۋاتـ
قان دەردمەنلەر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— ھاي... ھاي ...، — قازى داموللائېڭىشىپ ئۇندەرىگەن
ھالدا دېھقاننىڭ بېشىنى قىرىنداشلارچە يۆلەپ داۋام قىلدى،—
ئۇنداق قىلماڭ، ھەرقانداق گەپ بولسا ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەڭ،
مەن خۇش بولاي!
دېھقان ھامان يىغلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان
ياش خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك رەتسىز چاڭگاساقالـ
لىرى بويلاپ يەرگە تامچىلايتتى. باللارنىڭ مەسۇمانە كۆزـ
لىرىدىنمۇ مونچاق ـ مونچاق ياش قۇيۇلاتتى. ئادەملەر توپلاشتى.
ھەممە ئادەم ئىچ ئاغرىتاتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئېچىنىپ،
زەردە كاۋاپ بولغان قازى ئابدۇقادىر داموللا دېھقاننى يۆلەپ
تۇرغۇزۇپ ئەھۋال سوراشقا كىرىشتى:
— سۆزلەڭ، قېنى قانداق ئىش، قانداق دەرد، ئاياڭـ
ماي سۆزلەڭ،— دېدى ئۇ دېھقاندىنمۇ ئارتۇق پۇچۇلىنىپ.
دېھقان ھامان بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلـ
مەيۋاتاتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقادىر داموللا تەكرار يالـ
ۋۇرماقتىن باشقا چارە تاپالماي ھەرەج چەكتى:
— سۆزلەڭ قىرىندىشىم، سۆزلەڭ! ھەرقانچە زور ئىش

بولسىمۇ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ سۆزلەڭ! زادى قانداق ئىش؟

— مەن تويدۇم... جاندىن، جاھاندىن، ھەممىدىن تويدۇم! ماڭا بۇ جاننىڭ لازىمى يوق! — دېھقان يىغا ئارىلاش زەردە بىلەن سۆزلەپ بوغۇلۇشقا باشلىدى.

— سەۋر قىلىڭ، سۆزلەڭ، مانا بىز ياردەم قىلىمىز! — داموللامنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق نۇرلىرى خۇددى چەللە-باراڭدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇر تەڭگىلىرىدەك دېھقاننىڭ پۈ-چۈلغان زەئىپ تېنىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەتراپقا ئولاشقان ئەھلى - جامائەتتىن بىرنەچچىسى ئارىلىششقا توغرا كەلدى.

— سۆزلەڭ ئاكا، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ ئېيتسىڭىز، قازىداموللام دەردىڭىزگە يېتىدۇ! — دېدى بىرى نەسىھەت قىلىپ.

داموللامنىڭ يىللىق سۆزلىرى ۋە جامائەتنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى ئاستىدا تەسىرلەنگەن دېھقان بىرئاز يۇمشاپ، بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشى ۋە بۇرۇن ئۇچلىرىنى سۈرتۈپ تازىلاپ سۆزلەشكە كىرىشتى.

— مېنىڭ يېرىم 3 - دەرىجىلىك يەر، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — شورلۇق، ئۇنۇمسىز يەر، ھەرقانچە ئىشلەپ تېرىساممۇ، ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەزەن يىللىرى چاچقان ئۇرۇقنىمۇ يىغىۋالال-مايمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نەچچە يىلدىن بېرى 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ غەللىسىنى تۆلەپ كېلىۋاتىمەن، ھېچ ھالىم قالمىدى. ئۆيدە بەش بالا نان دېسە، دوغا - بەگلەر دان دەيدۇ. ھال ئېيتسام تىڭشايدىغان كىشى يوق. بىر كۈنىسى بەگكە بېرىپ ھال ئېيتىپ كېلەي، دەپ كېتىۋاتسام، ماراپ چىشلەيدىغان

بىر لالما ئىت پاقالچىقىمنى چىشلىۋالدى. بۇنىڭ دەردىدە قىممىر قىلالماي ئىككى ئاي ياتتىم. بالىلىرىم ئاچ قالدى. ئامانىڭ يوقىدا ئايالىم كىشى تونۇمايدىغان ياقا يۇرتلارغا بېرىپ نان تىلەپ كەلدى. قانداق قىلاتتۇق. بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال... يامۇلغا ئەرز قىلىپ قانچە قېتىم باردىم. ئۇ يەردىمۇ قازىنىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن، گېپىمنى تىڭشايدىغان ئادەم چىقمىدى. يەر خېتىڭنى ئەكەل، كۆرىمىز دەيدۇ، خەتنى كۆرسەتسەم، ئوقۇپ كۆرۈپ، يېرىڭ 1 ـ دەرىجىلىك يەر ئىكەن، ئۇششۇقلۇق قىلىپ كېلىپسەن، دەپ تىللايدۇ. چىڭراق تۇرسام قامچىلايدۇ. ئۇنداق ئەمەس، 3 ـ دەرىجىلىك ئۇنۇمسىز يەر دېسەم، يەر خېتىگە ئىشەنمەيدىغان ساراڭمۇ سەن، دەپ تىللاپ قوغلايدۇ. غەللىنى تاپشۇرالمىسام، باغلاپ مەھەللىمۇ ـ مەھەللە ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىدۇ. سولايمىز، زىندانغا تاشلايمىز، دەپ قورقىتىدۇ. ئەھۋال شۇ، مەن ئەمدى تويدۇم، يەرگىمۇ، بالىغىمۇ، جېنىمغىمۇ تويدۇم، ھەممىگە تويدۇم!...

— يەر خېتىڭىز قېنى؟ — دېدى داموللام بىرقەدەم يېقىنلاپ كېلىپ، دېھقان بەلبېغىغا تېڭىۋالغان خالتىدىن بىر كاللەك خەت ـ چەكلەرنى چىقىرىپ داموللامغا سۇندى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى.

— قازىخانىغا كىرەيلى، يۈرۈڭ، — خەت ـ چەكلەرنى ئالغان قازى داموللا دېھقاننى باشلاپ ماڭدى. تۆت بالىسى ئەگەشتۈرگەن دېھقان داموللامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. بۇلارغا ئەگەشكەن بىر توپ جامائەتمۇ قازىخانىغا كىردى.

قازىخانىغا يۈزلىگەن ئادەملەر گۇرۇلدەپ كىرىشكە باشلىدى. توپنىڭ ئالدىدا قازى ئابدۇقادىر داموللا سالماق قەدەم

تاشلاپ كېلەتتى. ئۇ ئويچان، خىيالچان، غەمكىن ۋە جىددىي ئىدى. قازىخانىغا بالدۇر كېلىپ، قازىلار ئولتۇرىدىغان سۇ-رۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ئۈچ قازى بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇشۇپ، خۇددى پايلاقچىلىق قىلىشۋاتقان تۇرنىدەك چۆچۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشتى. نېمە ئىش، نېمە ۋەقە، دېگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قېلىشتى. ۋەقە تېخى ئۇلارغا ئايان ئە-مەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللا تۆت تەكچىلىك پەلەمپەي ئار-قىلىق سۇپىغا چىقىپ، قازىلار ئولتۇرىدىغان سورۇنغا يېقىنلاش-قاندا، بالدۇر كەلگەن ئۈچ قازى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بې-رىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، قازى داموللامنىڭ قول-دىكى بىر تۇتام خەت، ۋەسىقىلەرگە قارىشىپ، ۋەقەنى بىلىشكە تەقەززا بولۇشتى. ئاڭغىچە سۇپا ئالدىدا سەپ تۈزۈپ، سوراق مەيدانى راسلاشتى. سۇپا بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى غۇلاچ بوش يەردە دەۋاگەر دېھقان بىلەن ئۇنىڭ تۆت بالىسى تۇراتتى. دەرد - ئەلەم ۋە قايغۇ - ھەسرەتلەر ئىچىدە قوۋۇز-لىرى چۆكۈپ كەتكەن دېھقانىنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن سۇيى قۇرۇغان كۆلچەكتە جان تالىشىپ پىلتىڭلاۋاتقان قۇمچاقلاردەك زەئىپلەشكەن بالىلارنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئادالەت، ھەقى-قەت ئىزدەنگەن بىر خىل ئۈمىدۋارلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئادالەت قازىسى ئابدۇقادىر دا-موللىغا قاراپ تەلمۈرەتتى.

— يېرىڭىز زادى قانداق يەر؟ — دېدى قازى داموللا قولىدىكى خەت - چەكلەرگە ئىنچىكىلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن گۇمانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنەتتى.

— شورلۇق، ئۈنۈمسىز يەر، زەيچاقىدىغان ئاجىز يەر، —

دېدى دېھقان ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكرار تونۇشتۇرۇپ.

توپ ئىچىدىن بىر كىشى بۆسۈپ ئالدىغا چىقتى. «مەن گۇۋاھلىقتىن ئۆتەي» دەپ چاقىلداپ چىققان بۇ ئادەم قول قوشۇپ تۇرۇپ قازىلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن سۆزگە كىرىشتى:

— مەن نۇراخۇنكامنىڭ يەر قوشنىسى. مېنىڭ يېرىممۇ نۇراخۇنكامنىڭ يېرىگە ئوخشاش شورلۇق، زەي چاقىدىغان يەر، چاچقان ئۇرۇقنىمۇ تۆلەپ بېرەلمەيدىغان بولۇمسىز يەر! — دېدى گۇۋاھلىق بېرىپ.

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن نۇراخۇننىڭ يەر خېتىگە ئالىي يەر دەپ يېزىلغان؟ — دېدى قازى داموللا قولىدىكى يەر خېتىنى بىگىز قولى بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ.

— ۋاي تاڭ! — دېدى گۇۋاھچى ھەيران بولغان ھالدا، — مېنىڭ يېرىمگە 3 - يەر دەپ يېزىلغان. نۇراخۇنكامنىڭ يېرىگە نېمە ئۈچۈن ئالىي يەر دەپ يېزىلغانلىقىنى نەچچە يىللاردىن زادى چۈشىنەلمىدۇق. قارا تۈرك ئادەملەر ھېچ يېرىنى بىلمەيدىكەنمىز: بولمىسا، نۇراخۇنكامنىڭ بېشىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ كېلىشەتتىمىز، ئامالىمىز يوق!...

ئەسلىدە، 3 - دەرىجىلىك ناچار يەر «مەرئا» دەپ ئەيىن ھەرپى بىلەن يېزىلىشى لازىم ئىدى، ئەپسۇسكى، نۇراخۇننىڭ يەر خېتىگە «مەرئا» دەپ ئەمزە ھەرپى بىلەن يېزىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك يەرقىلىپ قويۇلغان. ئەرەب يېزىقىدىكى بىر ھەرپنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق ئالمىشىپ يېزىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان بۇ خاتالىق دېھقان نۇراخۇنغا بىرقانچە يىلدىن بېرى زۇلۇم - ئازاب سېلىپ، جاندىن، جاھاندىن كېچىشكىچە تاس - تاماس قويغانىدى. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە!



Altun Oq

قازى داموللا قولىدىكى يەر خېتىدىن گۇمانلاندى ـ دە، كۆرۈپ بېقىشلار، دېگەندەك قىلىپ، خەتنى بۇيانقى قازىلارغا سۇندى. قاتار ئولتۇرغان قازىلار خەتنى قولدىن ـ قولغا يۆتكەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئارا كۆز ئۇچراشتۇرۇپ، ئاندىن باش قازىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ گۇمانلانغان قاراشلار ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ھەممە قازىنىڭ چۈشەنچىسى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى سەزگەن ئابدۇقادىر داموللا تەھقىقلەش قارارىغا كەلدى ـ دە، دېھقاندىن سورىدى:

— بۇ خەت قاچان ۋە قەيەردە يېزىلغان، قايسى خەتتات يازغان بىلەمسىز؟

— تۆت ـ بەش يىل بولدى! — دېدى دېھقان ھودۇققان ھالدا.

— مەن بىلمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى گۇۋاھچى يەنە ئالدىغا چىقىپ، — بۇ يىل نەق يەتتە يىل بولدى. شۇ يىلى تۇغۇلغان كەنجى ئوغلۇم بۇ يىل يەتتە ياشقا كىردى. شۇ كۈنىسى خوتۇنۇم ئوغۇل تۇغدى، دەپ خۇش بولۇپ، يېڭى بۆشۈك سېتىۋالغىلى بازارغا كىرسەم، نۇراخۇنكام ھېيتكا ئالدىدا موللائەخمەتئاخۇن دېگەن خەتتاتقا خەت يازدۇرۇپ يۈرۈپتىكەن، ھازىرقىدەك يادىمدا بار!

— خەتتات ھازىر بار ئادەممۇ؟

— بار بولماي نېمىلا كۆردۈم، قولىقىغا قەلەم قىستۇرۇپ ھېيتكا ئالدىدا ئولتۇراتتى.

قازى داموللا گۇۋاھچىغا ئادەم قوشۇپ خەتتاتنى قىچقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى....

— خەتچى موللا كەلدى!

شۇنىڭلاشقان ئاما بىر دىنلا قايرىلىپ، دەرۋازا تەرەپكە قاراشتى. ئوتتۇرا بوي، ئەمما گەۋرى كۆرۈنىدىغان، ئۆڭى قارامتۇل، مىس رەڭ چىراي بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ ھېلىقى خەتتات ئەخمەتئاخۇن ئىدى. ئۇ كىلىپلا قازىلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، قول قوشتۇرۇپ تۇردى. قازى داموللام بۇ ئادەمگە باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

ــ ئىسمىڭىز؟

ــ ئىسمىم موللا ئەمەتاخۇنۇم! ــ دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ.

ــ بۇ خەتنى سىز يازغانمۇ؟

موللا ئەھمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قازى داموللىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۆچكىلەرنىڭكىدەك نۇرسىز كۆزلىرى بېزەك كۆرۈنەتتى.

ــ كۆرۈك، قولىڭىزغا ئېلىپ جاۋاب بېرىڭ! ــ دېدى قازى داموللا خەتنى سۇنۇپ. موللا ئەخمەت خەتنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ خوش، مەن يازغان.

ــ ئەسلىدە «مەرعا» دەپ ئەيىن بىلەن يېزىلىدىغان خەت «مەرئا» دەپ ئەمزە بىلەن خاتا يېزىلغان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق خاتا يېزىلدى؟

خەتچى موللا جاۋاب قىلماستىن، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈك تۇراتتى. ئۇنىڭ گەدەن ـ قۇلاقلىرى قان ئۇيۇپ قالغاندەك قارىداپ كېتىۋاتاتتى. داموللام ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاغزىغا گەپ سېلىپ يەنە سوئال قويدى:

ــ بىلىپ يازغانمۇ ياكى بىلمەسلىكتىنمۇ؟

— خۇش، بىلمەيتۇمەن! — موللا ئەخمەت خەتچى قىزىـ
رىپ تېخىمۇ قارىداپ كەتتى.
— مەدرىستە ئوقۇغانمۇ؟
— بىر نەچچە يىل ئوقۇغان، زەنجانى، ئاۋامىلىغىچە...
— دېمەك، سىز يېرىم يولدا توختاپ قالغان، شۇنداقمۇ؟
— خۇش....
داموللا شۇئانلا «زەنجانى كىتابىتا گاچا بولۇپ، يېرىم يولدا توختاپ قالغانلاردىن بىرى ئىكەن» دېگەننى كۆڭلىـ
دىن كەچۈرۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ خورـ
سىندى - دە، مەدرىسلەردە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈشنىڭ
قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر مەرتىۋە ھېس قىلدى.
ئۇ ئاغرىناتتى، ھەممىگە ئىچ ئاغرىتاتتى. قانچە يىللاردىن
ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان
دېھقانغىمۇ، قانچە يىللار مەدرىستە ئوقۇپ گاچا بولۇپ چىققان
چالا موللىغىمۇ ئىچ ئاغرىتاتتى.
— مەلۇم بولدىكى، مەرغا دەپ يېزىلىدىغان 3 - دەرىـ
جىلىك يەرنى بىلمەسلىكتىن، ئەمزە بىلەن مەرغا دەپ ئالىي
دەرىجىلىك يەر قىلىپ يېزىپ قويۇپسىز. نەتىجىدە، يەر ئىگىسى
نۇراخۇن 3 - دەرىجىلىك يەر ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ
غەللىسىنى تۆلەپ ئازاب تارتقان، ھەتتا ئەزىز يەرزەنتلىرىدىن
ۋاز كېچىش ھالىتىگە يەتكەن. بەختكە يارىشا پاجىئەلىك ۋەقە
كېلىپ چىقمىغان. ئەگەر پاجىئە كېلىپ چىققان بولسا، ئۇۋالى
كىمگە! شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ ئۇۋالىقى سىز ئەخمەت موللىنىڭ
زىممىسىگە چۈشەتتى. سىز بۇ يەردىكى سەۋەنلىكنىڭ ئېغىرلىـ
قىنى چۈشىنەلەمسىز، بۇ خاتالىقنى ئۈستىگىزگە ئالالامسىز؟

— خوش، ئىلتىپاتلىرى! — نېمە ئۈچۈندۇر ئەخمەت موللىنى تىترەك باسماقتا ئىدى.

— بۇ خاتالىقىڭىز ئۈچۈن جازا ھۆكۈم قىلىنسا، سىزدە باشقىچە پىكىر تۇغۇلارمۇ؟

شەرىئەت ئېھكامىدىكى قانۇن - ماددىلارنىڭ يۈزەكى يېزىلىپ قالغان ماددىلار بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن ئاق كۆڭۈل ئادىل ئۆلىمالارنىڭ ئۇزۇن يىللار مۇزاكىرە ۋە مۇتالىئە قىلىشى ئارقىلىق تۈزۈلۈپ، ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي سىناقلاردا تاۋلانغان ئادىل ماددىلار ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان قازى ئابدۇقادىر داموللا بۈگۈنكى سوراقتا ئالدى بىلەن جاۋابكارنىڭ ئىقرارىنى ئېلىش، ئاندىن شەكىللەنگەن سەۋەبلىك ۋە جىنايەتكە يارىشا قانۇنىي جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى تونۇتۇش ئارقىلىق جاۋابكارغا بېرىلگەن جازانى ئەقلىي قوبۇل قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ناھايىتى سىلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن سوراق قىلدى. سوراق داۋامىدا ھەيۋە قىلمىدى، غەزەپ - لەنەت بىلدۈرۈپ، دىل ئازار قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلماستىن، پۈتۈنلەي قائىدە سۆزلەپ، يوللۇق سوراق قىلىش ئارقىلىق جاۋابكارنى قايىل قىلىشقا، سادىر بولغان گۇناھقا يارىشا جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى مەجبۇرەن ئەمەس، ئەقلەن تونۇتۇشقا تىرىشقان داموللا ئۇقتىملىق سوئاللارنى يەنە تەكرارلىدى:

— بۇ خاتالىقىڭىز ئۈچۈن جازا ھۆكۈم قىلىنسا، ئەلھۆكمىلىللا دەپ، چىن دىلىڭىزدىن قايىل بولامسىز!

— خوش، ئىلتىپاتلىرى! — دېدى ئەخمەت موللا تېخىمۇ تىترەپ.

جاۋابكارنىڭ «ئىلتىپاتلىرى» دېگىنى بىلەن تېنىگە

ئۇلاشقان تىترەككە قاراپ، ئۇنىڭ جازاغا قايىل ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭدەك كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقان قانداقتۇر بىر مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلغان داموللا ئۇنىڭغا يەنە چۈشەنچە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردى:

— جازا قانۇنى مەن ياكى باشقا قازىلار ئۆز مەيلىمىزچە تۈزۈۋالغان نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇنى بىز ئىلتىپات قىلالمايمىز. ئۇ دېگەن كىتابىي قانۇن، كىمكى سەۋەنلىك ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا ۋە بۇ خاتالىقلاردىن جىنايەت شەكىللەنگەن بولسا، مەزكۇر جىنايەتنىڭ كىشىلەرگە يەتكۈزگەن زىيان - زەخمىتىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىكلىك دەرىجىسىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان تەنبىھ، بۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك!

— خوش، تەقسىر!

جاۋابكار يەنىلا تىترەيتتى، داموللام ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندەك زەن سېلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى، لېكىن بۇ بىر «سىر» ئىدى.

بۇ سىر پەقەت موللا ئەخمەتكىلا ئايان ئىدى. ئۇ، بۇ خەتنى يېزىش ئالدىدا يېزا زومىگىرى مامۇت بەگدىن بىر سەر كۈمۈش پارە ئېلىپ، ئاندىن خەتنى خاتا قىلىپ يازغان، ئەمما ئۇ، مامۇت بەگنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئاسىدىن بىخەۋەر ئىدى، دېمەك ئۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق بىر سىر بولغانلىقتىن تىترەۋاتاتتى. بۇ سىرنى ئاشكارا قىلاي دېسە، بىرىنچىدىن، بەگدىن قورقىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە بىر سەر تەڭگىچىلىك ئازغىنا پۇل ئۈچۈن ۋىجدان سېتىپ، مۆمىن، بىچارە ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلدىڭمۇ، دەيدىغان تاپا - تەنىلەردىن ئەندىشە قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سىرنى



AltunOq

ئاشكارا قىلغان تەقدىردىمۇ، بەگنىڭ مۇددىئاسى توغرىسىدا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق مۇرەككەپ خىياللار قوينىدا ئارىسالدى بولغان موللا ئەخمەت ئاخىر بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمەسلىك قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بۇ سىر ھامان ئۇنى تىترەتمەكتە ئىدى.

سىرنىڭ تېگى - تەكتى بەگكە ئايان. ئەسلىدە، بەگنىڭ نۇراخۇننىڭ يېرىگە ياندىش كەتكەن بىر سالا يېرى بولۇپ، ئۇنى كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يوقسۇل، ئاجىز دېھقانلارنى ۋەيران قىلىش ھېسابىغا يەر - زېمىن كېڭەيتىپ ئادەتلەنگەن بەگ نۇراخۇننىڭ يېرىگە كۆزى چۈشىدۇ - دە، يەر خېتى يېزىلىلىش پۇرسىتىدە ئەخمەت موللىغا بىر سەر تەڭگە پارا بېرىش ئارقىلىق يەر خېتىنى خاتا يازدۇرۇپ، نۇراخۇننى ۋەيران قىلىش، يەردىن ئاجرىتىۋېتىشنى كۆزلەيدۇ. قاچانكى يەرنى سېتىشقا مەجبۇر بولغاندا، بەگ ئۆزى سېتىۋېلىپ، ئۆز يېرىنى كۆپەيتىشنى قەستلەيدۇ. بۇ خىل سۈيىقەستنى موللا ئەخمەت چۈشەنمەيتتى. نەتىجىدە، جىڭگىلماچ يىلتىزلاردەك بىر - بىرىگە تۇتىشىپ شەكىللەنگەن بۇ جىنايەت دېھقاننى جېنىدىن جاق تويدۇرۇپ يىغلاتقان بولسا، موللا ئەخمەتنى ئارىسالدى قىلىپ تىترىتكەنىدى.

قازى داموللا بىر مەزگىل دىققەت قىلىپ قارىغان بولسىمۇ، موللا ئەخمەتنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر خىل دەرد بارلىقىنى ھېس قىلىپ، يەڭگىل چارە بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى.

— موللا ئەخمەتمۇ تىترىمىسۇن، نۇراخۇنمۇ يىغلىمىسۇن.

بۇ ئىشنى مۇنداق بىر تەرەپ قىلايلى، — دېدى قازى داموللا كۆپچىلىككە ۋە يېنىدىكى ئۈچ قازىغا قاراپ، — دېھقان نۇ-راخۇننىڭ يەر خېتى تۈزىتىپ قايتا يېزىلسۇن، ئىلگىرىكى خاتا يېزىلغان خەت مەنسۇخ قىلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن، مەھكىمىدىن ئادەم قوشۇپ، يامۇلدىكى غەللە - پاراق دەپتە-رى تۈزىتىلسۇن، نۇراخۇننىڭ غەللە - پاراقنى بىرقانچە يىل ئارتۇق تاپشۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ھازىرقى قىيىن ئەھۋالى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئىلگىرى ئورۇنسىز ئارتۇق تۆلەپ كەلگەن غەللە - پاراق مىقدارى تولدۇرۇلغانغا قەدەر غەللە - پاراق ئېلىنمايدىغان قىلىنسۇن، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟
ھاياجانلانغىنىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ كۆز يېشى تۆككەن نۇراخۇن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. جامائەت ئىچىدىن: «ئادالەت»، «ئادالەت» دېگەن ئىنكاسلار ئاڭلاندى.
قازى داموللا بۇرۇلۇپ موللا ئەخمەتكە قارىدى:
— گەرچە ئىچىنىشلىق ئىغىر پاجىئە كېلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئەھۋالنىڭ مىزاجى ئىغىر. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىلدىكى ئۇۋالچىلىق ئەھۋاللارنىڭ قايتا سادىر بولماسلى-قىنى نەزەردە تۇتۇپ، كاتىپ موللا ئەخمەتكە بۇنىڭدىن كېيىن ھېيتكا ۋەقازىخانا ئالدىدا خەتتاتلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىن-مىسۇن، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟
— بولىدۇ!
— ئادالەت، ئادالەت!
كۆپچىلىك ئىچىدىن تەسىرلىك ئەكس سادالار ياڭرىدى. دۇئا - ئالقىشلار ئاڭلاندى. ئەدلى - ئادالەتنىڭ قۇدرىتى نامايان بولۇپ، ھەممە ئادەمنى خۇش قىلغانىدى.

## يەتتىنچى باب

## غەمخورلۇق

قەشقەردە ياش باللا ھاممام ئاستىدا —
كولدە ياتۇرلار.

(مەكتەپ مارشى)

قىش ئاسمىنى نېپىز تومان بىلەن قاپلانغان، قۇياش خۇددى پەردە ئارقىسىدا يانغان چىراغدەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. شەھەردە قانداقتۇر ئاچچىق قەھرىتان سوغۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىزغىرىن شامال گۇركىرەيتتى. ھەر ئەتىگەنلىكى سۇپۇرۇپ تازىلاپ، ئازراق سۇ چېچىلغان رەستە-كوچىلاردا نېپىز بىر قەۋەت مۇز قاتقانىدى.

ئەنجان رەستىسى، ئۈستەڭ بويى، قۇمدەرۋازىغا كېتىدىغان ئاساسلىق كوچىلاردىكى دۇكاندارلار سوغۇقنىڭ

يامانلىقىدا بەقەسەم تون ياكى قېلىن جۇۋا، چەكمەن
چاپانلىرىغا قونچاقتەك سىپتا ئورىلىپ، يۈكۈنگەن
پېتى قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. بەزەن دۇ-
كاندارلار سەندەل چوغى سىنغاچ، تەسۋى سىيرىپ، مۈزلىغان
قوللىرىنى پات - پات ئىسسىتاتتى. سوغۇقنىڭ كۈچىنى كۆر-
سۈن دېگەندەك ئاشخانىلاردىن خۇددى جادۇگەر پەيدا قىلغان
تۇمانلاردەك قويۇق هور پۇرقۇپ تۇراتتى.

كوچىدا ئادەم كۆپ، سودا - سېتىق قىلغۇچىلار، ئۇيان-
بۇيان ئۆتكۈچىلەر تىنىمسىز ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سوغۇقنىڭ كۈ-
چىدىن بولسا كېرەك، تولا ئادەملەر چەكمەن چاپانلىرىغا چىڭ
يۆگىنىپ، تۇمشۇقىنى مەيدىسىگە تىقىپ، بىر مۈرىسىنى ئېگىز،
بىر مۈرىسىنى پەس قىلغان هالدا شامالغا قارشى دولا چىقى-
رىپ قىيپاش مېڭىشاتتى. سارايدىن - سارايغا ماتا - چەك-
مەن توشۇغۇچى هامماللار كۆزگە چېلىقاتتى. ئۆز گەۋدىسىدىن
نەچچە باراۋەر يوغان ماتا تايلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەللىرى
ئېگىلىپ، پۇتلىرى دىر - دىر تىترىگەن هامماللار ئېغىر ها-
سىرىغاندا، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن پۇرقىراپ هور چىقاتتى،
قاش - كىرپىكلىرىنى ئاپئاق قىراۋ باغلايتتى، بۇرۇت - ساقال-
لىرىغا مۇز تۇتاتتى. هېلى ئۇ، هېلى بۇ كۆلدىن سۇ توشۇپ،
توختاملاشقان ئۆيلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ هايات كەچۈر-
گۈچى ئەپكەشچىلەرمۇ سوغۇقنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، شۇن-
داق تېز ماڭاتتىكى، ئۇلارنىڭ قايسى كوچىدىن چىقىپ، قايسى
كوچىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى.
ئۇلار شەيتاننىڭ ئۆزى ئىدى. غىل - پال كۆرۈنۈپ قالات-
تى - دە، غىپ قىلىپ يوقاپ كېتەتتى.

سوغۇقتىن پەرۋايى پەلەك، ئۇچىسغا كەمچەت ياقىلىق جۇۋا، بەقەسەم تون ياكى ئاۋات چەكمەندە تىكىلگەن پاختىلىق چاپان، بېشىغا كەمچەت ياكى قاما تۇماق كىيىپ، دۇغدايماستىن كېرىلىپ يۇرىدىغان بايلار ۋە بايۋەچچىلەر شالاڭ ئىدى. ئىگىن - ئايىغى يېلىڭ - يۇپۇڭ كىشىلەر كۆپ ئىدى. سوغۇقنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى چىڭ يۆگەۋېرىپ قولتۇقى سۆكۈلۈپ، مازلىرى چۇۋۇلۇپ قالغان ياكى چاپان پەشلىرىنى سارغايتىپ كۆيدۈرۈپ قويغان غېرىب - غۇرۋالار تېخىمۇ كۆپ ئىدى. كىشىلەرنىڭ تولىسى قاسقان تۇماق كىيەتتى. كۆك مۇۋۇتتا تاشلانغان قەشقەر تۇمىقى كىيگەنلەر شالاڭ ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇمىقىنى قۇلىقىغىچە چۆكۈرۈپ چۆكەپ كىيىۋالغانلىقىدىن سوغۇقنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى.

ئاھ سوغۇق، قەھرىتان سوغۇق، سېنىڭ چويۇندەك سوغۇق قوينۇڭدا، جۇت - شۇرغانلىق شاماللىرىڭدا كىملەرنىڭ قانداقلىقىنى، كىملەرنىڭ كېرىلىپ، كىملەرنىڭ دوغدىيىپ يۈرگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولغاندەك، ھايات تەگپۈگلۇقىنىڭ نەقەدەر بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ - ھە!

رەھىمسىز قارا سوغۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شەھەر ھاياتىنىڭ «گۈلەخ» دەپ ئاتىلىدىغان ھامامام كۇلخانىسىدا يەنە بىر خىل ھايات داۋام قىلماقتا. ئۇ يەردە جېنى چىڭ، توك تاشتەك بىر توپ باللار ئۇچىسى يېلىڭ، تېزى ئوچۇق، پۇتى يالاڭ ياغ بولۇشقا قارىماي، بوينى بىلەن تەڭ كۈلگە كۆمۈلۈپ، سوغۇققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، قىزىققارلىق ھېكايە سۆزلەشمەكتە.

ئۇلارنىڭ ئىككى ھېكايىسى بار: بىرى، خەلق ئىچىدىن


Altun0q

كەلگەن، باللار تولىمۇ قىزىقىدىغان، پىششىق ياد بىلىدىغان قىزىق ھېكايە؛ يەنە بىرى، ئۆزلىرىنىڭ ھېكايىسى ئىدى.

باش - كۆزلىرى كۈلگە بۇلغانغان، قول - پۇتلىرى قاسماق، چاچلىرى ئۆسۈپ، گەدەن ياپقان، كۆزلىرى پىلدىرلاپ، قارسقۇمچاقتەك ئويناپ تۇرغان بىر نوپ بالا ئىمىننىڭ ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چۇرۇقلاشماقتا.

— ھېكايە ئېيتىپ بەرگىنە، خۇش بولۇپ كېتەيلى، ئىمىن ئاكا!

— جېنىم ئاكا، غوجام ئاكا دېيىشسەڭ ئېيتىپ بېرىمەن! — دەيتتى ئىمىن ئۆزىنى بازارغا سېلىپ.

— دەيمىز، دەيمىز!

— جېنىم ئاكا، غوجام ئاكا، خۇش بولايلى ئاكا، ئېيتىپ بەرگىن، ئاكا!

باللار ئارقىمۇ - ئارقا چۇرۇقلاپ، يالۋۇرۇپ قىستاۋەرگەنلىكتىن، ئىمىن ھېكايە سۆزلەشكە باشلايتتى:

— زامان زامانىنىڭ زامانىسىدا، بۇرۇن بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، دەرياغا يېقىنمۇ ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس، بىر ئورمانىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا، پاكارمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس، بىر يېتىم توغراقنىڭ سايىسىدە پىت ئاداش بىلەن بۈرگە ئاداش دوست بوپتۇ، — ئىمىن ھېكايىسىنى باشلىدى، باللار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

— كۈلسەڭ سۆزلىمەيمەن، ھېچ نەرسەڭنى كۆزلىمەيمەن، كاشلاچىقسا تۈزلىمەيمەن، يىغلاشساڭ بەزلىمەيمەن، ماتاچەكمەن گەزلىمەيمەن، يوقاپ كەتسەڭ ئىزدىمەيمەن، جىم

ئولتۇرۇپ ئاڭلاشساڭ، توخۇنى تاق، مۇشۇكنى پەش دېمەيمەن؛
ئاڭلاشتىڭمۇ شۇمتەكلەر، ھېچقايسىڭغا خۇش دېمەيمەن! — دې-
گەن ئىسمىن كۆكۆللۈك ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى، —
شۇنداق قىلىپ، پىت بىلەن بۈرگە دوست بوپتۇ، دوست بول-
غاندىمۇ بەكمۇ خۇش بوپتۇ، بىرى بىر ئۆچكە، بىرى بىر
قوچقار سويۇپ، ئىككى تەڭنە گۆش قىپتۇ، قاتتىق ئوتۇندا
ئوت قالاپ، قىزىل مارجان چوغ قىپتۇ، ئۇسساپ قالساق ئى-
چىمىز دەپ ئىككى مالتاق دوغ قىپتۇ، گۆشنى كاۋاپ قىلىپ قورساق
دېگەننى تويدۇرۇپتۇ. مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاپ، راھەتلىنىپ
ئولتۇرۇپتۇ — ئولتۇرۇپتۇ — ئولتۇرۇپتۇ، بىر چاغلارغا يەتكەندە پىت
ئاداش قوپۇپ سۆز قىپتۇ: جېنىم ئاداش، قورساق تويدى، مۇنداق
ئولتۇرۇۋەرسەك زېرىكىپ قالىدىكەنمىز، بىكار ئولتۇرۇپ تېپىپ
قالىدىكەنمىز، بىكار ئولتۇرغاندىن بىكارغا ئىشلە دەپتىكەن،
مۇنداق ئولتۇرغاندىن ئىككىمىز بىر ئويۇن قىلساق، قانداق
دەپتۇ. بۈرگە ئاداش ماقۇل كۆرۈپ، قېنى، قانداق ئويۇن قى-
لىمىز، دەپتىكەن، پىت قوپۇپ: ئىككىمىز بەسلىشەيلى، مۇشۇ
چوغنىڭ ئۈستىدىن قايسىمىز سەكرەپ ئۆتۈپ كەتسەك، شۇ ئو-
غۇل بالا — نوچى ھېسابلانسۇن، دەپتۇ. بۈرگە بۇ شەرتكە ماقۇل
كېلىپ، شادىپاچاقلىرىنى يەرگە تىرەپ، بىر تۈگۈلۈپ، ئىككى
دەڭسەپ، تاق قىلىپ بىر سەكرەپتىكەن، چوغنىڭ ئۇ تەرىپىگە
ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۈرۈتىنى سىيلاپ، ساقىلىنى پۈلەپ، قانداق،
نوچىمىكەنمەن، دەپ ئوڭ قېشىنى ئېتىپ، سول كۆزىنى قىسىپ
قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى نۆۋەت پىتقا كەپتۇ. بۇ پالاكەت خۇمسى
قوللىرىغا تۈكۈرۈپ، ئالدى-كەينىگە مېڭىپ، ئۆزىنى ۋاسا دەڭسەپ،
قانات — قۇيرۇقىنى تەڭشەپ بىر سەكرەپتىكەن، چوغنىڭ

نەق ئۇتتۇرىسىغا چۈشۈپ، پۈرچاقتەك «پارس» قىلىپ ئېتىلىپ،
ئۈچەي-قارنى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ. ۋاي ئىسست، بىر ئوبدان ئادىشىمـ
دىن ئايرىلىپ يالغۇز قالدىم، دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش
ئولاشقان بۈرگە مەيۈسلىنىپ هازا ئېچىپ، ئېڭەك تۈتۈپ ئولتۇرسا،
توغراق سۆزلەپ: ۋاي بۈرگە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟ يېڭىلا ئوت
سۇنۇپ، كاۋاپ يەپ خۇشال ئولتۇراتتىڭ، بىردەمدىلا چىرايىڭ
تۈتۇلۇپ، باشقىچە بولۇپ قاپسەن، ساڭا نېمە دەرد كەلدى؟
دەپ سوراپتۇ. بۈرگە كۆزىگە ياش ئېلىپ: ۋاي جېنىم
ئاداش، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، دەپتۇ. توغـ
راق زىنهار ئۇنىماي، سەن بولۇپ، مەن بولۇپ،
ئوتتۇرىمىزدا يوشۇرىدىغان نېمىمىز بار، دېگىنە، سۆزلە، ئاڭـ
لاپ كۆرەي، دەپتۇ. ئاندىن بۈرگە سۆزلەپتۇ: پىت ئاداش
ئۆلدى، بۈرگە ئاداش هازىدار، توغراق شاراق - شۇرۇق،
دەپتىكەن، توغراق شۇ زامان قاتتىق سىلكىنىپ، پۈتۈن
يوپۇرماقلىرىنى شاراق - شۇرۇق قىلىپ يەرگە تۆكۈپتۇ.
هەر كۈنى توغراق تۈۋىدە يوپۇرماق يەيدىغان قوچقار كېلىپ
قارايدىغان بولسا، بۈگۈن ئىش باشقىچە. ئۇ هەيران بولۇپ،
ۋاي توغراق ئاداش، هەر كۈنى ماڭا تۈشلۈق يوپۇرماق تاشـ
لايتتىڭ، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ هەممە يوپۇرماقلىرىڭنى
يەرگە تۆكۈپ، ئۆزۈڭ قۇرۇق - قاخشال بولۇپ قاپسەن؟
دەپ سوراپتۇ. توغراق ئۇنىمىغا: ۋاي جېنىم ئاداش، سەن
سورىما، مەن ئېيتماي، دەپتۇ. قوچقار زىنهار ئۇنىماپتۇ.
توغراق ئامال قىلالماي: پىت ئاداش ئۆلدى، بۈرگە ئاداش
هازىدار، توغراق شاراق - شۇرۇق، قوچقار قاسۇر - قۇسۇر،
دەپتىكەن، قوچقار شۇ ئانلا توغراققا ئۈسۈپ، بىر ئوبدان

مۆڭگۈزلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، دەرياغا سۇ ئىچكىلى كېتىپتۇ. قوچقارنى كۆرگەن دەريا ھەيران بولۇپ، ۋاي قوچقار ئاداش، ھەر كۈنى سۇ ئىچكىلى كەلگىنىڭدە ئاجايىپ چىرايلىق مۆڭگۈزلىرىڭ بار ئىدى، بۈگۈن ساڭا نېمە بالا كەلدى، مۆڭگۈزلىرىڭ يوققۇ؟ دەپتىكەن، قوچقار جاۋاب بېرىپ: پىت ئاداش ئۆلدى، بۆرگە ئاداش ھازىدار، توغراق شاراق-شۇرۇق، قوچقار قاسۇر - قۇسۇر، سۇ تەتۈر ئاقماق، دەپتۇ. دەريا سۈيى شۇ ئانلا تەتۈر ئېقىپتۇ! ھەر كۈنى دەريا سۈيىدە قاچا - قۇچا يۇيىدىغان بىر غالچا بارئىكەن، بۈگۈن ئۇ قاچا يۇغىلى چىقىپ، دەريا سۈيىنىڭ تەتۈر ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا: ئەي دەريا، ھەر كۈنى ئوڭ ئاقاتتىڭ، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا تەتۈر ئاقىسەن؟ دەپ سوراپتۇ. دەريا جاۋاب بېرىپ: پىت ئاداش ئۆلدى، بۆرگە ئاداش ھازىدار، توغراق شاراق - شۇرۇق، قوچقار قاسۇر - قۇسۇر، سۇ تەتۈر ئاقماق، غالچا قاچا چاقماق، دەپتىكەن، بۇ غالچا كۆتۈرۈپ چىققان قاچا - قۇچىنىڭ ھەممىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، كۇكۇم - تالقان قىلىپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن غالچىنى كۆرۈپ، ئاتەش غەزەپكە كەپتۇ - دە، ئەي غالچا، ھېچقاچان قاچا چاقمايتتىڭ، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا قاچا چاقتىڭ؟ دەپ سوراپتۇ. غالچا جاۋاب بېرىپ: پىت ئاداش ئۆلدى، بۆرگە ئاداش ھازىدار، توغراق شاراق - شۇرۇق، قوچقار قاسۇر - قۇسۇر، سۇ تەتۈر ئاقماق، غالچا قاچا چاقماق، پادىشاھ ئۆزىنى بوغۇزلىماق، دەپتىكەن، پادىشاھ شۇ ئانلا يېنىدىكى خەنجەرنى چىقىرىپ، ئۆزىنى بوغۇزلىۋاپتۇ!...

— ھا، ھا، ھا، ھا...

ئەتىگەندىن بېرى ئازادە كۆلەلمەي بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتكەن باللار شۇقەدەر ساز كۈلۈشتىكى، ئۇلارنىڭ كۈلكە سادالىرى گۈلەخ ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بەزەنلىرى كۈلۈپ تېلىقىپ، كۈلگە تاشلىناتتى، بەزەنلىرى بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، يومىلاقلىشىپ ئېغىنىشاتتى.

بۇ ھېكايە ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان، ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئاڭلىسىمۇ تويماستىن، يەنە ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان ھېكايە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزمەي قالاتتى. ھېكايىنى خام سېمىز، يوغان باش، ئورا كۆز كەلگەن ئون ياشلار چامىسىدىكى ئىمىن ئېيتاتتى. ھېكايە تېخى تۈگىمىگەنىدى:

— شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئۆزىنى بوغۇزلاپتىكەن. ئالەم بۇزۇلۇپ، جاھان ئۇكتەي - توكتەي بولۇپ كېتىپتۇ. شەھرالىقلار شەھەرگە، شەھەرلىكلەر سەھرالارغا قېچىپتۇ. دېھقان تاغىرىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپتۇ، دورغا چىقىپ بەگنىڭ گېلىنى بوغۇپتۇ، قورقۇپ كەتكەن بەگنىڭ خوتۇنى بىر يولدىلا ئىككى موزاي تۇغۇپتۇ (كۈلكە)، تىنتەي - شىتەي، يايى - ئامبال ئۆركۈپ كېتىپتۇ، ئارقىمۇ ئارقا دورا ئىچىپ جەھەننەمگە كېتىپتۇ، ئېتەك ياقا بوپتۇ، ياقا ئېتەك بوپتۇ، دومۇدو، ئىمىننىڭ دوسى دەپ ماڭا ئامباللىق تېگىپتۇ، ھەممە ئادەم خۇش - خۇش دېيىشىپ، ماڭا بېشىنى ئېگىپتۇ!... ھا، ھا، ھا .. ھەممىسى ماڭا باش ئېگىۋاتسا، ھەرقايسىڭ نېمىشقا باش ئەگمەيسەن، ئېگىشە، بېشىڭنى ئېگىشە، بولمىسا ھېكايە ئېيتىپ بەرمەيمەن، بېشىڭنى ئېگىش، ھارامدىن بولغانلار! ھا، ھا، ھا... ئىمىن بىقىنىدا ئولتۇرغان



AltunOq

لارنىڭ بېشىنى بېسىپ چاقچاق قىلاتتى. باللارمۇ بىر تەرەپ-
تىن، قاقاقلاپ كۈلۈپ تەزىم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكا-
يىنى قايتا سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى.

— يەنە بىر ئېيتىپ بەرگىنە، خوش بولاي! — دېدى
بىرى يېڭىلا ئاخىرلاشقان ھېكايىنى تەكرار ئاڭلىغۇسى
كېلىپ.

— بۇدا ئېيتىپ بەرسەڭ، جەزمەن بىر سامسا بىلەن
مېھمان قىلىمەن.

— مەن گۆش گىردە ئەكىلىپ مېھمان قىلىمەن!

باللار ھەر خىل يېمەكلىكلەرگە ۋەدە قىلىپ، ھېكايە
سۆزلىتىشكە ئۇرۇناتتى.

— ماڭ - ماڭ نېرى بېرىش. تولا سۆزلەپ ئاغزىم قۇ-
رۇپ، قورساقلىرىم كولدۇرلاپ كەتتى، — ئىمىن ئۇلارنىڭ نە-
لىپىنى رەت قىلىپ، شەرت قوياتتى. — ئاۋۋال گۆش گىرد-
ەڭنى، سامسىلىرىڭنى ئەكىلىپ ئالدىمغا قويۇش، مېھمان بو-
لۇپ يەپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئېيتىپ بەرسەممۇ مەيلى!

تۆت - بەش باللا تەرەپ - تەرەپكە پاتىراقشىپ چېپىپ
كېتىشەتتى. ئۇلار ياللاڭ تامبال، ياللاڭ ياغ بولسىمۇ، كۆك
مۇز، ئاق قىراۋ قاتقان چويۇندەك سوغۇق كوچىنى گۈرس -
گۈرس دەسسەپ يىراقلارغا كېتەتتى. ئاشخانا، ناۋايخانا، سام-
سىخانىلارغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى.

- ياللاچ، ياللاڭ ياغ، يېرىم توق، يېرىم ئاچ ھايات
كەچۈرۈۋاتقان بۇ باللارنىڭ كوچىمۇ كوچا گۈرسۇلدەپ يۈ-
گۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىسكىي مەڭزى قىپقىزىل،
مۇسكۇللىرى مۇڭگۈزدەك چىڭ ۋە ساغلاملىقىنى كۆرگەن كى-

شىلەر بىر تەرەپتىن، ئىچ ئاغرىتسا، بىر تەرەپتىن، «تولۇق تاشـ تەك چىلىق باللار ئىكەن.» دەپ ھەيران بولۇشاتتى.

شەھەر ھاياتى ئۆز يولىدا داۋام قىلماقتا. بۇ باللارمۇ ئۆز يولى بىلەن قەھرىتان سوغۇقنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقىـ غا قارشى تەبىئىي كۈرەش قىلىپ ياشىماقتا...

ــ باللا، ۋا باللا! ــ قايسى بىر بالا ئالقىنىدىكى بىر نېمىنى پۈلەپ تۇرۇپ، ــ كارامىتىمنى كۆرسىتىمەن، ماۋۇنىڭغا قاراڭلار! ــ دەپ توۋلىدى.

باللار بىردىنلا ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ئۇ بالا كۆل ئارىسىدىن تېپىۋالغان چىلانچىلىك بىر تال چوغنى پۈلەپ، قولدىن ــ قولغا يۆتكەپ كارامەت كۆرسىتەتتى.

ــ قاراڭلار، مانا مېنىڭ قولۇم كۆيمەيدۇ، ــ دەيتتى ئۇ ماختىنىپ.

كۆل ئاستىدىن تېپىۋالغان چوغنى پۈلەپ قولدىن ــ قولغا يۆتكەپ ئويناشمۇ باللارنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرىدىن بىرى ئىدى.

ــ قېنى، كىم يىراققا يەتكۈزەلەيدۇ، دو تىكىمەن! ــ دەپ توۋلىدى ھېلىقى كارامەت كۆرسىتىۋاتقان بالا.

مەن يەتكۈزىمەن، نېمە تىكىسەن؟ ــ دېدى بىرى مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

ــ سەن يەتكۈزەلمەيسەن، مەن يەتكۈزىمەن! ــ دېدى يەنە بىر بالا ھىجىيىپ تۇرۇپ. بۇ بالىنىڭ ئوتتۇرا چىشى يېڭىلا چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا، ھىجايغاندا ئاغزىنىڭ ئىـ چى قۇشقاچ كامىرىدەك كۆرۈنۈۋىدى، بۇيانقى باللار زاڭلىق قىلىشىپ پاراققىدە كۈلۈشتى.

— پەرەڭ دوختۇرخانىسىغا بىرىپ، ئاۋۋال چىش سالـ دۇرۇپ كەل، ئاندىن باغلاشقىن، — دېدى بىرى ئۇنى چەتكە قېقىپ.

— مانا مەن يەتكۈزىمەن، نېمە قويىسەن؟ — دېدى ئۇ قەتئىي ئاھاڭدا ۋارقىراپ.

— بىر گىرۋە.

— ياق!

— بىر سامسا، بولامدۇ؟

— ياق!

— ئەمىسە، نېمە! قوي گۆشىدە ئەتكەن گۆش گىرۋە، بولـ دىمۇ، نوچاڭ بولساڭ ئاۋۇ دوقمۇشقا بىرىپ يانسەن!

— دوقمۇشقا يېتەلمىسەڭ ھېساب ئەمەس!...

بۇ تەرەپتىكى يان كوچىدىن تىلەمچى ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىيىملىرى يېلىڭ - يۇپۇڭ ئىككى بالا سوغۇقتا غال - غال تىترىشىپ يىغلاپ كېلەتتى. كۆلەختىكى باللار ۋاڭ - چۇڭدىن توختاپ، تىلەمچى ئايالغا ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا قاراشتى. تىلەمچى ئايال مۇناجات ئوقۇيتتى:

«ياتىمەمنىڭ كۆڭلەكى
شەكسەن يەردىن ياماقى
......»

بىراق، بۇ ئايال مۇناجاتنى يېرىم يولدا توختىتىپ ئارـ قىغا بۇرۇلدى. باللارنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ سىيرىقىراتقانىدى.

— ئىلدامراق مېڭىش، ھېلى بىكار تاشلاپ كېتىمەن، جېنىمغا تېگۈرۈپ لەگەنلەر… — دېدى ئەلەم بىلەن ئاچچىق ۋارقىراپ.

تىلەمچى ئايالنىڭ شۇ كۈنلەردە ئۆز بېشىغا چۈشكەن قىيىنچىلىقلارغا، يېرىم - يالىڭاچ قالغان باللارنىڭ يىغا-زارىگە چىدىغۇچىلىقى قالمىغانىدى، شۇڭا ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئىلدامراق مېڭىش، دەپ مېھرىبانلىق بىلەن باللارنى يېنى-غا چاقىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاشلاپ كېتىمەن، دەپ دوق قىلىپ قورقۇتاتتى، ئەڭ ئاخىردا، جېنىمغا تۈگۈلگەنلەر، دەپ ھەممىدىن پېزار بولاتتى. ئۇ ھازىر جانىدىن، جاھاندىن، ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشتەك ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

— ئاچا، ئاچا! — گۈلەختنىكى باللاردىن بىرى ئۈن-لۈك توۋلاپ سۆزلەيتتى، — باللارنى بىزگە قوشۇپ قويۇڭ، بىز ئىسسىق سىلقلاپ بېرىمىز!

— جېنىڭنى بېقىشقىنا، يېتىمەكلەر، دەۋاتقان كېپى-نى! — دېدى ئايال ئاچچىقىدا ھومىيىپ.

— خاپا بولمىسىلا ئاچا، بىز يامان گەپ قىلمىدۇق!

— گۈلەختنىڭ ئىچى ئىسسىق، باللىرىڭىز بىزنىڭ يې-نىمىزدا تۇرۇپ تۇرسا، كوچا چۆكىلەپ كەلگەندە ئەكەتمەمسىز!

— بىز باللىرىڭىزنى يەۋالمايتتۇق!…

ئاتا - ئانىسىز، ماكانسىزلىقتىن گۈلەختتە قالغان قازا يې-تىملەرنىڭ سوقۇقتا قالغان، ئەمما ئانىسى بار باللارغا ئىچ ئاغرىتىپ غەمخورلۇق قىلماقچى بولغانلىقى ھەرقانداق كىشى-

گە تەسىر قىلغۇدەك ئىش ئىدى، ئەپسۇسكى، تىلەمچى ئايال-غا ئانچە تەسىر قىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز باللىرىنى گۈ-لەختە قالغان قارا يېتىملەر قاتارىغا قوشقۇسى كەلمەيۋاتقان-دۇ! ئەمما، تىلەمچى ئايالنىڭ باللىرى گۈلەختىكى باللار-نىڭ يېنىغا ئالالىقاچان يېقىنلىشىپ بولغانىدى.

كوچا دوقمۇشى تەرەپتە بىر توپ سالاپەتلىك ئادەملەر كۆرۈندى. ئۇلار توپتوغرا گۈلەخ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇلار كىم؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىۋاتىدىغاندۇ؟! باللار ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

باللار ئەلۋەتتە ھەيران بولاتتى، چۈنكى ئۇلار ياشا-ۋاتقان بۇ گۈلەختە مۇنداق سالاپەتلىك ئادەملەرنىڭ كېلىشى بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئاجايىپ ئىش ئىدى. ئادەتتە بۇ يەرگە ئۆتەر - كې-چەردىۋانىلەر، يېرىم سارالڭ - سەۋدايىلەر ئاندا - ساندا كەل-گەندىن باشقا، ھېچكىم كەلمەيتتى. بايلار، قازى، ئەھلەم، دا-موللا، مۇدەررىسلەر تېخىمۇ كەلمەيتتى. ئەجەبا، بۈگۈن بۇ قە-دەر سالاپەتلىك كىشىلەر قانداق بولۇپ كېلىپ قالدى، نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ بۇ سوئاللار باللارنى ئەلۋەتتە ھەيران قالدۇراتتى. تىلەمچى ئايالمۇ ھەيران بولغىنىدا قانداق قى-لىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغانىدى.

كەلگۈچىلەردىن ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك، يو-غان باش، قارا قاش، ئۆتكۈر كۆزلۈك، كەكە ساقال، بېشىغا چاقچاقلىقىنا سەللا يۆگىگەن بىر كىشى يىراقتىنلا باللارغا چەك-سىز ئىچىنىش ۋە مېھرىبانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلەتتى.



AltunOq

— ئاھ ئەزىز باللىرىم، قەدىرلىك باللىرىم، جانجىگەرلىرىم! — دەيتتى ئۇ كىشى چەكسىز كۆيۈمچانلىق بىلەن، — ئەي ئەۋلادى مىللەت، ھالىڭلار ئۇشبۇ كۈنگە قالغانمۇ! بىشىڭلارنى سىيلار كىشىڭلار يوقمۇ؟

گۈلەختە توپلىشىپ، غۇجمەكلىشىۋالغان باللار كۆزلىرىنى قۇمچاقتەك پارقىرىتىپ قادالغىنىچە قېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇ كىلىپلا تىلەمچى ئايالنىڭ باللىرىنى يېنىغا تارتىپ، بېشىنى سىيلاپ غەمخورلۇق كۆرسەتكەچ:

— ئەي ئەزىز باللىرىم، نېمە ئۈچۈن سوغۇقتا قالدىڭلار؟ ئۆي - ماكانىڭلار يوقمۇ؟ دەپ سورىدى.

— دادا، — دېدى باللاردىن بىرى چاڭقى ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىپ، — سوغۇق دېگەن يامان ئىكەن، ئىلاجىمىز يوق، شۇڭا كۈلگە كىرىۋالدۇق! — بالا سۆزلەپ بولۇپلا تىلىنى چىقىرىپ باشقا باللارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— توغرا!! — دېدى ئۇ كىشى ئىچچىنىشلىق بىلەن، — سوغۇق دېگەن بۇ نائىنساپ، ئۆز نەشتىرىنى سىلەردەك ئۆي - ماكانسىز، ئاچ - يالىڭاچ قالغانلارنىڭ بەدەنلىرىگە سانجىپ، شەپقەتسىزلىك قىلغانلىقى ئارى راست. ئىلاجەڭلار يوق، ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالغۇچىلار تېخىمۇ يوق، شۇنداقمۇ؟! شۇنى سورايكى، ئاتا - ئاناڭلار يوقمۇ؟

— ئاتا - ئانىمىز بولسا، بىزمۇ ئىسسىق ئۆيدە پۇتىمىزنى سەندەلگە تىقىپ، يوتقان ئىچىدە ئىسسىق ئۇخلايتتۇق.

— بارىكاللا، توغرا جاۋاب، توغرا جاۋاب!

مويسىپىت كىشى يېرىم بۇرۇلۇپ تىلەمچى ئايالغا قارىدى ۋە ئۆزى بېشىنى سىيلىغان باللارنى كۆرسىتىپ:



— ئەي قىزىم، بۇ باللار سىزنىڭ باللىرىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاشۇ ئىككىسى مېنىڭ بالام، — دېدى ئايال يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— يامان بوپتۇ، باللار بەك يوپۇق ئىكەن، رەھىمسىز سوغۇق يەنە بىزنى پۈتمەس - تۈگىمەس ئەلەمدە قويمىسۇن! مۇنداق قىلايلى، ھەممىڭلار بىز بىلەن ئۆيگە بېرىڭلار، بىزگە مېھمان بولۇڭلار، سىلەرنى ئىسسىندۇرايلى، شۇنداق قىلساق قانداق، بۇنىڭغا ماقۇل كېلىڭلار؟!

قۇلىقىغا جاراڭلاپ ئاڭلىنىۋاتقان بۇ سۆزلەرنىڭ راست ياكى غەلىتە ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان باللار بىر - بىرىگە قارىشىپ ھەجەيىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، ھەجەيىپ كۈلۈشلىرىدىن ئىشەنمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارىدىن بىرى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دادا، سىلى كىم بولىلا؟ — دېدى - دە، پىخىلداپ كۈلۈپ، ئاغزىنى ئوچۇملاپ ئەتكەنچە يەنە بىر بالىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندى.

— ياخشى سورىدىڭلار. مەن دېگەن ئابدۇقادىر داموللا بولىمەن، مانا بۇ كىشىلەر موللا ساۋۇت خەلپەت، ئىمىناخۇن خەلپەت، ئابدۇللا خەلپەت... بىز سىلەردىن ھال سورىغىلى، بېشىڭلارنى سىيلىغىلى كەلدۇق. بىزنىڭ سۆزلىرىمىز راست، ئىشەنمىسەڭلار بىز بىلەن بىرگە يۈرۈڭلار. سىلەردەك ئەۋلادى مىللەتكە ئىسسىق ئۆي، ئىسسىق ئاش - غىزا تەييارلاپ قويدۇق. سىڭلىم سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ، باللىرىڭىز ھەم ئۇششاق، ھەم يوپۇق ئىكەن، بۇ يىل سوغۇق قاتتىق كەلدى. بىزنى داغۇ - ھەسرەتتە قالدۇرمىسۇن، شۇنداق قىلىڭ!

ئابدۇقادىر داموللا قىزغىن ئەمەلىيەتچى ھەم جۇشقۇن روھلۇق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئىدى. ئۇ بۇ يىل سوغۇقنىڭ قاتتىق كەلگەنلىكىنى، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقان يېتىم - يېسىر، يوقسۇل - تىلەمچىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بايقاپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ يۈرگەنىدى.

مانا، ھەش - پەش دېگۈچە چىللە كىردى. پۈتكۈل يەر-جاھاننى جۇتتەك قاپلىغان قارا سوغۇق چۆيۈندەك ئېغىرلىقى بىلەن ھەممىنى قىساتتى. گويا ياۋۇز قارا قۇشتەك شۇڭغۇپ كېلىپ، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ گەجگىسىدىن، ئورۇق ئەتلەرنىڭ تۆشىدىن ئالاتتى. گويا ماراپ چىشلەيدىغان قارا كۈچۈكتەك كېلىپ، يالىڭاياغلارنىڭ پاقالچىقىنى ئاچچىق چىشلەيتتى. «بۇ يامان بولدى، ئەمدى كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ!» دەپ پەرياد كۆتۈرۈپ چىققان ئابدۇقادىر داموللا شۇ كۈنى، سالاپەتلىك، مويسىپىت كىشىلەر مۇتلەق ئاياغ باسمايدىغان ھاممامنىڭ«گۇلەخ» دەپ ئاتىلىدىغان كۇلخانىسىغا كەلگەنىدى. بۇ يەردە ئۇلار قەھرىتان سوغۇققا قارشى جەڭ قىلىپ، جان تالىشىۋاتقان بىر توپ قارا يېتىملەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قۇربى يەتكۈچە غەمخورلۇق قىلىش قارارىغا كەلدى.

مورا ئوچاقتا چاراسلاپ ئوت كۆيمەكتە. ئۇنىڭ يان - ياقىسىداقارلىغاچنىڭ بالىلىرىدەك تىزىلىپ ئولتۇرۇشقان باللار چەكسىز ھاياجان ئىچىدە خۇشال ئولتۇرۇپ ئوتسىنماقتا. ئۇلار جانغا ئارام بېرىدىغان مۇنداق يېقىملىق ئوتنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدى. ئوت دېگەننى ئۇلار كوچىدا نان تىلەپ يۈرگەن چاغلاردا، ئاشپەزنىڭ ئوچىقى،ناۋاينىڭ تونۇرىدا كۆرگەن بولىسىمۇ، ئۇ ئوت-


AltunOq

لار بۆگۈنكى ئوتقا پەقەت ئوخشاشمايتتى. يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇز-لۇقنى قاندۇرالمىغاندەك، ئاشخانا، ناۋايخانىلاردىكى ئوتمۇ ئۇ-لارغا ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيتتى. بۆگۈنكى ئوت ئۆي ئىچىدە ئىدى. ئۇلار خۇددى ئۆزلىرى قالاپ گۈللەندۈرگەن ئوت يالقۇ-نىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرماقتا ئىدى. بۇ نېمىدېگەن ھۇزۇر، نېمە-دېگەن راھەت ـ ھە!

ئۇلار ھازىر ئوچاقتىكى ئوت بەخش ئەتكەن راھەتكە قاراپ، بەلكى دۇنيادا ئوتتىن ئۇلۇغ، ئوتتىن يېقىملىق نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار ھەۋەس بىلەن ئوتسىناتتى. قوللىرىنى قاقلاپ تىنىمسىز ئۇۋۇ-لايتتى، گويا يۈرىكىگە زاپاس ئىسسىقلىق قاچىلىۋالماقچى بول-غاندەك، ئالدىنى ئېچىپ مەيدىسىنى ئوتقا قاقلايتتى. ئۇلار شۇ تاپتا، قەلەم بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خۇشال ۋە ھاياجانلانغانىدى. بىر كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەر — ئۇلار ئاڭلىغان ھېكايىدىكى ئۆزگىرىشلەردىنمۇ تېزرەك بولغان ئۆزگىرىشلەر — ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال قىلغان، قەلەمدە تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە ھاياجانلاندۇرغانىدى.

باھاردا ئۈجمىدىن كېيىن ئۆرۈك پىشقاندەك، ئۇلارغا بول-غان غەمخورلۇق ئارقىمۇ ئارقا كېلىشكە باشلىدى. مانا ئەمدى ھەر بىر بالا ئوچاق ئالدىدا ئازادە ئولتۇرۇپ بىر تاۋاقتىن پولۇ يېدى. بۇ تاماق ئۇلارنى تېخىمۇ رازى قىلغانىدى. كەم-بەغەلنىڭ بىر تويغىنى بىر قېتىم پادىشاھ بولغىنى دېگەندەك، بالىلار پادىشاھ بولغاندىنمۇ ئارتۇق ھۇزۇرلاندى.

ئابدۇقادىر داموللا بۇ ئۆيگە — ئاتالمىش يېتىملەرخانى-

سىغا بىردەم ـ بىردەم كىرىپ يوقلاپ تۇراتتى. گۆھەر تېپىۋال ـ
غان ساددا دېھقان قويىنىدىكى گۆھەرگە بىردەم ـ بىردەم قاراپ
كۆرگۈسى كەلگەندەك، داموللامۇ بۇ بالىلارنى كۆرگۈسى كېلىپ
چىدىيالمايتتى، شۇڭا ئۇ پات ـ پات يوقلاپ، ئۇلارنىڭ نېمە
قىلىۋاتقانلىقى، قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى
ۋە كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى.

تاماقتىن كېيىن، ساتىراش كېلىپ بالىلارنىڭ چېچىنى
ئالدى، يۇيۇندۇرۇشقا مەسئۇل ئادەم چېچى ئېلىنىپ بولغان
بالىلارنى بىر ـ بىرلەپ سوپۇنداپ يۇيۇپ تازىلىدى. قاسماق
باسقان بالىلار بىردەمدىلا پاكىزلىنىپ پارقىراشقا باشلىدى. ھەر
بىر بالىغا بىر قۇردىن كۆڭلەك، تامبال، ئۆتەك ۋە بىردىن ئاق
تۇماق كىيدۈردى. بالىلار سائەتمۇ سائەت ئۆزگىرىپ، بىر ـ
بىرىنى تونۇيالمىغۇدەكدەرىجىدە يېڭى تۇسكە كىردى. ئەڭ ئاخىر ـ
دا، بىردىن پاختىلىق چەكمەن چاپان كىيىپ، بېلىنى باغلاپ
تالىپچاق قىياپىتىگە كىرگەن بالىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، خۇ ـ
شاللىقتىن كۈلۈشۈپ، تىللىرىنى چىقىرىشتى.

ناماز ئەسىردىن كېيىن، يېتىملەرخانىسىغا ئالدىراش كې ـ
رىپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ
باشقا بىر جايغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى ـ
دا پېشىندىن ئىلگىرى باش ـ كۆزلىرىنى قاسماق باسقان يې ـ
تىم بالىلار ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، ساغلام
بەدەن، پېشانىسىدىن نۇر تۆكۈلۈپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ
مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان بىر توپ تالىپ پەرزەنتلەر تۇراتتى.

— ئەزىز بالىلىرىم، بىزنىڭ سۆزلىرىمىز راستمىكەن! —
دېدى داموللا سەلدىن كېيىن بالىلارغا يېقىملىق قاراپ.

— زاستكەن! — باللار ئۆز دادىسىغا سۆزلىگەندەك تەمكىن جاۋاب بېرىپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ چىراي - تۇرقىدىن قارىغاندا، باللار بىلەن دامولام ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدە ئاتا - باللىق مۇھەببىتى پەيدا بولغانىدى.

دامولام خۇپتەندىن كېيىن يېتىملەرخانىسىغا يەنە بىر قېتىم كىردى. بۇ چاغدا باللار ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇلار پۇتلىرىنى سەندەلگە تىقىپ سوزۇلۇپ، راھەتلىنىپ ياتاتتى. ئۆي ئىچى ئىسسىق بولغاچقىمۇ، بەزەن باللار يېپىنغان يوتقاننى قايرىپ تاشلىغانىدى. دامولام ئاستا بېرىپ ئېچىلغانلارنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، دامولام باللارنىڭ دىلىغا مەرىپەت چىرىغى يېقىش توغرىسىدا ئويلاندى. خەلپەت، تالىپلار ئىچىدىن ئوقۇتقۇچى ۋە خوجىلۇق باشقۇرغۇچى تاللاپ ئۇزۇنغىچە خىيال سۈردى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا يېڭى باشلانغان ئىپتىدائىي غەمخورلۇقنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى، گۈزەل مەنزىرىسى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى قاتارلىق نۇرغۇن - نۇرغۇن مەسىلىلەر ئارقىمۇ ئارقا تىزىلىپ ئۆتەتتى.

## سەككىزىنچى باب

## غەللە ئېچىش

ئالتۇن ــ كۈمۈش بولسا ئېگىز ھەممىگە،
ئۈزۈمىنى يەپ ــ ئىچكىنى، كۆڭلۈڭ خوش ئۆتسۇن.
سەندىنمۇ قالىدۇ بۇ ئىمارەتلەر،
خىشى بولسىمۇ كۈمۈش يا ئالتۇن.

(سەئىدى شىرازى)

يېتىملەرخانىسىدىن قايتقان ئابدۇقادىر داموللا ئۇۋت-
تۇر ئۆيىگە كەلدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق كۆرۈنەتتى.
قويۇق قاش ــ كىرپىكلىرى ئاستىدا بۇلاقتەك پارقىراپ تۇر-
غان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قانداقتۇر ئىشەنچ ۋە كۈچلۈك ئېتى-
قاد نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. مۇنداق ھالەت كۆپىنچە مۇۋەپ-
پەقىيەت قازانغان بىر ئىشنى يەنە بىر بالداق ئۆرلىتىپ،
تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يەتكۈزۈش ئارزۇسىدا بولغان،
ۋە شۇنداق بولۇشىغا كۆزى يېتىپ ئىشەنچ ھاسىل قىلغان كى-
شىلەردىلا ئىپادىلىنەتتى.

داموللام ئۆيگە كىرىپ سەللىسىنى قوزۇقتا ئىلدى، تو-
نىنى سېلىپ كاتوغا تاشلاپ ئولتۇرۇشىغا، ئوغلى پەتنۇستا چاي
كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئاستا ئاۋايلاپ كېلىپ پەتنۇسنى دادىسى-
نىڭ ئالدىغا قويدى - دە، ئىشتىنىڭ ئارقىغا ياندى.

— توختا! — داموللامنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى
كەسكىن ئاۋازى ئەھلىزگە يەتكەن ئوغلىنى خۇددى تانابتا
تارتقاندەك توختاتتى، — غەللە ساندۇقنى كۆتۈرۈپ چىق! —
دېدى بۇيرۇق قىلىپ.

— قايسى غەللىنى؟

— ئاناڭ بار ئۆيدىكى غەللە ساندۇقنىچۇ!

— ھېلىقى ئاغزى ئېچىلمايدىغان غەللىنىما؟

— ھەئە.

— نېمە قىلىلا؟

— نېمە قىلاتتۇق، ئاچىمىز! — دېدى داموللا ھاياجان-
لىنىۋاتقان ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ.

غەللە ساندۇقنى ئاچىمىز، دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئوغول خۇ-
شال بولغىنىدا ئىچكىرى ئۆيگە ئۇچقاندەك كىرىپ، ساندۇقنى
كۆتۈرۈپ چىقتى. ساندۇقتا ئەگىشىپ نائىلە خانىم بىلەن كى-
چىك قىز ئامىنە خېنىملارمۇ كىرىپ كېلىشتى.

— يائاللا ... ئولاش - چولاش ھەممىلىرى چىقىشىپلا —
دېدى داموللام ھەيران بولغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ.

— غەللە ساندۇق ئېچىلغۇدەك، دېگەن خۇش خەۋەرنى
ئاڭلاپ، ھەممىمىز خۇش بولۇپ چىقتۇق، قانداق، بولماپتۇ-
ما؟! — كۈلۈمسىرەپ سۆزلىگەن خانىم ئېتىراز بىلدۈرگەن
ئاھاڭدا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلدى.

— بولمايدىغان ھېچ يېرى يوق...، ئەمما، ھەرقايسىلىرىڭغا نەپ تەگمەسمىكىن!

— نەپ تەگمىسە مەيلى، غەللىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرسەكلا نەپ ئالغاندەك بولارمىز! — نائىلە خانىم چاقچاق ئارىلاش تەنە قىلىپ داۋام قىلدى، — بىز تېخى ئۆمۈرۋايەت ئېچىلمايدىغان ساندۇقمىكىن دەپتىكەنمىز. بىچارە بالام غەللە ساندۇقىنىڭ ئېچىلىشىغا تەقەززا بولۇپ، قولۇپنى كۈندە نەچچە قېتىم تاراقلىتاتتى، قولۇپقا تەگمە، داموللا داداڭ كايىپ قالارمىكىن، دەپ مۇشۇ كۈنگىچە توسۇپ كەلدىم. كارىم بولماي قويۇپ بەرگەن بولسام، قولۇپ ئاللىقاچان چېقىلىپ كەتكەن بولاتتى.

— بۇ گەپچە، بالىمىز خېلى كەپسىزلىكلەرنى قىپتۇ-دە! — دېگەن داموللام كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھومىيىپ ئوغلىغا قاراپ قويدى. قورقۇنچ ۋە خىجالەت ئىچىدە قىزارغان بالا يەر بېقىپ جىم تۇراتتى. كىچىك قىز ئامىنە خېنىم گەپ ئارىلاپ كەيپىياتنى بۇراپ تاشلىدى:

— دادا، ساندۇقتا نېمە بار؟

— ساندۇقتا لىتاپا بار، خېنىم بالام.

— يىتاپنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟

— لىتاپنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن! — دېدى داموللا كىچىك قىزچاقىنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك سۆزلىرىگە مەسىلىكى كېلىپ.

— دادام سىلىنى گوللاۋاتىدۇ، لىتاپنىڭ ئىچىدە پۇل بار! — ئاكىسى ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ سىڭلىسىغا سۆز ئۆگىتىشكە پېتىنغانىدى.

— پۇلنى نېمە قىلىدۇ؟

— پۇل دېگەننى خەجلەيدۇ. دادامدىن پۇل ئالساڭلا، خەجلەيمىز، سىلىگە ماتاڭ، لەگپۇڭ ئېلىپ بېرىمەن...

— ھاي...، — دېدى داموللا ئوغلىغا چەكچىيىپ، — ئۆزەڭلىنى بېسىۋېلىڭلا. سىلىمۇ خەجلىسەڭلا توغرا كەلمەسمە-كىن! — داموللا ئىستىھزا ئاۋىلاش ھەممىگە تەكشى كۆز يۈ-گۈرتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى. بالى-لارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن غەللە ساندۇقنىڭ ئېچىلىش - ئېچىل-ماسلىقى بىر تېپىشماق ئىدى. بۇ سىرنى داموللامدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئابدۇقادىر داموللا ھەجرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرت خەلقى بېشىدا كۆتۈردى، يەتكۈچە ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتتى. ئۇنىڭ شەرىپىگە مېھمان چاقىردى، زىيا-پەت - بەزمىلەرگە تەكلىپ قىلدى. داموللام قەدەم تەشرىپ قىلغان چاي - زىياپەت، نەزىر - چىراغلاردا پۇل ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنى قويۇپ داموللامدىن دۇئا ئالدى. بۇندىن باشقا كىرىملەر، مەسىلەن، سەدىقە، ئىسقات قاتارلىقلارمۇ بولۇپ تۇردى. بۇ كىرىملەر باشقا ئۆلىمالارنىڭ يۇرتقا چېچىلغان رىسقىغا ئوخشاش. ئابدۇقادىر داموللىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رىزقى - نېسىۋىسى بار ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇ كىرىم - پۇللارنى شەخسەن ئىشلارغا ۋە ئۆي خىراجىتىگە سەرپ قىلمىدى. ئۇ ئۆي خىراجىتىنى مۇدەررىسلىكتىن بولغان مائاش كىرىمى بىلەن تەمىنلەپ، باشقا كىرىملەرنى ئىزچىل يوسۇندا

غەللە ساندۇققا تاشلاپ، قۇلۇپ سېلىپ، ئاچقۇچنى ئۆز يېنىدا ساقلىدى. ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، ساندۇق قاچان ئېچىلىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەر ئۇلارغا قىيىن تېپىشماق بولۇپ كەلگەنىدى، لېكىن بۇ سىرلىق غەللە ساندۇق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەزەن كەيپسىزلىكلەرنى قىلىشىغا، تۈرلۈك خام خىياللاردا بولۇشىغا سەۋەب بولاتتى. مەسىلەن، داموللامنىڭ ئوغلى بەزەن چاغلاردا پۇل خەجلىگۈسى كەلسە، ماتاڭ، لەڭپۇڭ يېگۈسى كەلسىلا، قۇلۇپنى تاراقلىتاتتى. نائىلە خانىم بولسا، ئوغلىغا ۋارقىراپ - جارقىراپ، كەيپسىزلىك قىلما، داداڭ خاپا بولۇپ قالىدۇ، دەپ توسايتتى، لېكىن ساندۇقنىڭ يىللاپ - يىللاپ ئېچىلماي تۇرۇۋاتقانلىقىغا كاھىدا ئۆزىنىڭمۇ ئىچى پۇشاتتى، ئەمما تولا ۋاقىتلاردا ئۆزىگە ھاي بېرىپ بېسىلىپ قالاتتى؛ بوپتۇ، يىغىلىپ تۇرسۇن، داموللام قەيەرگە ئەكىتەتتى، بەربىر مۇشۇ ئۆيگە خىراجەت قىلىدۇ، قانچە جىق يىغىلسا شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ! ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، بىرەر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك، باللارغا ئاتاپ بىرقانچە جۈپ ھالقا، ئۈزۈك قىلدۇرۇپ قويسام، قالغىنىغا ئۆي - بىسات ئېلىپ يېڭىلاپ، بىرەر ئۆينى زىلچا - گىلەم بىلەن قىزارتىپ، مېھمان باشلىغۇدەك قىلىپ قويسام... يەنە ئېشىپ قالغۇدەك بولسا، جىڭ مەرۋايىتتىن بىر-ئىككىسەر ئېلىپ بوينۇمغا ئاسسام... نائىلە خانىم ئۆزىگە ھاي بېرىپ بېسىلىپ قالمىغان چاغلاردا، گاھى مۇشۇنداق خىياللاردا بولۇپ كۆڭۈل تىندۇراتتى، لېكىن بۇ خىياللار خانىمغا نىسبەتەن بىر سىر ئىدى، بۇنى يالىڭاچ ھالدا قويغىلى

بولمايتتى، بۇگۈن غەللىنى ئاچماقچى بولغان پەيت ئۇبدان پۇرسەت بولغاچقا، باشقىچە يول بىلەن سۆزلەپ، ئىچىنى بوشىتىۋېلىشقا بولاتتى، شۇڭا نائىلە خانىم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي سۆز ئاچتى:

— غەللە قاچان ئىپچىلارنىڭ، دەپ چوڭ - كىچىك ھەممىمىز ئۇزۇندىن زار بولۇپ كەلدۇق، ھەرقانداق بولسا بۇگۈن ئىپچىلغانلىقىنى كۆرگۈدەكمىز، ھازىر خۇشلۇقىمىز ئىچىمىزگە سىغمايۋاتىدۇ، — دېدى خانىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

خانىمنىڭ پىكرى بارلىقىنى ئۇزۇندىن بايقاپ كەلگەن داموللام بۇگۈن بۇ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ ئاتايىن قۇلاق سالدى. خانىم ئەلەم بىلەن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىر ئۆيىمىزكانايغا يەتكۈچە قەرزگە بوغۇلۇپكەتتى. ئەلا خېنىم ئۈچ قېتىم داستىخان قىلىپ كەلدى، بىز بولساق بىر قېتىم ياندۇرقى قىلالمىدۇق. ھاجى خېنىم، ئامانگۈلخېنىم، تاجىنسا خېنىملارمۇ قانچە - قانچە داستىخان قىلىپ كېلىپ، گەدىنىمىزگە ئارتىپ قويۇشتى، ياندۇرايلى دېسەك، ئۆينىڭ ھالى تەڭ، تاپقان پۇللىرى غەللىگە چۈشۈۋەردى، بىزنى كىم دېسە ھاجى داموللامنىڭ قۇشناچى دەپ خەقنىڭ ئاغزىغا بىر كېلىدىكەنمىز، ئىپتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق دېگەندەك، مەنمۇ داستىخان ياندۇرغۇدەك ھالى يوق قۇشناچىم بولۇپ كېلىۋەردىم. بۇنداق تەرەپلىرى بىلەن سىلىنىڭ بىر قىللىق كارىلىرى يوق، تاپقان - تەرمەكلىرىنى چاچقانغا كېيەك ئالدۇرماي، غەللىدە ساقلايلا، بار خىجالەتنى ئۆزۈم چېكىمەن! بىر يەرگە بېرىشقۇ يىراق تۇرسۇن، ئىشىكتىن بېشىمنىمۇ چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئادەمگەرچىلىك

تىنمۇ چىقىپ كەتتىم.

— ياﺋاللا، توشۇپ كېتىپتىكەنلا! — دېدى داموللا ئۈستىمىزا ئارىلاش كۈلۈپ، بىرئاز دىن كېيىن كۈلكىسىنى بېسىپ داۋام قىلدى، — سىلىچە بولغاندا، داستىخانغا — داستىخان ياندۇرسا ياكى بىرىنىڭ باربىكالىسىغا داستىخان كۆتۈرۈپ بارسا ئادەمگەرچىلىك بولۇپ، ئۇنداق قىلمىسا، ئادەمگەرچىلىك بولمايدىكەن — دە!؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، بار تاۋىقىم — يان تاۋىقىم ئەمەسما!

— سىلىنىڭ بۇنداق چۈشەنچىلىرىگە كەمىنىلىرى قوشۇلالمايمەن، — داموللا بىرئاز توختاپ، ئالدىدا مۇزلاپ كەتكەن چاينى بىر يولى ئىچىپ تۈگىتىپ، ئاندىن داۋام قىلدى، — ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆتۈرمەكچى بولغان داستىخانلىرى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئائىلىلەر بىلەن ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئادەت — رەسمىيەتلەرگە قارىتىلغان. شۇنداققۇ! كوچىلاردا مەزە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار ياكى داستىخان — تاۋاقلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن زەمبىلگە سېلىپ كۆز — كۆز قىلىپ كېتىۋاتقانلار بەلكى ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئادەمگەرچىلىككە كېتىۋاتقاندۇ، ئەجەبا. ئۇلارنىڭ داستىخانلىرى تۇرمۇشتا ھېچ نەرسىدىن خىجالىتى بولمىغان بىناپلارنىڭ، بايلىقى ئېشىپ — تېشىپ كەتكەن قازى — ۋۇزرات، ئەمەلدار بەگلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، شۇ ئۆيلەردىكى خان — ئاغىچىلارنىڭ بازىكاللىسىغا بولۇۋاتىدۇ. بۇ خۇددى ياغلىق ئۇچەيگە ياغ تىققاندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ؟! بۇنىقانداقمۇ ئادەمگەرچىلىك دېگىلى بولسۇن! مېنىڭ قوشۇلماسلىقىمنىڭ سەۋەبلىرى مانا



AltunOq

مۇشۇ يەردە! خېنىملارنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭغان داستىخانلىرى
كوچىلاردا سەرسان بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچ يۈرگەنلەرگە، تۇل
خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە زادى بار-
مايدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىز ھامامنىڭ كۆلخانىسى گۈلەختە
ياتسا، كوچىلىرىمىز تىلەمچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىۋاتسا،
شەھەردە كەمبەغەللىك، ئاچ - يالىڭاچلىق، قەھەتچىلىك
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتسا، بۇ خارۇزارلىققا ھېچكىم ئادەم-
گەرچىلىك قىلمىسا، بۇ قانداق بولغىنى! بۇ ئىشلارنى خۇدا
راۋا كۆرەرمۇ؟! بۇنى ئۆزلىرىمۇ ئوبدانراق ئويلاپ كۆرسىلە
خېنىم! — داموللامنىڭ لەۋلىرى ۋە ساقاللىرى تىترەيتتى،
نائىلە خېنىم داموللامنىڭ غەزەپ تۈسى ئالغان سۈرلۈك قىيا-
پىتىگە تىك بېقىپ قارىيالماي، يەر بېقىپ جىم تۇردى، دامول-
لام ئالدىرىماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوبدانراق ئوي-
لىسىلا، بىز مۇشۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆستۇق. بىزنىڭ كۈنىمىز
ئىنشائاللا بىرقەدەر ياخشى، قولىمىزدىن قانچىلىك ئادەم-
گەرچىلىك كەلسە، بىز ئۇ ئادەمگەرچىلىكنى ھالاۋەتتىن كېرى-
لىپ، بۇرۇندىن ياغ تېمىپ تۇرغان ئاغىچا - خېنىملارنىڭ
بارىكاللىسىغا قىلماستىن، بىچارە زەئىپ يېتىم - يېسىرلەرگە،
سەرسان بولۇپ يۈرگەن يوقسۇللارغا قىلىشىمىز كېرەك. شەھىرى-
مىزدە بايلىق ئازچىلىقنىڭ قولىغا توپلانغان، كەمبەغەللەر
ناھايىتى كۆپ. بىزنىڭ قۇربىمىز ھەممىگە يەتمەيدۇ. ئەمدىكى-
نە ئون نەچچە يېتىم بالىغا ئادەمگەرچىلىك قىلىۋاتىمىز. ھا-
سىل كالام، ئىككىمىز بىر ئادەمگە ئوخشاش يېقىن ھەم قەدى-
ناس، ئۇنداق بولغانىكەن، مەن قىلغان ئىش سىلىگىمۇ تەئەللۇق.
مۇبادا قۇربىمىز يەتكەن بولسا، پۈتۈن شەھەر، پۈتۈن قەشقەر-

دىكى ئاجىز يېتىملەرگە ئاش بېرىپ بېشىنى سىيلىغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى. ئامال قانچە! ھازىر بايلار، ئۆلىما - ئەشرەپلەر، ئەمەلدارلار، شەيخ - مۆتىۋەللىلەر بۇ ئىشىمىزنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى قارشى چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار مەدرىسە ۋەخپىلىرىدىن بىر نەرسە ئاجرىتىپ بېرىشكە مۇتلەق رازى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالى ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشتا، ئەمما بۇ غەللە ساندۇقتىكى نەرسىلەر ماڭا تەۋە، بۇنى يۇرت خەلقى ئالدىمغا قويغان، ئالمىسام رەنجىيدۇ، ماقۇل دەپ ئالدىم. بۇ پۇللارنى ئۆز خەجمىگە سەرپ قىلسام توغرا كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بۇنى مەن ئوبدان چۈشىنىمەن. بىزنىڭ مەئىشىتىمىز ئوتتۇراھال كېتىۋاتىدۇ، ئائىلىمىز سەدىقە - ئېھسان يېسە توغرا كەلمەيدۇ! بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاش كېرەك! كىتابلىرىمىزدا، سەدىقە - ئېھساننىڭ ئىگىسى — كەمبەغەل، ئاجىز، يېتىم - يېتىمە، مىسكىنلەر، دەپ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن غەللىگە بىزنىڭ چاڭ سېلىشىمىز توغرا ئەمەس، بۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى كوچىدا ئاچ - يالىڭاچ قالغان كىيىمسىز، ئاش - نانسىز، ماكانسىز، ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلەر، بىز شۇلارغا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالساق، ھەق جايىغا تەگكۈزگەن بولىمىز! — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە خانىمىنىڭ كۆزلىرىدىن ۋە چىرايىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ۋە مەقسەتنى چۈشەنگەن ئالامەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى، بىر قاراش بىلەن بۇ خىل ئۆزگىرىشنى سەزگەن داموللا بۇ ھەقتىكى سۆزنى توختىتىشنى خوپ كۆردى - دە، بۇرۇلۇپ ئوغلىغا قارىدى:

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ئىش بۇيرۇماقچى بولۇپ، — ئۈچقانداق چىقىپ يېتىمخانىدىكى خەلپەتلەرنى چاقىرىپ كىرگىن!

ئائىلە خانىم بۇگۈن قەدىناسى داموللامدىن ئەھمىيەتلىك دەرس ئالدى. كۆڭلى يورۇپ، چىرايى ئېچىلدى. روھىي كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى، شۇڭا مەخسۇم ئوغلىغا يېقىملىق قاراپ:

— ئوبدان بالام، چاپسانراق قىچقىرىپ كىرگىن، يۈگۈر، چاپسان بول! — دەپ داموللامنىڭ بۇيرۇقىنى كۈچەيتتى، بۇ ئۇنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

موللا ساۋۇت باشلىق بىرنەچچە خەلپەتلەر كىرگەندە، ئائىلە خانىم ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار! — دېدى دامولla خەلپەتلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ.

خەلپەتلەر تۆرگە ئۆتۈپ، قائىدە بويىچە بەقەسەم كۆرپىلەر ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، خىزمەتكە بىز تەييار، دېگەندەك ئۇستازغا قاراشتى. ئۇستاز ئۇلارغا قانداقتۇر بىر ئەرزىمەس ئىشنى ئېيتىشقا ئېغىز ئاچالمايۋاتقاندەك ئوڭايسىزلىنىپ، بىر خەلپەتلەرگە، بىر غەللە سانىدۇقا قاراپ ئاخىر سۆز ئاچتى:

— ھەرقايسىلىرىنى قىچقارتىشتىكى مەقسەت، — دېدى ئۇ ئاستا، ۋەزمىن سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — مەن ماۋۇ غەللىنى ھەرقايسىلىرىغا تاپشۇرماقچىمەن، ئىچىدىن نېمە چىقسا، قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ھەرقايسىلىرىغا ھېساب بولسۇن! قېنى كىم ئاچىدۇ، مانا ئاچقۇچ.

خەلپەتلەر ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى، چۈنكى ئۇلار غەللىنىڭ سىرىنى، ئىچىدە زادى نېمىبارلىقىنى چۈشەنمەيتتى.

دانىشمەن غۇرۇرىنى يوشۇرۇن ساقلايدۇ، مېگەندەك داموللا غەللىدىن ئىبارەت بۇ سىرنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ، ھېچ كىمگە تىنمىغانىدى. ئائىلە ئەزالىرى گەرچە بۇ سىرنى قىسمەن بىلسىمۇ باشقا بىرلىرىگە دەپ يۈرمەيتتى.

— قېنى، كىم ئاچىدۇ، تۇتسىلا موللا ساۋۇت خەلپەت، — دېدى ئابدۇقادىر داموللا ئاچقۇچنى تەڭلەپ.

موللا ساۋۇت خەلپەت بىسمىللا ئېيتىپ غەللىنى ئاچتى، ئۆڭتۈرۈپ ئىچىدىكى پۇللارنى ئوتتۇرىغا تۆكتى. بىرنەچچە قول تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ قەغەز پۇل، تەڭگە پۇللارنى ئايرىپ ساناشقا، لېپاپ ئىچىدىكى پۇللارنى ئاجرىتىپ قوشۇشقا كىرىشتى. داموللا دومىلاپ چەتلەپ كەتكەن تەڭگىلەرنى تۇتۇپ، توپقا قوشقاچ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ پۇللارنى ئېنىق ساناپ، ئاۋۋال دەپتەرگە ئورنا تسىلا، ئىككىنچى قەدەمدە سەرپىيبىلەن بالىلارغا خىراجەت قىلسىلا، بىر تىيىن، بىر مىسقال پۇل ئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتمىسۇن! — ئۇ، سۈرلۈك ۋە تەسىرلىك قىلىپ داۋام قىلاتتى، — ئىش ئېغىر، ۋەزىپە چوڭ. خەلق ئۈستىدىكى ئازاب - ئوقۇبەت، مىللەتنىڭ تەنەززۇلى تېخىمۇ ئېغىر، — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى تەسىرلىك ئاڭلىناتتى، — قانداق قىلىمىز، قولىمىز قىسقا، دەپ قاراپ تۇرۇشقا تېخى بولمايدۇ. كۈچ يەتكەن يەرگىچە تىرىشىپ-تىرىشىپ، ئازدۇر - كۆپتۇر چارە قىلىمساق، تاڭلا مەھشەر كۈنى ئاللانىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز. بىچارە مىللەت، بىچارە خەلق ھازىر كانارىغا ئېسىلغان بىر پارچە خام گۆش بولۇپ قالدى، زالىم ھۆكۈمرانلار، ئەغيارلار بەس - بەس

بىلەن خام تالاش قىلماقتا. بايلار، ئۆلىما ـ ئەشرەپلەر، ئـەـ مەلدار ـ بەگلەر ئۆز بايلىقىغا ۋە ئىمتىياز هوقۇقلىرىغا مەغـ رۇرلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتە بىخۇدلاشتى، بەلكى ئۇلار خـەلقـ نىڭ خانىۋەيران بولۇشى، ئاچلىق ـ يالىڭاچلىق ئازابىدا خۇـ راپاتقا يۈزلىنىشى هېسابـىـغا ئۆزلىرىنى تېخـىمـۇ بـايلاشتۇـ رۇش يولىغا ئۇرۇنماقتا.خەلقنى كەمبەغەللەشتۈرۈش، ئاممىنى نادانلاشتۇرۇش يولىغا ئۇرۇنماقتا، خەلقنى كەمبەغەللەشتۈرۈش، ئاممىنى نادانلاشتۇرۇش هېسابىغا هوقۇق ـ ئىمتىيازلىرىنى كۆـ چەيتىشكە تىرىشماقتا. مىللەت غېمى، خەلق قايغۇسى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمـەيدۇ... ئەھۋال ئېغىر، بەك ئېغىـرا... ئىستىقبال قايغۇسى ھەممىدىن ئېغىرا...



AltunOq

## توققۇزىنچى باب

# ئاللا، ھىممەت كەمەر ئاتا قىلسۇن!

ئىتتىپاق كۈچىدىن غاپىل بولماھىچ،
تاشنى تالقان قىلۇر بىرلەشكەندە چىش.
(بېدىل)

«بۈگۈن ئابدۇقادىر داموللام نۇتۇق سۆزلەيدۇ.» دېگەن خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن، شەھەردە قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي جانلىنىش پەيدا بولدى. تەرەپ - تەرەپتىن تالىپلار، خەلپەتلەر، داموللا - ئىماملار توپ - توپ بولۇپ خانلىقمەدرىس تەرەپكە ئاقاتتى. مەدرىس ئىچى بىر پەستە ئادەمگە تولدى. ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدە سەينا تارلىق قىلدى. ئادەملەر خۇددى ئاتارنىڭ دانىسىدەك سانجاقلاشتى. ئۇلارنى كۈچلۈك تەقەززالىق ۋە ھاياجان قاپلىغانىدى. ھەممە ئادەمدە ئابدۇقادىر داموللىنىڭ جامالىنى كۆرۈش، نۇتقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشتەك قىزغىن ئىستەك چاقنايتتى. چاپسان-

راق كەلسەئىكەن، سۆزىنى تېزرەك ئاڭلىساق ئىكەن، دەيدىغان
بىتاقەتلىك مىنۇتلار ئۆتكەندە ئابدۇقادىر داموللا يېتىپ كەلدى.
دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان خەلق توپى خۇددى قىلىچ بىلەن
چاپقاندەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئوتتۇرىدىن يول ئاچتى.
ئابدۇقادىر داموللا بىر توپ قازى، دامولللا، خەلپەتلەر
بىلەن بىرلىكتە سالماق قەدەم تاشلاپ، ئاممىنىڭ سالىمىغا
سالام، ھۆرمىتىگە ھۆرمەت قايتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. موللا
ئىسلام داموللا، ئوبۇلقاسىم قازى، ئابدۇغوپۇر داموللا، قۇتلۇق
ھاجىم شەۋقى، موللا ساۋۇت خەلپەت، ئىمىناخۇن خەلپەت، يەنە
نۇرغۇن مەرىپەتپەرۋەر زاتلار دامولللام بىلەن بىللە كەلگە-
نىدى. بۇگۈنكى پائالىيەت، سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، ئېلان قى-
لىنىدىغان «نەسىھەتى ئامما» يۇقىرىقى كىشىلەر بىلەن مەس-
لىھەت بولغانىدى. بۇ زاتلار ئامىمىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى،
قىزغىن ئالقىشى ئاستىدا ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپ، سەينانىڭ
غەربى — مەسچىت ئايۋانچىسىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا چىققاندىن
كېيىن، ئارقىغا قايرىلىپ كۆپچىلىككە ئومۇمىي ھۆرمەت بىل-
دۈرۈشتى. ئاندىن ئۇلار بىر مىنۇتتەك شۇۋىلدىشىپ، ئىما-
ئىشارەتلەر قىلىشقاندىن سوڭ، قازى ئابدۇقادىر داموللىنى
سۆزگە تەكلىپ قىلىشتى.
— قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار! — دەپ سۆز باشلىدى
ئابدۇقادىر دامولللا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىك خۇددى
تىنىق سۇدەك تىنىچ تۇرۇپ قۇلاق سالاتتى. داموللا ئۆزىگە
قادىلىپ تۇرغان مىڭلىغان ئوتلۇق كۆزلەرگە تەكشى نەزەر
تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، ھەمدۇ - سانا ئوقۇدى، بىر مۇنچە
ئايەت - ھەدىسلەرنى سۇدەك گۇركىرەپ ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن ئەس-

لىي مۇددىئاغا كەلدى،— خەلقىمىز ھازىر ئىنتايىن دەھشەتلىك ئېغىر ئەھۋالدا تۇرماقتا، زۇلۇم - زالالەت، ئاسارەت، جاھالەت، نادانلىق، خورلۇق، مەرىپەتسىزلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ۋابالىرى بىزنى خار - زەبۇنلۇققا ۋە زاۋاللىققا يۈزلەندۈرمەكتە. دەھشەتلىك بۇ ئېغىر ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان ھەرقانداق كىشى بۇتىكىغا قاراپ ئىچىنماي، قايغۇرماي، چارە - تەدبىر قوللانماي تۇرالمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، خەلقنى، مىللەتنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يېگانە يولى خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش، تەرەققىياتقا، ئىسلاھاتقا باشلاشتىن ئىبارەتتۇر. بىز بۇ يولنى ئەمدىلەتىن باشلىماقتىمىز، ئىجتىھات قىلماقتىمىز، لېكىن بىزدە ئىش تولا، ئادەم ئاز، گەپ كۆپ، ھىممەت كەم. بىز بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھىممەت ئەھلىگە موھتاج.... شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىلىگە ھىممەت كەمرىنى مەھكەم باغلىغان مەردلەرنى چىن دىلىمىزدىن سېغىنىدۇق. بەختىمىزگە يارىشا، شۇنچە چوڭ جامە مەردانىلەر بىلەن تولۇپتۇ. ھىممىتىڭىزلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز. خۇدا ھەممىمىزگە غەيرەت - شىجائەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!...

سەھنىدە گۈرۈلدىگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. شاۋقۇن بېسىلغۇچە بىر ئاز تىنىۋالغان داموللام سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— دۇنيادا ئىتتىپاق قىلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقارغان ئەل كۆزلىگەن مەقسەتكە مۇقەررەر يېتىدۇ، ۋەھالەنكى، بۈگۈن بىز شۇنداق قىلماقچى، ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقارماقچى، بىز مەرىپەت نۇرى بىلەن خەلقنى ئويغاتماقچىمىز. تەشۋىقات - تەرغىبات، پەند - نەسى

پەتلەرنى يولغا قويۇپ، ھەممىنى ئىنساپقا دالالەت قىلماقچىمىز. قېرىنداشلار، تۆۋەندە بىز دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزلارغا «نەسىھەتى ئامما» نى ئوقۇپ ئاڭلاتماقچىمىز، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىزلار!...

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە دىيانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ھەۋەيدا (ئوچۇق) بولسۇنكى، ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە شاراپەتلىرى ئىمان (نىيەت) ۋە ياخشى ئەمەل (ياخشى ئىش)لەرنى قىلىش بىلەن ھاسىل بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان قۇرئانى كېرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىمانىنى (نىيەتنى) ياخشى ئەمەل (ئىش) بىلەن كۆرسىتىش ھەققىدە، يەنى دىلدا ياد ئەتكەننى ئەمەلدە بەجا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئاللاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرگەن.

ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلىچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىمان (نىيەت) قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇ پايدىلىق ئەمەل (ئىش) بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ. بۇ سىرلاردىن مۆتىۋەر ـ پېشقەدەملىرىمىز ۋە ئىلگىرىكى ئۆلىمالىرىمىز خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن غەيرەت ـ شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ ھەقىقەتنى تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن غەيرەت ـ شىجائەتلىرى سايىسىدە ھەقىقەت نۇرى تامام

ئالەمگە ئاشكارا بولدى، ئىتتىپاقلىق، ئىلىم - مەرىپەت، ئىنساپ ۋە ئادالەت ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. جەبىر - زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك (جاھالەت)-لەر زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ھەقىقەتنىڭ ئابرويى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلار ھەيرانلىق ۋە غەم - ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ بولسا ياخشى نىيەت، ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدۇر. تۆۋەندە بايان قىلىماقچى بولغان ياخشى نىيەت، ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار: ئىخلاسقا، پاكىزلىققا رىئايە قىلىش، ئىبادەت (ھەققە بويسۇنۇش)، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت (ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق ئىنساپ ۋە ئادالەت، كەڭچىلىك، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىيلىق، ئىسلاھ قىلىش روھى بولۇش، چىدامىلىق ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچىلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلىدۇرۇش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەتلىك، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەتلىك، ياخشىلىق، تەدبىرلىك، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يوليورۇققا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۆتكەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلىشىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان، ئىشلار بولسا، كىتابىنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ھەم يوليورۇقى بويىچە بولغانىدى. غەلىبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نېسىۋىسى بولۇپ، «ئىززەت - ھۆرمەت تەگرىگە، پەيغەمبەرگە

ۋە ئۇلارغا سادىق كىشىلەرگە» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق ئىش بولغانىدى.

قاچانكى، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلدى، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يەتتى. ئىتتىپاقلىق يوقالدى، ھۇرۇنلۇق ۋە بىكارچىلىقلار، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى. ئىلىم - مەرىپەت كېمەيدى، پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ، خارۇزارلىققا يۈزلەندى.

پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق باش كۆتۈردى، ئىززەت - ئابرويلار قولدىن كەتتى. ئەجنەبىيلەر ۋەتىنىمىزگە قول ئۇزارتتى. «ھەرقانداق ئەل ئۆز ئابرويىنى ئۆزى يوقاتمىغۇچە ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ.» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش ھەرىكەتلىرىمىز، ئۆز پېئىلى ئېتىبارىمىز سەۋەبچىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىر پەرىشانلىق ۋە خارۇزارلىققا، ئازاب - كۈلپەت، غەم - ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت - نادامەت چەكمەكتىمىز. ھازىر زىرائەت (دېھقانچىلىق)، سودا - سانائەت جەھەتتە، باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن تۇرماقتىمىز! كېلىڭ ئەي قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! بىز ئىلگىرىكى تارىخي تەرەققىياتنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلايلى، ھازىرقى تۆۋەنلىكنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھۇرۇنلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار ئەخلاقتىن يانايلى، ھازىرقى تەنەززۇلدىن غەم - ئەندىشە قىلايلى! ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى! ئالىملىرىمىزمۇ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەت-

كۆرسۈن، ئۇلۇغ پېشىۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن، خەلق ئاممىسىغا ياخشى - يامانىنى، چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقى، ئەقلىي تەربىيىلەر بەرسۇن، ئەسىرى (زامانىۋى) يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن! شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات، سەدىقە - ئېھسان ۋە ماددىي ياردەملىرىنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىسادنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن! خەلق، ۋە مىللەتكە، شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن!

ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم، چۈنكى كىچىك بالىلار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا، يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر.

ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار. بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغىنىدا، كامالەتكە يەتمىگى ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ «ھەربىر بالا تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق.» دېگەن مەزمۇن بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلايلى، بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى!

كۆپلىگەن يوقسۇل ۋە ئىگە - چاقىسىز بالىلار ئاش، نان ۋە تۇرمۇشنى دەپ، ئىلاجىسىزلىقتىن دىن - ئەقىدىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن بىخەۋەر، ئەجنەبىلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماقتا. بىز

ئىنسانىلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيلى! بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر. جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا، خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە، بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ بولسا، ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق بوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىمۇ ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. جارابىي ھەقنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر - سانائەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى تەگرى ئىبادەت قىلىنغاندۇر، يەنى، ھەربىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش خۇدانىڭ يوليورۇقىدۇر. «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر.» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ، ئىسپاتتۇر.

سالام ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەر!

ئىمزالار:

ھەرقاچان مەسئۇلدۇرمىز: كەمىنە قازى موللا ئىسلام داموللا ئەئلەم قازى ئىمزا قويدۇم.

كەمىنە قازى ئونئۇلقاسىم قول قويدۇم.

موللا ئابدۇغوپۇر داموللا قول قويدۇم.

مەيداننى ھاياجان قاپلىدى. ماقالىنىڭ جانلىق تىل، سېھرىي مەزمۇن، قەلەم پاساھىتى تەتبىقلاشنىڭ مەنتىق ئۇيغۇنلۇقى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەر ھەممە ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىپ، روھىنى ئۇرغۇتقانىدى. شۇڭا ئۇلار ئاخىردا يەنە قانداق سۆزلەرنىڭ بولۇشىغا تەقەززا بولۇپ، داموللامنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. داموللام ئوقۇلغان ماقالىنىڭ قولىيازما كۆپىيىسىنى قاتلاپ، خەلپەتلەردىن بىرىگە بېرىپ، ئاندىن ئاخىرقى سۆزلەرنى قىلىشقا كىرىشتى:

— يۇقىرىدا ئوقۇپ ئاڭلىتىلغان «نەسىھەتى ئاما» ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە غايىسى بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ كەسكىن جىددىي پىكىرلىرىمىز ۋە مۇددىئا - مەقسەتلىرىمىزنىڭ جەمئىيسى دۇرا — دېدى داموللا ئۇرغۇلۇق قىلىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، يىغا تۇتقان ئادەملەردەك چىرايى ئۆمچىيىپ تەسىرلىك كۆرۈنەتتى، ساقال مويلىرى ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئۇ داۋام قىلدى، — بىز بۇ پىكىرلىرىمىزنى، مۇددىئا - مەقسەتلىرىمىزنى خەلق ئاممىسىغا، مىللىتىمىزگە ئاڭلىتىشىمىز، ئۇلارنىمۇ ۋاقىپلاندۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولغان ھەربىر تالىپ - خەلپەتلىرىمىزگە، داموللا - ئىماملىرىمىزغا بۇ ماقالىنى خەلق ئاممىسىغا ئاڭلىتىش، تەشۋىق - تەرغىپ قىلىشنى ۋەتەن يولىدا شەرەپلىك ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرماقچىمىز. بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن دەپ بىلگەيسىزلەر! ئاللا ھەممىمىزگە غەيرەت - شىجائەت، ھىممەت كەمەر ئاتا قىلسۇن... ئامىن!...

# ئونىنچى باب

## راۋاق ئۈستىدىكى سۆھبەت

سەن تاش سالىغۇچە، خەقنىڭ
يالىلىرى قوم سالىدۇ.
(خەلق سۆزى)

— جانابىي جىبك ئەپەندى، قادىلىپلا قالدىڭىزغۇ، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك! — دېدى كونسۇل راۋاقنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدا دۇربۇن سېلىپ شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆزىتىپ تاماشا قىلىۋاتقان جىبك ئەپەندىگە يېقىنلاپ.

— بىر رومكا ۋىسكىي ئىچكەنچىلىك! — كۆزىدىن دۇربۇننى چۈشۈرگەن ئاق سېرىق ئۆگۈلۈك ئېگىز بويلۇق، كۆچۈك كۆز قامەتلىك جىبك ئەپەندى خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ جاۋاب قىلدى.

— ياخشى.... قەشقەر دېگەن مانا مۇشۇنداق، ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن گۈلىستان باغلار گىرەلىشىپ كەتكەن ساپ ھا-



AltunOq

ۋالىق ھەم مەنزىرىلىك گۈزەل شەھەر، بۇ شەھەرگە يېڭى كەل-
گەن بولسىڭىزمۇ، مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلۇق ھېس قىلغانلىقىڭىز
مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدۇ، — دېدى كونسۇل ئۇنى قولتۇقلاپ
راۋاقنىڭ شەرقىي تەرىپىگە باشلاپ كېلىۋېتىپ.

ئۇلار ھازىر قەشقەر چىنىباغ ئىنگلىز كونسۇلخانىسىدى-
كى راۋاق ئۈستىدە تۇراتتى. كونسۇل ئەپەندى يېڭىدىن خىز-
مەتكە كەلگەن جېك ئەپەندىنى بۇگۈن راۋاققا تەكلىپ قىلىپ،
قەھۋە ئىچكەچ، شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا
قىلدۇرۇۋاتاتتى.

سېنتەبىرنىڭ باشلىرى، كۈز مەنزىرىسى كامالەتكە يەت-
كەن، مېۋە - چېۋە مەي باغلاپ، راسا تۆكمە بولغان چاغ.
ئىنگلىز كونسۇلخانىسى (ھازىرقى چىنىباغ مېھمانخانىسى)نىڭ
شەرقىي شىمالى بۇرجىكىدىكى ياردائلىقنىڭ دوقمۇشىغا سېلىن-
غان راۋاقتىن قارايدىغان بولسا، شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزى-
رىلەر — شامالباغ، سەمەن، قورغان، نەزەرباغ، پارقىراپ
ئېقىۋاتقان تۈمەن دەرياسى، ئېقىن ئىچىدىكى يېشىل شىۋاق-
لىقلار، ئېتىزلار، تۈگمەنلەر؛ شەرقىي جەنۇبى تەرەپتە گەرچە
سېپىل سوقمىسى توسۇپ تۇرسىمۇ، شەھەر ئىچىدىكى قىسمەن
جايلار، جامە - مەسچىتلەر، مەشھۇر مەدرىسىلەرنىڭ پەشتاقلىرى،
كەسكەنيار، جانقورغان، بۇلاق بېشى مەھەللىلىرىدىكى خۇددى
دارۋازىنىڭ تەختى پەرلىرىدەك ئاسمان پەلەكتە كۆرۈنىدىغان
ئۆي - ئىمارەتلەر بىمالال كۆرۈنەتتى. جانابىي جېك ئەپەندى
دۇربۇن بىلەن يىراقنى يېقىن قىلىپ مەنزىرە تاماشاسى قى-
لىۋاتقاندا، جانابىي كونسۇل سۆزلەپ قالدى. جېك ئەپەندى
شۇ سەۋەبتىن جاۋابەن سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىش مېنىڭ ياخشى ئادەتلىرىمدىن بىرى، — دېدى ئۇ يېقىملىق جاۋاب بېرىپ.

— بۇ بەك ياخشى ئادەت، جانابىي جېك ئەپەندى! — كونسۇل تېخىمۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەپ داۋام قىلدى، — بېرىتانىيىلىكلار گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىشنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بىزدىكى تۇغما خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك، شۇڭا دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە گۈزەل مەنزىرىلىك جايلار بولسا، بېرىتانىيىلىكلەر شۇ جايغا يېتىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە تەشكىللەپ، ھېچكىم تاپالمىغان مەنزىرىلىك گۈزەل جايلارنى تاپقان، ئاۋستىرالىيىنىڭ تېپىلىشى مېنىڭ سۆزلىرىمنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلىسە كېرەك!

— ئەلۋەتتە!

جېك ئەپەندى قىسقىلا سۆز بىلەن كونسۇلنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— زېرەكلىكىڭىزگە مۆلچەردىن ئارتۇق مەمنۇنمەن، — دېدى كونسۇل تېخىمۇ تېتىكلىشىپ، — مەنزىرە — ماھىيەتلەرنىڭ ئاشقى كۆرۈنۈشى. ئۇنىڭ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتكە ئىگە بايلىقلار يوشۇرۇنغان، دەپ چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، قەشقەرنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ھۇزۇر تاپالىشىڭىزغا شەكسىز ئىشەنسەم بولغۇدەك!

— ئىشىنىۋېرىڭ، — دېدى جېك قەتئىي ئاھاڭدا، — ئەگەر ماھىيەتنى مۇشۇ يۇرتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقى، دەپ ئۇرتاق چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا. ئاۋستىرالىيىگە بېرىپ يەرلەشكەن، كانادا، جەنۇبىي ئافرىقىدا ماكانلاشقان بېرىتانىيىلىكلەرنىڭ سۇباتىدىن ئۆزۈمنى كەم ھېسابلاشقا ھەق-

لىق ئەمەسمەن! — ئۇ سۆزى بىلەن تەڭ كۆكرىكىنى چىقىرىپ قەتئىيەتلىك بىلەن كونسۇلغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھەرىكەتلىرىدىن ئالىي قوماندانىدىن جەڭ ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالغان ئوفىتسىرنىڭ ۋەدە بېرىۋاتقان چاغدىكى قەتئىي جاسارەتلىك تۇرقى چىقىپ تۇراتتى.

— رەھمەت! — دېدى كونسۇل كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە ۋە سىنچى كۆزلىرى بىلەن جېك ئەپەندىگە قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مەن ھىندىستاندا تۇرغان يىللىرىمدا پىلغا تولىمۇ قىزىقاتتىم، چۈنكى ئۇ، زور، ھەم كۈچلۈك، ھەم ئىشچان، ھەم بۇزغۇنچى، ھەم ئاداۋەتچى، ھەم ئۆزىنى قوغداشقا قەيسەر ھايۋان. سىزنىڭ چۈشەنچىڭىزمۇ شۇنداقتۇ، جېك ئەپەندى؟

— داۋام قىلىڭ، جانابىي كونسۇل. سۆزىڭىزگە قىزىقىۋاتىمەن! — دېدى جېك جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ھەربىر بېرىتانىيىلىك پىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە قەيسەرلىك بىلەن ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىشى لازىم دېسەم، بۇنى ھەربىر بېرىتانىيىلىكنىڭ نورمال ئۆلچىمى دەپ تونۇسام، سىزنىڭچە قانداق بولار؟

— مۇھاكىمىڭىزدىن مەمنۇنمەن، جانابىي كونسۇل ئەپەندى! — دېدى جېك مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — مېنى قەيسەر پىللار قاتارىغا قوشۇپ تىزىملاپ قويۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە، گۈزەل قەشقەرنىڭ ماھىيەتلىرى توغرىسىدا ئازراق تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز تېخىمۇ مەمنۇن بولاتتىم.

— بۇ تەلەپنى كۈتۈپ تۇراتتىم، — دېدي كونسۇل تا-

ماكسىنى قاتتىق ئىككى شوراپ، ئاندىن بىردىنلا جانلىنىپ داۋام قىلدى، — قەشقەرنىڭ ماھىيەتلىرىدىن سۆزلىسەك، شەھەر كوچىلىرى توپىلىق بولسىمۇ، تەڭگە - تىللا جاراڭلاپ تۇرىدۇ. يىپەكلەر خۇددى ئالدىڭىزدىكى تۇمەن سۇيىدەك جىلۋىلىنىپ سوزۇلۇپ ئاقىدۇ. نەزەر دائىرىمىزنى يىراق مەنزىللەرگە قاراتساق، بۇ يەردە پىشتى بۇزۇلمىغان يەر ئاستى بايلىقلىرى تولۇپ ياتىدۇ. يۇقىرىقىلارنى بۇ زېمىننىڭ ماھىيىتى دەپ تونۇساق، بىزنىڭ قىزىقىپ كۆڭۈل قويۇشىمىزغا ئەرزىمەسمۇ! — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، كونسۇل قانداقتۇر بىر توغرىدا ئويلىنىپ جىم بولۇپ قالدى، شۇ ئارىلىقتا ئۇ، ئۆچۈپ قالاي دېگەن تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ تۇتاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى، تاماكىنى ھەربىر شورىغاندا، ئۇنىڭ قوۋۇزلىرى خۇددى ئۇيۇپ تاشلىغاندەك ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، خىلىدىن كېيىن، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن چىققان ئىس ئارىلاش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەپسۇسكى، شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، بۇ يەرگە بىرىتانىيىگە قارىغاندا، روسىيە بەك يېقىن!

— بۇ يېرى چۈشىنىشلىك! سىگارىڭىزدىن مەرھەمەت قىلامسىز، جانابىي كونسۇل!

— نېمە، روسىيىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپلا خۇمارىڭىز تۇتتىما؟ — كونسۇل ئۇنىڭغا تاماكا ئۇزارتقاچ، چۆچۈگەن قىياپەتتە چېقىلدى ۋە كىنايە ئارىلاش سوغۇققىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مەن ئەزەلدىن روسىيىنى مەنىستكەن ئەمەسمەن! — دېدى جېك چىرايىغا قەتئىي ۋە مەغرۇر تۈس ئېلىپ، — بۇ ھەقتە جانابىي چېمبىرلىننىڭ روسىيىنى بۆشۈكىدە بوغۇپ تاش

لايمىز، دېگەن سۆزى ئېسىمدە چىڭ ساقلانماقتا. بۇ سۆز قۇلىقىمدا خۇددى ھەبەش ھالقىسىدەك دائىم جىرىڭلاپ تۇرىدۇ.

— بۇ ستراتېگىيە مەسىلىسى! — دېدى كونسۇل پېشانىسىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭ چوققىسىغىچە تۈكى چۈشۈپ غىلتاڭلىشىپ كەتكەن كەڭ پېشانىسى تۈرۈلگەندە، خۇددى كىر يۇيۇش تاختىسىدەك تال - تال قىر بولۇپ كۆرۈنەتتى، — بىلىۋاتىدىغانسىز، روسىيىدىكى قىزىل ھاكىمىيەتنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش توغرىسىدا جانابىي چېمبېرلىن ھەرقانچە كۈچەپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، بۇ ھاكىمىيەت ئۇجۇقمىدى، بەلكى بارغانچە كۈچىيىپ كېڭەيمەكتە. قەشقەرىيىدە بىزگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تەسىرى يەنىلا كۈچلۈك، ئۇ بىزگە كۈچلۈك رەقىب بولۇپ تۇرماقتا. بۇ رەقىب بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، بەل تۇتۇشىدىغانلار جانابىي چېمبېرلىن بولماستىن، فرونتنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرغان يەنىلا سىز بىلەن بىزغۇ! قىلىچۋازلىق قىلساقمۇ، چېلىشساقمۇ، بوكسيورغا چۈشسەكمۇ يەنە بىزغۇ! — كونسۇل سۆز ئاخىرىدا بېشىنى قانداقتۇر بىر مەنىدە چايقاپ بېسىلىپ قالدى.

— كارامىتى چاغلىق، كونسۇل ئەپەندى! مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، قىلىچۋازلىقتا فرانسۇز كوماندىسىنى، بوكسيورلۇقتا نورۋېگىيە كوماندىسىنى يېڭىپ چېمپىيون بولغانمەن! — دېدى جېك ئانچە ئويلانماستىنلا.

كونسۇل قاتتىق كۈلدى. كۆزىدىن ياش چىققانغا قەدەر كۈلگەندىن كېيىن، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، بۇرۇنلىرىنى چىمداشتۇرۇپ، ئاندىن سۆزگە كىرىشتى:

— بۇ گەپچە سىز ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەنسىز! — دېدى



AltunOq

ئۇ كۆلكىسىنى مەسخىرە ئارىلاش داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىككى ئىسپورتچى چېمپىيونلۇق تالاشقاندا، ئوچۇق مەيدانغا چۈشۈپ، شۇنچە كۆپ تاماشىبىنلار ئالدىدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئەگەر خاتالاشمىسام، مەندىن ياخشىراق چۈشىنىدىكەنسىز، چۈنكى، سىز چېمپىيونلۇق تالىشىش كۈرەشلىرىگە بىۋاستە قاتناشقان - دە!

— شۇنداق، جانابىي كونسۇل! — دېدى جېك كۆزلىرىنى تەنتەكلەرچە ئوينىتىپ، — مەسىلەن، قىلىچۋازلىقنى ئالايلى، رەقىبىڭىز ئالدىدا سەل - پەل بوشاڭلىق قىلسىڭىز ياكى بىخۇد تۇرسىڭىز، سىزنى دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، شۇنداققۇ!

— ئەمما بۇ يەردە بىز ئىسپورت قائىدىسى بويىچە ئەمەس، باشقىچە ئۇسۇلدا — تەڭداشسىز ئالىيجانابلىق بىلەن ئىش كۆرىمىز! — دېدى كونسۇل ئۇنىڭ «شۇنداققۇ» دېگەن سوئالىنى رەت قىلىپ، — شۇنىڭغا چۈشىنىڭكى، بۇ يەردە بىز ئاداۋىتىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە سەزدۈرمەيدىغان ھىندى پىللىرىغا ئوخشاش، سەۋرچانلىق، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سالماق قەدەم تاشلاپ، ئەقىل - ئىدراكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ كەلگەن ئاجايىپ ماھارەتلىرىمىز ئارقىلىق رەقىبلىرىمىزنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىمىز، يالىڭاچ قىلىنىدىغان باشقا چارىلەرنىڭ ھەممىسى ئىدراكسىزلىق، تەنتەكلىك ھېسابلىنىدۇ. بىزگە بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇقى ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقىمىز بىلەن تەشكىلاتچانلىقىمىز، ئادەمگەرچىلىك ئاساسىدىكى مەنپەئەتدارلىقىمىز ئۇنۇملۇك ياردەم كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىرىمگە چۈشىنىۋاتىدىغانسىز، جېك ئەپەندى.

— چۈشىنىۋاتىمەن، كەچۈرۈڭ، كونسۇل ئەپەندى! — دېدى جېك ئۆز خاتاسىنى تونۇپ. ئەپۇ سوراپ.

— چۈشەنگەنلىكىڭىزگە رەھمەت، تاماكىدىن يەنە بىر تال چېكىڭ!

رەھمەت! — دېدى ئۇ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىككى نەپەس شورىۋالغاندىن كېيىن سورىدى، — سىز ئىبتىقان ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟

— قەشقەردە بىزگە قارىغاندا، روسىيە تەرەپكە مايىل كىشىلەر كۆپ، — دېدى كونسۇل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۇلارنى ئىككى تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ؛ بىرىنچى تىپى، روسىيە بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق ۋە روسىيە بىلەن بولغان سودا - مۇئامىلىدە كۆرگەن پايدا - مەنپەئەتكە مايىل بولسا، ئىككىنچى تىپى، رۇس قىلىچىدىن قورقۇش، ئېھتىيات قىلىش تۈپەيلى، مايىللىق كۆرسىتىدۇ، ئەمما بىز كىشىلىك ھوقۇقى ئاساسىدىكى پائالىيەتلىرىمىز، ئادەمگەرچىلىك ئاساسىدىكى مەنپەئەت كۆرسىتىشىمىز ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىمىز، مەن ئىبتىقان ئىجتىمائىي پائالىيەتنى مۇشۇ مەنىدە دېسەم چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟

— چۈشەندىم! — دېدى جېك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاندىن بىلىنەر - بىلىنمەس قىلىپ مىيىقىدا كۈلدى.

— كۈلمىسىڭىزغۇ، قايىل بولمىغان تەرەپلىرىڭىز بولسا، يەنە سۆزلەڭ! — دېدى كونسۇل سەل جىددىيلەشكەندەك قاراپ.

— پايدا - مەنپەئەت كۆرسىتىمىز، دېگەننى كۆپرەك

تىلغا ئېلىشۋاتىسىز، بۇنىڭدا بېرىپتانىتىيە زېمىنىنى تارتىۋېلىش دېگەن ئۇقۇم چىقامدۇ؟ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەم بىر ئاز مۈجمەل، شۇڭا كۆلۈم-سىز دېگەن بولۇشۇم مۇمكىن، ئەپۇ قىلىڭ!

— سۆھبىتىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك يېرى مانا ئەمدى چىقى-ۋاتىدۇ. سىز شۇنى چۈشىنىڭكى، مېنىڭ پايدا-مەنپەئەت كۆرسى-تىش دېگىنىم، روسىيە ئىنقىلابچىسى لېنىننىڭ كۆرسەتكىنىدىن چەتلەپ كەتمەيدۇ. لېنىن نېمە دېگەن، بىلەمسىز؟

— مەن لېنىننى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيمەن، رادىئودا ئۇنىڭ سۆزى ئاڭلانسىلا دەرھال ئۆچۈرۈپ تاشلايتتىم!

— سىزنىڭ يېتەرسىزلىكىڭىز دەل مۇشۇ يەردە ئى-كەن، — دېدى كونسۇل سەممىي كۈلۈپ، ئۇ خۇددى ئوقۇغۇچى-سىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك، كۆيۈمچان-لىق بىلەن داۋام قىلدى، — مەن ئىمكانقەدەر يامان كۆرگەن ئادەمنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلاشقا تىرىشىمەن، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر تولا ھاللاردا ماڭا ئەقىل ئۆگىتىدۇ. ئوچۇق-راق ئېيتسام، لېنىن بىز ئىنگلىزلارنى «ئىككى پايدا بىر كەلگەندە، ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ.» دەپ كۈلگەن. بىز بۇنى ئە-قىل ئورنىدا پايدىلاندۇق، شۇڭا ئىككى ھەسسە پايدا ئېلىشقا كۆز يەتكەندىلا، بىر ھەسسە زىيان تارتىشقا رازى بولىمىز، مەيلى ئەمەسمۇ، بۇنىڭ نېمە زىيىنى؟ مۇشۇنداق چۈشەنسىڭىز، سىزنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىڭىز تولۇقلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقمۇ، جا-نابىي جېك ئەپەندى؟ — دېدى ئۇ كۈلكە ئارىلاش يېقىنلىق قىلىپ.

— شۇنداق!

— رەھمەتسىزگە! — دېدى كونسۇل بىر دېنىلاجانلىنىپ، كېيىن بىر دېنىلا چىرايىغا كۆڭۈلسىزلىك تۈس ئېلىپ داۋام قىلدى، —

ئىنىسىدە بار ۋاقىتتا يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھازىر قەشـ
قەردە بىزگە ئەڭ كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈۋاتقان ئادەم ئابدۇـ
قادىر داموللا. بۇ ئادەم ئىسلاھات، مەرىپەت شوئارى ئاستىدا
خەلقنى بىزگە قارشى قويماقتا.... بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ
قىلىڭ!

— كېچە ئارخىپتىن كۆرۈپ شۇنىڭغا ھەيران قالدىمكى،
دىندار بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن بولشېۋىكلارغا قارشى ھەرىكەت
قىلماستىن، بىزگە قارشى تۇرىدۇ؟ — دېدى جېك ھەيران بولـ
غانلىقتىن، ئىككى قولىنى قۇلۇلە قېپىنى ئاچقاندەك ئىككى
تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ.

— قاتتىققا چىشى ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

— بىزنى يۇمشاق دەپ ھېسابلامدۇ؟

— ئېھتىمال....

— ئاۋازىڭىز. تاپانچىلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ئۇ كىشى
بىلمىسە كېرەك!

— قەيەردىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز ـ ھە! — دېدى كونـ
سۇل قاقاقلاپ كۈلۈپ. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە يۇقىرىقى سۆزنى خوپ
كۆرمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇ بولمىسا، خەنجەر!....

— تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، يۈرۈڭ! — دېدى كونـ
سۇل راۋاقتىن چۈشۈپ كېتىشكە تەمشىلىپ. كۆڭ خىيلىلا قايرىـ
لىپ قالغانىدى.

بۇلار قايرىلىپ پەلەمپەي تەرەپكە ماڭدى. گويا يەنە
بىر ئاز سۆزلىشىشنى خالاپ قالغاندەك، پەلەمپەيگە ئاز قالـ
غاندا، كونسۇل بىردىنلا توختىدى ـ دە، جېك ئەپەندىگە قاراپ

كۈلۈمسىرىدى. بۇنى چۈشەنگەن جېك ئەپەندىمۇ «خۇش، مەرھەمەت» دېگەندەك قىلىپ قاراپ تۇردى. كونسۇل سۆز ئاچتى:

— سىزگە بىر ئىش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز، — دېدى ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن جېك ئەپەندىگە قاراپ.

— سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە! — دېدى جېك سەمىمىي قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ.

— ئەگەر خالىسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قەشقەردە ئىسلام دىنى مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماسلىقىڭىز كېرەك! — دېدى ئۇ ئاستا ئاۋازدا سالماق سۆزلەپ، جېك قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى، كونسۇل داۋام قىلدى، — باشقا دىنلارغا ئوخشاش، قەشقەردىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىمۇ خۇدانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن ئېتىقادچىلار تۈرلۈك مەزھەپ، پىرقە - گۇرۇھلارغا ئايرىلىپ، ياراشتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغان ئىختىلاپلار ئىچىدە ياشايدۇ. ھازىر بۇلارنى چوڭ ئىككى ئېقىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئۆز مۇرىتلىرىغا ئېتىقادتا قۇللۇق قىلىشنى، مەنىۋى جەھەتتە غەپلەت - جاھالەتنى، سىياسىي ھاياتتا ئۆز ھۆكۈمرانىغا شەرتسىز ئىتائەتنى، بۇ دۇنيادا ھەرقانچە جەبىر - جاپا، مۇشەققەت كۈنلەرنى كۆرۈشكە رازى بولۇپ، راھەت - پاراغەتنى ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتە كۆرۈشنى ئەمرىمەرۇپ قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، خەلقنى ئويغىتىپ، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا باشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا مانا شۇ كېيىنكى (جەدىتى) ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. بۇ ئىككى

ئېقىم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھازىر پەك كەسكىن. مەن بۇ مەسىلىلەرنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلەپ تۇرۇشۇمدىكى مەقسەت، ھەربىر بىرىتانىيىلىك زىددىيەتلەر ئىچىدە قايمۇقۇپ، ھالدىن كەتكەن ئەللەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك، دېمەكچىمەن!

جېك ئەپەندى گويا جان كۆيەر دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاۋاتقان بالىدەك بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ، سۆزگە سەمىمىي قۇلاق سالاتتى. بۇ ئۇنىڭ چۈشىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان كونسۇل قىزىشىپ داۋام قىلدى:

— ھىندىستان چوڭ ھەم ئۇلۇغ مەملىكەت. بۇ قانداق قىلىپ بىرىتانىيىنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قالغان، ئەگەر بىرىتانىيىلىك شۇ ئەلدىكى مىللىي نىزا، دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، مەزھەپلەر ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ۋە شۇ ئەلدىكى خۇراپاتلىق، جاھالەت ـ غەپلەتلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولمىغان بولسا، شۇ قەدەر چوڭ مەملىكەتنى بىرقانچە يۈز يىلدىن بېرى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالمىغان بولاتتى. ئاۋازسىز تاپانچا ياكى خەنجەرگە تايانغان بولسا، بۇ مەقسەتكە يېتىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. ئويلاپ كۆرۈڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

— چۈشىنىشلىك، — دېدى جېك كەسكىن جاۋاب قىلىپ.

— چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، يۈرۈڭ تاماققا چۈشەيلى! — كونسۇل مەمنۇن ھالدا جېك ئەپەندىنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، كونسۇلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئوچۇق ئاڭلىناتتى:



— بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇشۇپ، پۇت - قوللىرىنى كېسىشىپ، پۈتمەس - تۈگىمەس ئاداۋەت، ئازازلىقلار ئىچىدە كېتىۋاتقان بۇ شەھەردە، بىزنىڭ تاپانچا ئېتىپ ئوق زايە قىلىشىمىز ياكى خەنجەر ئېتىپ تۇرۇشىمىز قىلچە ھاجەتسىز. شۇنى چۈشىنىپ قويۇڭكى، جانابىي جىك ئەپەندى، بۇلار ئۆزـ نى ئۆزى بوغۇزلىشىدۇ، بىر - بىرىگە ئۆزلىرى خەنجەر - پىچاق سېلىشىدۇ. بىز بىر چەتتە تۇرۇپ، قەدىمكى رىم تىياتىرـ خانىسىدا تراگېدىيە كۆرگەندەك تاماشا كۆرسەكلا بولىدۇ!

شۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلەر قاتتىق كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئاڭلانماي قالدى. ئۇلار قوم ساناپ، يەنە نېمىلەر دېيىشتىكىن!

شەھەردىن يانغان ياش بىر دېھقان ئېشەكلىك سەمەن يولىدا كېتىۋېتىپ ناخشا توۋلىماقتا:

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،
سەمەن يولىدا تېرەك.

دەرۋەقە، ناخشىدا كۈيلەنگەندەك، سەمەن يولىنىڭ ئىككى قاتىنىقىدا ئاسمان بويلاپ ئۆچ تارتقان سۆۋادان تېرەكلەر باـ ھار شامىلىدا نازغىن لىڭشىپ، ئۇسسۇلچى قىزلاردەك گەۋدىسىنى بويلىرىنى ئەگمەكتە ئىدى.

شەھەردىن لەڭگەرگە، لەڭگەردىن سىمخانىغا كەتكىلى بولـ لىدىغان بۇ سەمەن يولى شۇ يىللاردىلا بىردىنبىر ياسالغان تاشـ يول بولۇپ، بىرقەدەر كەڭ ۋە ئازادە ئىدى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا تاكى توغراقلىق مازارغا بارغۇچىلىك قاتار تېرەك قوـ يۇلغانىدى. ئادەتتە بۇ يولغا بەلگىلىك ۋاقىتتا سۇ سېپىلىپ

تۇراتتى، شۇڭا، بۇ يول چاڭ ـ توزاندىن خالـى، هاۋاسى بىر
قەدەر ساپ بولۇپ، ئەتىگـەن ـ كەچلىكلەردە كىشىنىڭ زوقىنـى
قوزغاپ، هاۋالىنىپ سەيلە قىلىش هەۋسىنى كەلتۈرەتتى.

كەچ پېشىن ۋاقتى، كۈن قايرىلغان چاغ. بولۇتسىز ئاسـ
ماندا ئوتتەك قىزىق يېنىپ تۇرغان قۇياش بوستان تېرەكلەرنىڭ
ئارغاقتەك قىلىن ئاراچلىرىدىن تىلىم ـ تىلىم نۇر تۆكۈپ، يولـ
نىڭ يۈزىنى قـولان تېرىسىدەك ئـالتاغىل قىلىپ، ئـاجايىپ
چىرايلىق كۆركەملەشتۈرەتتى. يولدا ئىككى كىشى پەيدا بولدى.
ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، تـەقى ـ تۇرقى، قوللىرىدىكى زاـ
كون تاياقلىرىنى ئويىنىتىپ مېڭىشلىرى چەت ئەللىك كىشىلەر
ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

داخۇڭگەيلىك قىلىپ، كوچا كېزىۋاتقان شەهەر بىكارچىـ
لىرىدەك لاغايلاپ، ئالدىرىماي كېتىۋاتقان بۇ چەت ئەللىك سەيـ
لىچىلەر يول ئۈستىدە ئۇچرىغان هەممە نەرسىگە قىزىقىپ قارايتـ
تى. ئېشەك هاڭرىسىمۇ، توخۇ چىللىسىمۇ، ئىتلار قاۋاشسىمۇ قىـ
زىقىپ قاراپ كۈلۈشەتتى. ئېشەكلىك كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقال
بوۋايلارغا، پىيادە كېتىۋاتقان مومايلارغا، قېتىق سېتىپ يانغان
چوكانلارغا، غەزەل توۋلاپ كېتىۋاتقان قىغچى دېهقانلارغا، بىكار
بولغان شاپتۇل سېۋەتلىرىنى مورىسىگە ئارتىپ كېتىۋاتقان باـ
لىلارغا ... ئىشقىلىپ، ئۇچراشقان هەممىگە قىزىقىپ قارايتتى.
بۇلار قەيەرگە كېتىۋاتىدىغاندۇ؟

ئۇلار يۇقىرىلاپ مېڭىپ ئۆزگىچە ئاقىرىپ تۇرغان بىنانىڭ
ئالدىغا بارغاندا توختاشتى. سەمەننىڭ ئەك كۆركەم يېرىسـكـە
چۈشكەن بۇ ئەلچىخانا كۆلەم جەهەتتە، چوڭ هەم ئازادە بولۇپ،
هەيۋەتلىك، كۆركەم ئىدى. ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن پۈتۈنلەي مەنـ



AltunOq

زىنىلىك باغ دېمىشكە بولاتتى. دەرۋازىدىن كىرىپ ئوڭ قول تەرەپتە — بوستان تىرەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈستى يېشىل قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان رۇس پاسونىدىكى ئۆيلەر كۆز چاقاتتى، ئوتتۇرىدىكى ئارا - ئارىسىغا يول قويۇلغان قويۇق تىرەكلىك باغ كۆڭۈللۈك كۆرۈنەتتى. تىرەكلىك باغنىڭ يان - ياقىسىغا مۇۋاپىق ئورنىتىلغان ئورۇندۇقلار ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر پەس سەگىدەپ ئولتۇرۇۋېلىش ئارزۇسىنى كەلتۈرەتتى. سول قول تەرەپتىكى ۋالىبول مەيدانىمۇ ئازادە ئىدى.

جانابىي جىبك باشچىلىقىدىكى ئىككى كىشىلىك سەيلىچى باغ مەنزىرىسىگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇلار دەرۋازىغا كەلگەندە، ياندىكى كىچىك ئۆيدىن قاراۋۇل چىقتى. سەيلىچىلەردىن بىرى ئىشىك باقار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، جىبك ئەپەندى ۋالىبول مەيدانىغا بېرىۋالدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتىپ، گويا ۋالىبول سېتكىسىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىۋاتقاندەك، سىنچىلاپ قاراپ ئايلىناتتى.

ئىشىك باقار ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ ۋالىبول مەيدانىغا كېلىۋاتقاندا، جانابىي جىبك لاغايلاپ تىرەكلىك باغ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ تولىمۇ ئەركىن ۋە بىمالال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئۆز - ئۆزىگە خوجا بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئەلچىخانا ھويلىسىغا ئالدىن سۆزلەشمەي ياكى رۇخسەت ئالماي كىرىپ، ئۆزى بىلگەنچە كېزىپ يۈرۈش شۇ دۆلەتنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. ئىشىك باقار

ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قاتتىق تۇستى. جانابىي جېك چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن ئۇنىڭ غۇرۇرى بار ئىدى.

ئۇ چېكىنىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، ئارقىسىدىن سوگدىشىپ كېلىۋاتقان ئىشىك باقار رۇس گويا ئۇنى قوغلاۋاتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈندى. ئۇنىڭ خوجايىنلىق سۈرلۈك قىياپىتى جانابىي جېكنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇ بوكسيورلۇقتا چېمپىيون بولغان ئەمەسمىدى! ئوقۇۋاتقان چېغىدا چېمپىيون بولغان جاناب بۈگۈن قوغلاندى بولۇپ قالغىنى نېمىسى! نومۇس قىلغۇدەك بىر ئىش ئەمەسمۇ! ئۇ تۈرلۈك خىياللار ئىچىدە دەرۋازا ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى-دە، بىردىنلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىك باقارنىڭ يالغۇز كېلىۋاتقانلىقىدىن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تۇيۇقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ بىر مۇشت سالدى. ئىشىك باقارنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، خېلىدىن كېيىن كۆزى ئېچىلغاندا جانابىي جېكنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ قېچىپ كەتكەندى!

# ئون بىرىنچى باب

## چىدىماسىنىڭ ئۆيى پايلىماسىنىڭ يېنىدا

كېچىچە... قايسى كوچا، قايسى مەيدانلارغا بېرىپ تاماشا قىلىش، قايسى ساماۋارخانىدا كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، چاي ئىچىپ ئولپەتلىشىش، قايسى باغ، قايسى مېھمانخانىدا مەشرەپ ئويناپ، ناخشىچى سەتەڭلارنىڭ يېقىملىق خوش ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىش، ئۇسسۇلچى جومباقلارنىڭ مەجنۇن تالدەك ئەۋرىشىم نازىغىشلىرى، شوخ ئويناق كۆزلىرىدىن لەززەت ئېلىپ ھۇزۇرلىنىش، پىنەك چېكىش ياكى ناۋات چاي بىلەن مەجۇن كاپ ئېتىپ كەيپ سۈرۈش، يەنە قانداق لەززەتبەخش قىلىدىغان تاماشىلاردا بولۇشتەك شېرىن خىياللار قويىندا پىلان تۈزۈپ، تەستە تاڭ ئاتقۇزغان بەدرەك مەخسۇم كوچىغا چىقىش بىلەنلا ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ كەتتى.

ئۆيدىكى خىيال بازارغا توغرا كەلمەپتۇ، دېگەنىدەك بۈگۈنكى بازار كەيپىياتى مەخسۇمغا باشقىچە

كۆرۈندى، كەكلىكتەك يورغىلاپ ھېيتكاغا چىقـ
تى، سوكۇلداپ ئوردا ئالدى، قۇمدەرۋازا تەرەپلەر-
نى ئايلاندى. ھەممىلا يەردە ئوخشاش ئەھۋال. قەيەرگىلا
بارسا ئادەملەر توپ - توپ غۇجمەكلىشىۋالغان، ھەممىلا يەردە
تەشۋىقاتچى خەلپەت، تالىپلار يېڭى كىرىزىت (مەجمۇئە)«نەسىھە-
تى ئامما»نى جاراڭلىق ئوقۇپ، جانلىق سۆزلەپ، كەڭ ئاممىغا
ئاڭلىتىۋاتقان، قايسىلا توپقا قارىسا، ئانارنىڭ دانىسىدەك
سانجاق تۇرۇشقان ئامما پۈتۈن زېھنى بىلەن روھنى ئۇرغۇت-
دىغان شېرىن كالامغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان، بەزىنىلەر
تېخى كۆز يېشى قىلىپ يىغلاۋاتقان!...
جۇشقۇن روھلۇق بۇ يېڭى كەيپىياتنى كۆرۈپ چىدىغۇچى-
لىكى قالمىغان بەدرەك مەخسۇمنىڭ ئوغىسى قايناپ، ئۆتى
قاشتى. نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش بۇ؟! ھەپتىدە بىر كېلى-
دىغان بازارنى ئويناتقىلى قويماي، خەلقنى بىر يەرگە توپلى-
ۋېلىپ نېمە قىلغىنى!... دېگەندەك ئاچچىق خىياللاردا نارازى
بولۇپ زەھەر يۇتتى.
سەۋر قاچىسى تولدى، چىداپ تۇرغۇدەك ھال قالمىدى،
كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن مەخسۇم ئاتايىن سەپنى بۇزۇپ
كىرىپ، سۆزلىنىۋاتقان ۋەز - نەسىھەتكە ئەل قاتارى قۇلاق سې-
لىپ... نېمە گەپ ئىكىن دەپتۇمەن، يەنە شۇ جەدىتى سۆزلەر ئى-
كەنغۇ، مۇنداق سۆزنى ئاڭلىغاندىن، بازار ئوينىغان مىڭ ياخـ
شى، يۇرۇڭلار كېتەيلى، بازارچۆكىلەيمىز! دەپ چاڭ چىقىرىپ،
كەيپىياتقا سوغۇق سۇ سېپىپ كۆردى، سەپنى بۇزۇپ قايتىپ چىقـ
قانمۇ بولدى، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدىغان ۋە ئەگىشى-
دىغان بىر مۇ كىشى چىقمىدى. ئامما قىمىر قىلماستىن مىختەك قادىلىپ،

شېرىن كالامغا قوۋلاق سالاتتى. بۇ خۇددى ئۇستىلارقاۋاپ قىلىشۋېرىدۇ، كارۋان يولىغا كىتىشۋېرىدۇ، دېگەننىڭ نەق ئۆزى ئىدى. زەھەر يۇتۇۋالغان لالىمدەك، ئەلىمىنى ياكى ئىچىگە يۇتۇۋالالماي، ياكى سىرتىغا چىقىرىۋېتەلمەي ئازاب چەككەن مەخسۇم كۆز كۆرمەيدىغان، قۇلاق ئاڭلىمايدىغان خىلۋەت جايغا بېرىپ، بىر پىيالە چاي ئىچكەچ ئارام تېپىش خىيالىغا كەلدى ـ دە، چايخانىغا قاراپ يول ئالدى.

چايخانىدا ئادەم جىق ئىدى. مەخسۇمغا ئوتتۇرىدىكى سورۇننىڭ بۇرجىكىدىن ئاران دېگەندە بىر كىشىلىك ئورۇن تەگدى.

— «نەسھەتى ئامما»نى ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قولى بىلەن يېزىپتىكەن ـ ھە!

تېخى ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ئاڭلانغان بۇ سۆزدىن پۈتۈن بەدىنى توك سوققاندەك تىترەپ كەتكەن بەدرەك مەخسۇم زەردە بىلەن سۆز قىلغۇچىغا ھومىيىپ قارىۋېتىپ، ئاندىن ئاستا ئولتۇردى.

سۆزلىگۈچى ئېگىز بويلۇق، ئوراكۆز، قويۇق قاشلىق دېھقان سۈپەت بىر ئادەم ئىدى. ئۇ سالاپەتلىك ئولتۇرۇپ، ئەتراپىدىكى چايخورلارغا يۇقىرى ئاۋازدا قىزغىن سۆزلەۋاتاتتى:

— نېمىدېگەن شېرىن كالام ـ ھە! ھەممىسى لىللا گەپ، ئادەمنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان ھەق سۆزلەر ئىكەن. ئەتىگەندىن تۆت ـ بەش قېتىم ئاڭلاپتۇمەن، چاي ئىچىۋېلىپ چىقىپ يەنە بىر ـ ئىككى ئاڭلىسام...

— مەنمۇ تۆت ـ بەش قېتىم ئاڭلىدىم، سىز ئېيتقاندەك راست شۇنداق ئىكەن. ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدىكەن! —

يۇمىلاق يۈزلۈك، چار ساقال بىر كىشى قوشۇمچە قىلغاچ ھىلى-قى سالاپەتلىك كىشىگە چاي تۇتۇپ داۋام قىلدى، — نەسىھەتنى ئاممىغا يېزىلغان «ھەرقانداق ئەل ئۆز ئابرويىنى ئۆزى يوقاتمىغۇچە ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ.» دېگەن ھەدىس ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلدى، — دېدى ئۇ چىرايىغا قاتتىق تەسىرلەنگەن تۈس ئېلىپ، — ھەدىسكە قارىغاندا، ياخشى-يامان كۈنلەرگە قېلىش ئۆزىمىزدىن بولىدىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن قاملاشمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدايىمدىن كۆرۈپ، قېيىداپ يۈرۈپتىكەنمىز، بۇنداق قىلىشىمىز دۇرۇس بولماپتىكەن، جۇما، بەختلىك بولساقمۇ، بەختسىز بولساقمۇ، ھەممىسى ئۆز پەيلىمىزدىن بولىدىكەن، مانا ئەمدى چۈشەندۇق!

— ئىلگىرىكى ئۆلىمالىرىمىز مۇنداق ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرمەيتتى. ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ، شۈكرى-قانائەت قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى چايخورلار-دىن بىرى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر نەپرەتلىك ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى، بۇ نەپرەت ئاللانىڭ سۆزلىرى-نى توغرا چۈشەندۈرمىگەن ئۆلىمالارغا قارىتىلغانىدى، ئەل-ۋەتتە! كېيىن ئۇ، چىرايىغا بىردىنلا يىللىق تۈس ئېلىپ داۋام قىلدى، — مانا بۇ ئابدۇقادىر داموللام ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدىكەن. مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندە، ھەممە ئادەم ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى ئوڭشىۋالامدۇ!

— داموللام خەلقنى خۇش قىلىدىغان نۇرغۇن ئىش قىلىۋەتتى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئۇيانقى سورۇندا ئولتۇرغان چوڭ ياشلىق بىر كىشى، — ھازىر مەدرىستە ئوقۇۋاتقان

تالىپلارنى بەش - ئالتە يىلدىلا موللا قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان ئوبدان يول تاپتى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق بالىلىرىمىزنى دامول-لامغا ئاپىرىپ ئوقۇتىمىز، دەپ خۇشال.

— ئىلگىرى ئون يىلدىمۇ موللا بولالمايتتى، شۇنداقمۇ؟

ئىلگىرى دېگەن سەككىز - ئون يىلغىچە ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىنى يېتىلەپ، كەشىنى كۆتۈرەتتى. 15 يىلدىمۇ موللا بولالماي ھېرىپ، ئاخىر يېرىم يولدا توختاپ قالاتتى.

قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىۋاتقان بۇ سۆز-لەر بەدرەك مەخسۇمنىڭ ھېچ ھالىنى قويمىدى. ساماۋارخا-نىدا، چاينى ئۇ ئىچتىمۇ ياكى چاي ئۇنى ئىچتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئىنىتايىن كۆڭۈلسىز ئولتۇردى. قارشى چىقىشقا تېخى بولمايت-تى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ساماۋارخانىدا قانداقتۇر قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل يېڭى كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن-دەك قىلاتتى. بۇ كەيپىياتقا كىمدە - كىم قارشى چىقسا، مەغ-لۇپ بولۇپ، ئەبجەقى چىقىپ كېتىشى چوقۇم ئىدى. شۇڭا ئۇ، قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

دەرۋەقە، شۇ كۈنلەردە قەشقەر بويىچە قەيەرگىلا بارسا، كىمنىڭلا ئاغزىغا قارىسا ئىلىم - مەرىپەت، ئىسلاھات، تەرەققى-يات توغرىسىدىكى سۆز - ھەرىكەتلەر، مەدرىسىلەردىكى ئىسلاھات ۋە ئوقۇش قىزغىنلىقى، يېتىملەر تەربىيەتخانىسىدىكى سۆز - سۆھبەتلەر ئەۋج ئېلىپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەرى-پەت - ئويغىنىش دەۋرى مەدھىيىلىنىدىغان يېڭى كەيپىيات شە-كىللەنگەنىدى. كەڭ جامائەتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، يېڭى روھ بېغىشلىغان بۇ كەيپىيات ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنى سوغ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرگەنگە ئوخشاش، ھەممىنىڭ ئۇيقۇس-

نى ئېچىپ، سەگەكلەشتۈرگەنىدى. تارىختىن بېرى، بىۋاسىي قەمبەرنىڭ ساداقىتى، ھاتەمنىڭ ساخاۋىتى، غەۋسۇل ئەزەمنىڭ كارامىتى، دېگەندەك مەجھۇل مۆجىزىلەر تىنوغرىسىدا بەس- مۇنازىرە قىلىشىپ، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى - ئۆزى چۈش- كۈنلەشتۈرۈپ كەلگەن ئامما بىردىنلا بۇرۇلۇش ياساپ، كۆز ئالدىدىكى ئۆز ئادەملىرى كۆرسىتىۋاتقان ساداقەت، ساخا- ۋەت، غەيرەت - جاسارەتلەرگە نەزەر سالدىغان ۋە بۇ ھەقتە كەڭ - كۇشادە غۇلغۇلا قىلىپ، بەس - مۇنازىرە قىلىشىدىغان يې- ڭى روھ، يېڭى كەيپىياتقا ئىگە بولغانىدى. مۇنداق قۇدرەتلىك ئومۇمىي كەيپىيات ئىچىدە سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك بولۇپ قالغان بەدرەك مەخسۇم قانداقمۇ قارشى چىقالىسۇن!؟ ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىش كېرەك.

— مېھمان، چاي پۇلىنى تاشلاپ كېتەلا! — چايخانا ئىگىسىنىڭ يۇمشاق، ئەمما جانغا پاتىدىغان كىنايىلىك ئاۋا- زى چاي پۇلى تۆلەشنى ئۇنتۇپ، دۇكان ئالدىغا چىقىپ قال- غان مەخسۇمنى تېزگىنلەپ تارتقاندەك توخ- تاتتى. ئۇ گويا يەر بىلەن يەكسان بولغاندەك ئېزىلا چەكتى. مۇنداق ئوسال ئەھۋالدا غىڭ قىلالمىغان مەخسۇم تەسلىكتە ھوشىنى تېپىپ، چاي پۇلىنى تۆلىۋەتتى - دە، گەپ قىلماستىن كېتىپ قالدى. ئۇ قەيەرگە بېرىپ،قەيەردە تۇرۇشنى بىلمەستىن، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئاستا كېتىۋاتاتتى، ئارقا تەرەپتىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم... ھارمىغايلا!...

بۇرۇلۇپ ئارقىغا قارىغان مەخسۇم ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ كېلىۋاتقان غىلدىرەك داموللىنى كۆردى. ئۇ خۇددى كۈنگە

قاراپ ئەسنىگەن قىچىردەك، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى تو-
لۇق كۆرسىتىپ ھىجايغان پېتى يېقىنلاپ ئەھۋال سوراشقا
باشلىدى:

— قەيەرگە بېرىپ، قەيەردىن كېلىۋاتىلا. تاماشا قىزىغان-
دۇ! سىلى بوشكەلمەيدىغان ئادەم، جۈما، بازار ئوينىپ كەللىمۇ؟

— ھا! ... — دېدى مەخسۇم زەردە بىلەن قىسقىلا جاۋاب
بېرىپ، چۈنكى، غىلدىرەك داموللىنىڭ سۆزلىرى خۇددى تۈيۈق-
سىز تۇرغاندا، ئاچ بېقىنىغا قاتتىق تەگكەن مۇشتتىنمۇ قاتتىق
تەگكەنىدى.

— نېمە بولدىلا، بىگىنە يۈتۈۋالغاندەك مىجەزلىرى بۇزۇق-
قۇ! — دېدى غىلدىرەك داموللا ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن رەن-
جىگەن قىياپەتتە.

— بۇيانقى دەردنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندا، سىلى قالغانمۇ
ئەمدى! — قىپىدىغان مەخسۇم غىلدىرەك داموللىنىڭ قولىنى
سىلكىۋېتىپ، كېتىشكە تەمشەلدى.

— توختىسىلا، زادى نېمە بولدى؟ — شىلىمدەك چاپلاش-
قاق غىلدىرەك داموللا ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن، سىلكىپ
تارتىپ سۆزلەيتتى، — سىلىنىڭزە... كىچىك بالىدەك مىجەزلى-
رى بار، جۈما، نېمىگە خاپا بولۇپ قالىلا، قېنى سۆزلىسىلە!

— جاھاندا دەرد يۇتقاندىن ئېغىر ئىش يوق ئىكەن! —
دېدى مەخسۇم رەنجىگەن قىياپەتتە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.
ئۇنىڭ ئاغزى ئۇمچەيگەندەك كۆرۈنەتتى.

— قېنى، نېمە دەرد؟!

— سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش بازارنى بىر ئايلىنىپ چىق-
قان بولسىلا، ئاندىن چۈشىنىپ قالاتتىلە!

— يۇرسىلە، بىللە چۆكىلەيمىز، قانداق دەرد ئىكەن ئۇ، ماڭا بىر كۆرسەتسىلەڭ — دېگەن غىلدىرەك داموللا ئۇنىمىغانىغا قويماي مەخسۇمنىڭ قولىدىن تارتىپ سۆرەپ ماڭدى. ئۇلار دولقۇن يېرىپ ماڭغان قولۋاقتەك چايقىلىپ، كوچىلاردىكى ئادەم دېڭىزى بويلاپ ئىچكىرىلەپ كەتتى. دوقمۇش - دوقمۇشتا تەشۋىق قىلىۋاتقان تالىپلار ۋە تەشۋىق ئاڭلاۋاتقان خەلق توپى ئۇچراپ تۇراتتى.

— قارىسىلا، مۇشۇ ئىشلارغا ئاچچىقلىرى كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟ — دېدى مەخسۇم تەشۋىق قىلىۋاتقانلارنى يىراقتىن كۆرسىتىپ.

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ. ئۇن ئېغىز كاپ - كاپتىن، بىر ئېغىز چىپچاپ ياخشى، دېگەن بىر گەپ بار، شۇنداق ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ.

— سىلى ئۇنداق دېگەنبىلەن نادان خەلق ئۇنداق چۈشەنمەيدۇ، كىشىگە ئەلەم قىلىدىغىنى، تېخى بەزەنلەر كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلىشىۋاتامدۇ!

— مۇشۇ ئىشقىمۇ ئاچچىق يۇتقان بارمۇ، خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا، بۇ ئىش ئۇزۇلۇكىدىن توختاپ قالىدۇ، قارا خەلققە مەرىپەتنىڭ نېمە لازىمى، بۇلارنىڭ مەرىپەت دېگەنلىرىمۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىك! ھەر - ھەر ئۆلىمالىرىمىز ئۆمۈر بويى ئەمرىمەرۇپ قىلىپ، يۇسۇپ - زىلەيخا قىسسەسىنىڭ سىرىنى چۈشەندۇرۇپ كېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. نى - نى زاتلىرىمىز ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىنىمىنىڭ كەربالادا شېھىت بولغان جەڭنامىسىنى سۆزلەپ بولالماي كەتتى. ئەمدى بۇلار قانچىلىك بولماقچى! بىر يېرىگە بېرىپ ھېرىپ

توختاپ قالىدۇ. چىچىلىپ، پاراكەندە بولمىسىلا، خاپا بولغۇدەك ئىش يوق. خەلققە ئارتۇقچە مەرىپەتنىڭ نېمە لازىمى، بەش نامازنىڭ قائىدىلىرى، ئۆشرە - زاكات، سەدىقە - ئېھسانىنىڭ يوللىرىنى بىلدۈرۈشلا كۇپايە... شۇنداققۇ!...

غىلدىرەك داموللىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا، بولار دەرۋازىسى شەرققە قارايدىغان مەھەللە مەسچىتى ئالدىغا بېرىپ قالدى. مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئەگمىسى ئاستىدىكى سۇپىدا ئۈچ كىشى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى. ئۇ كىشىلەر كونا تونۇشلاردىن بولۇپ، بىر مۇقامدا يورغىلايدىغان ئىلپەتلەردىن ئىدى. بۈگۈن ئۇلارمۇ شەھەردىكى يېڭى كەيپىياتقا چىداپ تۇرالماي، ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇنىڭ ئۈستىگە غىلدىرەك دامولا بىلەن بەدرەك مەخسۇم كەلدى. چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ يېنىدا، دېگەندەك، بۈگۈنكى كەيپىياتقا چىدىمىغانلار بىلەن پايلىمىغانلار بىر - بىرى بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك ئاسانلا قوشۇلۇپ كېتىشتى.

بۇ يەردە ئولتۇرغانلاردىن سوغۇق ۋە تەكەببۇر كۆرۈنىدىغان، شالاڭ ساقىلى ئاستىدىكى نېپىز لەۋلىرىدە قانداقتۇر ياۋۇز ئىستېھزا چىقىپ تۇرىدىغان، زور گەۋدىلىك، يۇملاق كۆبجۈمە يۈزلۈك ئادەم مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى تاھىر داموللا ئىدى. بۇ ئادەممۇ غىلدىرەك داموللىغا ئوخشاش ياخشى ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تىرىشىپ يۈرۈپ، تۆۋەن دەرىجىدە خەتىمدىن ئۆتۈپ، داموللا ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىمامەتچىلىككە تەيىنلەنگەنىدى. ئىمامەتچىلىكتە بىر توپ جامائەتكە ئەمىر مەرۇپ قىلغاندىن تاشقىرى، مەھەللىدىن

يىغىلغان يەتتە ـ سەككىزدەك تالىپچاقلارغا باشلانغۇچ ساۋاتـ
لاردىن ئاز ـ تولا ئىمان ـ ئىسلام ئۆگىتەتتى. لېكىن ئۇ ئەرزىـ
مەس كىچىك ئىشنى بىلەن جامائەت ئالدىدا كىبىرلىپ، تەكەببـ
بۇرلۇق قىلىپلا قالماستىن، چوڭ مۇدەررىسلەر بىلەنمۇ ئۆزەڭگە
سوقۇشتۇرىدىغان، بىرنەچچە چالا ساۋات قىرىلار «راست» دەپ
بەرسە، ئاغزىدىن چىققان سۆزىنى ئالەم ھەقىقىتى،
دەپ تونۇۋالىدىغان ئىچى قارا مۇتەئەسسىپ ئادەم ئىدى.

ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، يوغان قورـ
ساق، ئاغزى لەھەڭنىڭ ئاغزىدەك چوڭ كۆرۈنىدىغان كىشى قاسىم
مۇتىۋەللى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر چۆكمە، چىلبۆرىلەردەك ئوتـ
لۇق كۆزلىرىدىن قەبىھ ئاچكۆزلۈك چىقىپ تۇراتتى. ئېپىقلارـ
نىڭكىدەك كەڭ ئالقانلىرى بىر ەر تاۋاق ئاشنى ئىككى
سىيرىپلا لەھەڭ ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋېتەلەيدىـ
غان ئەلپازىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە، بىرقانچە
قېتىم مۇتىۋەللى بولغان، بىراق ئاچكۆزلۈك قىلىپ، جامائەت
مۈلكىگە خىيانەت قىلغانلىقتىن، بىرنەچچە قېتىم موللاق
ئېتىپ يىقىلغان سابىق مۇتىۋەللى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭـ
دا «مۇتىۋەللى» دېگەن قۇرۇق نام بىلەن ئاچكۆزلۈك،
قارا نىيەتلىك، زومىگەرلىكتەك خۇسۇسىيەتلا ساقلىنىپ
قالغانىدى.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى ئەھمەت موللا ئىدى. جاماـ
ئەت ئۇنىڭ ئىسمىنى بىرنەچچە خىل ئاتايتتى. يۈزتۇرا
سۆزلەشكەندە، ئەھمەت موللا، ئەھمەت مەزىناخۇنۇم، دەپ
چاقىراتتى. يوق يەردە بولسا، «تەلۋە»، «تەلۋەمەت» دەپ
سۆزلىشەتتى.

«تەلۋە» لەقەمى ئۇنىڭ مىجەزىگە قاراپ قويۇلغانىدى. ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدىغان، باشقىلار بىلەن ئانچە كارى يوق، مۆرىمەس كالىدەك جىمغۇر يۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تەلۋىلىكى خېلىلا بار ئىدى. ئاچچىقى كەلگەندە، گەپ-سۆز قىلماستىنلا بىرىپ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنلەرنىڭ كېلىدىن ئالاتتى. ئۇنداق چاغلاردا، ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ غۇچۇرلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل تەلۋە كۈچ بولۇپ، بوغۇۋالغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى قىل قالاتتى، شۇڭا قولۇم-قوشنا جامائەتلەر ئۇنىڭ تەلۋە مىجەزىدىن قورقۇپ، ئاسانلىقچە يېقىنلاشمايتتى. دادى-مۇئامىلىدە ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ مادارا قىلاتتى.

ئۇنىڭ قازىخانا ئالدىدا خەتتاتلىق قىلىش ئىشى توختىتىلغاندىن كېيىن، مىجەزى تېخىمۇ تەرسالىشىپ كەتتى. چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، قەدىمكى زامان پادىشاھلىرىنىڭ ھەر كۈنى قانچە ئون ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچكەن قارا كۆڭۈل جاللاتلىرىغا ئوخشاش، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل تۈرقى-ئەلپازىدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.

— كېلىشسىلە، ئەزىز مېھمانلار، بىرلىرى كۈن، بىرلىرى ئاي، جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرگەچ سەيلە قىلىپ كېلىشلىمۇ، قېنى، مەرھەمەت، ماۋۇ يەرگە ئولتۇرسىلا! — دېدى تاھىر داموللا ئولتۇرغان ئورنىدىن سەل نېرىراقتا سۇرۇلۇپ ئورۇن بوشاتقاچ چاقچاق قىلىپ.

— ھەرقايسىلىرىچۇ، تولا سەيلە قىلىپ، ھېرىپ ئولتۇرۇشلىمۇ! — دېدى غىلدىرەك داموللا بوشىتىلغان ئورۇنغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

پاتىھەدىن كېيىن بۇلار رەسمىي سۆزگە كىرىشتى:

— بۈگۈن بازار ئاجايىپ سوغۇق، سەيلە قىلغۇچىلىمۇ يوق! — دېدى تاھىر داموللا سۆز ئېچىپ. ئۇ ھەممە كىشىگە سوغۇق نەزەر سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — بازارغا ئەنجۈرمۇ كىرمەپتۇ، ئېغىزغا تېتىغۇدەك شاپتۇلمۇ يوق. قەيەرگىلا قارىساق ئادەملەر توپلىشىۋاپتۇ. قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ باقساق، بولۇۋاتقان گەپ - سۆز مۇستاپامۇ ئەمەس، پۇلتاپامۇ ئەمەس، يەكسان قۇرۇق گەپ! ئەزەلدىن قۇرۇق گەپ بىلەن خۇشۇم يوق ئادەم، ئۇنداق سۆزلىرىڭنى ئۇچۇلۇق بازىرىغا ئاپىرىش، مېنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقىممۇ يوق، دەپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە سەگىدەپ ئولتۇردۇم، شامالىلىق سالقىن يەركەن بۇ. جانغا راھەت قىلدۇق، ھەر قايسىلىرىڭچۇ؟

كەلگۈچىلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يۈرىكىنى تىڭشاپ، مىجەزىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقىنى بىلىشكە قىزىققان تاھىر داموللا سۆزى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۇلارنىڭ كۆزىگە قاراپ، كەيپىياتىنى كۆزەتتى. ئۇمىدكە يارىشا، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈن كوچىدا ئەۋج ئالغان تەشۋىقاتنى«قۇرۇق گەپ»دەپ ھاقارەت قىلغانلىقى بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن خۇشلۇق ئالامەتلىرى قوزغۇلۇشقا باشلىدى. بۇلار ئەمدى ئۆزئارا تامامەن تونۇشۇپ، بىر مۇقامدا ھۆۋلايدىغان بىر جاڭگالنىڭ كىشىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىشتى.

— بىزنىڭمۇ ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاش قۇرۇق گەپ بى-

لەن خۇشىمىز يوق، شۇڭا قۇلىقىمىزنى گاس، كۆزلىرىمىزنى ئەما قىلىپ، بۇيان كەلدۇق، — دېدى غىلدىرەك داموللا تېتىكلىشىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئارىدا بىرئاز ۋاقىت جىمجىتلىق پەيدا بولدى. بۇ جىمجىتلىق ئۇلارغا ئويلىنىۋېلىش پۇرسىتى ئىدى. بەزەنلەر كالپۇكلىرىنى چىشلەپ، باشلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ خىيال سۈرسە، بەزىسى، ساقىلىنى تاراشلاپ ئولتۇرۇپ ئويلاندى. ئېڭىكىنى سىيلاپ - سىيپاپ ئولتۇرۇپ، سۆزنى قەيەردىن ۋە قانداق باشلاش توغرىسىدا بىر يەرگە كېلىپ بولغان تاھىر دامولla جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز ئاچتى:

— بۇ خەق زادى نېمە قىلماقچى، قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟ — دېدى ئۇ چىرايىغا ئاچچىق ۋە غەزەپ تۈس ئېلىپ، ئاندىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ، بەدرەك مەخسۇمغا قاراپ داۋام قىلدى، — بىزگە قارىغاندا، مەخسۇمنىڭ مۇھاكىمىسى چوڭقۇرراق، بۇ توغرىدا مۇھاكىمە قىلىپ بەرسە بىر ئاڭلاپ كۆرەيلى! — دېدى.

— يوغسۇ، بىزگە قارىغاندا، سىلىنىڭ مۇھاكىمىلىرى چوڭقۇر، سىلى سۆزلىسىلە، بىز ئاڭلايلى! — دېدى بەدرەك مەخسۇم ھۆپپىدە قىزىرىپ.

— ئەمىسە، مۇتىۋەللاخۇنۇم سۆزلىسۇن! — تاھىر دامولla قارشىسىدا ئولتۇرغان مۇتىۋەللىگە قاراپ كۆز قىسىپ قويدى.

— مەن سۆزلىسەم، يەنە ھېلىقى گەپ!

— مەيلى، سۆزلەۋەرسىلە!

— مېنىڭ سۆزۈم يەنە شۇ، — دېدى مۇتىۋەللى كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ، ئۇ قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ داۋام قىلدى، —



AltunOq

مىنىڭ قارىشىمچە، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ كاللىسى ئايلىنىپ قاپتۇ، ئەگەر ئايلىنىپ قالمىغان بولسا، كوچىدا ئۆز كۆزىنى كۆن ئېتىپ يۈرگەن يېتىمئوغلاقلارنى باقمەن، تەربىيەتقىلىمەن، دەپ ئۆزىگە يۈك قىلىۋالمىغان بولاتتى. بىكاردىن - بىكار بېشىغا پىت سىلىۋېلىپ، مانا ئەمدى بىر مۇنچە ئادەمنى كوچا - كوچىغا ئەۋەتىپ مەدداھلىق قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار-نىڭ ھەممىسى ئاۋارىگەرچىلىك بولماي نېمە!؟

— داموللام بوش ئادەم ئەمەس، بەلكى ساۋاب تاپىمەن، دەۋاتقاندۇ! — دېدى غىلدىرەك داموللا سۆزنى تېخىمۇ قىزىت-ماقچى ھەم چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولۇپ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئېپ-چىشتۇرۇپ يېغىر تاپماقچى بولاتتى.

— ساۋاب!؟ — مۇتىۋەللىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۇ غىلدىرەك داموللىغا ھومىيىپ داۋام قىلدى، — ساۋاب دېيىلى-مۇ، يەنە بىر دەپ باقسىلا!

— ساۋاب تاپىمەن، دەۋاتقاندۇ!

— سىلى مۇشۇنداق دېسىلە، باشقا ئادەم نېمە دە! — دې-گەن مۇتىۋەللى غەزەپ بىلەن داۋام قىلدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى، قوۋۇز گۆشلىرى خۇددى چاشقان كىرىپ قالغان خالتىدەك قىمىرلايتتى، — كوچىدا قالغان ھارامزادىلەرنى يىغىۋېلىپ باققانغا ساۋاب بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ساۋاب-نىڭ قوكى تۆشۈك!

— داموللام ساۋاب تاپىمەن، دېگۈچە، باشقىلارغا ئۇۋال بولىدىغان ئىشلارنى ئازراق قىلىپ، شۇك يۈرسە ياخشى بولات-تى، — دېدى تاھىر داموللا مۇتىۋەللاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— ئۈۋالچىلىق قىلغان يەرلىرىمۇ بارمۇ تېخى!

— دەلىللىرىمىز تولۇق! — مۇتتەھەللى گويا قويۇنىدىن ھۆججەت چىقارغان دەۋاگەردەك مەغرۇر قىياپەتتە داۋام قىلدى. — باشقىنى قويۇپ، يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئەخمەت مەزىناخۇنۇمنى دەيلى، مەسىلەن، بۇ ئادەم قازىخانىدا خەتتاتلىق قىلىپ، بالا - چاقىسىنى بىر ئوبدان بېقىپ كېلىۋاتاتتى. داموللام كېلىپلا، تايىنى يوق بىر ئىشنى باھانە قىلىپ خەتتاتلىقتىن ھەيدەپ سالدى. بۇۋالچىلىق دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس! ھازىر بۇ ئادەمنىڭ تارتىۋاتقان ئازابى... ئەزرائىل جان دېسە، بەش بالىسى نان دەۋاتقان... نېمىدېگەن قىيىنچىلىق بۇ!

ئەھمەت موللىنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. ئىپپىز كالپۇكلىرى تىترەيتتى. ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر دەرد - ئەلەم، كۈچلۈك ئاداۋەت ئوتى يېلىنجاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— شۇنداق ئىشلارمۇ بولغانمۇ؟ بىز تېخى ئاڭلىماپتىكەنمىز! — دېدى مەخسۇم مۇغەمبەرلىك بىلەن ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، بۇ ئىشنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى.

— دەپ كەلسەك گەپ تولا، قىسقىسى، بۇ ئادەم شەھەرگە سىغمايۋاتىدۇ! ئۇنى ئۇنداق دەۋاتقان، بۇنى مۇنداق دەۋاتقان، بايلارنىڭ ياقىسىغا، موللىلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋاتقان....

— شەھەرگە سىغمايۋاتىدۇ، دېگەندىن، جاھانغا سىغمايۋاتىدۇ دېسىلە! — دېدى مەخسۇم تاھىر دامولىنىڭ سۆزىنى

تارتىۋېلىپ، — ئۇ كىشى ھازىر جاھاننى سوراۋاتقان ئىنى-
گىلىزلارغىمۇ، شۋېتلارغىمۇ ئوخشاشلا مۇشت ئېتىۋاتىدۇ، خەۋەر-
لىرى يوقمۇ تېخى!

— ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا قامالاشماپتۇ.

ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېسە، بىرگە ئىككى، دېگەندەك، ئېنى-
گىلىزلار بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى. شۋېدلارچۇ! ئۇلار
شىپاخانا ئېچىپ، ھەقسىز داۋالاپ ياخشىلىق قىلىۋاتقان يەر-
دە، بىز قارشى تۇرساق بولامدىكەن!؟

— ئۇ خەق جاھاننى ئۆز قولىدا تۇتۇپ سوراپ كېلى-
ۋاتقان جاھانگىر، بىز مۇشت ئېتىپ تەڭلىشەلەيمىزمۇ! چاقچاق
قىلىدىغان ئىش ئەمەس!... ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىك ئېتىپ-
تۇمەن، پالازغا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتۇمەن، دېگەندەك!...

«ئابدۇقادىر داموللا ئىنگلىزلارغىمۇ، شۋېدلارغىمۇ قار-
شى تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن ئۇلار
تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەپ، بۇ ھەققانىي ھەرىكەتنى پىسەنت،
كۆرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەشتى. بۇ ئۇلارنىڭ چەتئەل دېسە،
قارىغۇلارچە بەيئەت قىلىپ، جاھانگىرلاردىن ئۆلگۇدەك قورقى-
دىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

— داموللام! — دېدى مۇتىۋەللى سوئال نەزەرى بىلەن
تاھىر داموللىغا قاراپ، داموللا ئۇنىڭغا دىققىتىنى بۇراپ
قارىۋىدى. مۇتىۋەللى چوكمە كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ
سوئال قويدى، — «جاھانگىر»، «جاھانگىر» دەپ تىلا ئاڭلاي-
مىز، بۇ گەپنىڭ سىغمىسى نېمىكىن، تەقسىر؟

بۇ سوئالنى ئۇ «جاھانگىر»نىڭ كۈچلۈكلۈكى يەنە بىر
قېتىم نامايان بولسۇن، دېگەن غەرەزدە ئاتايىن سورىغانىدى.

تاھىر داموللا كېكىر دىكىنى قىرىشتۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— جاھان — ئۇنسەككىز مىڭ ئالەمدۇر، «گىر» سۆزى «تۇتۇش» دېمەكتۇر. «جاھان - گىر» جاھان تۇتقۇچى، جاھان سو رىنغۇچى دېمەكتۇر... ۋەللاھۇئەلەم...

— يائاللا... ياھەزرەت... ئۇنسەككىز مىڭ ئالەمنى تۇتقۇچى دېسىلە! — دېدى مۇتىۋەللى پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ. ئاندىن ھاڭ - تاڭ بولغان قىياپەتتە ئۇنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى.

سورۇندىكى سۆھبەتنىڭ گىرادۇسى كۆتۈرۈلۈپ قىزىشقا باشلىدى:

— نېمىدېگەن قاپ يۈرەك ئادەم بۇ!

— قاپ يۈرەكلىك قىلغىنى ئەمەس، شىلتىڭ ئاتقىنى!

— قىسقىسى، كاللىسى ئايىنىپ قالغىنى، ئۇنداق بولمىسا، جاھانگىرغا مۇشت ئاتمەن دېمەيتتى!

— ئاڭلىسام، توقام مەدرىسىنى قوچۇپ، ئۇماچ قىلىۋېتىپتۇ، دەيدۇ. تالىپلار ياكى ئۇنىڭدىن، ياكى بۇنىڭدىن بەھرە ئالالماي، كەپتەرۋازنىڭ قاپىقىدەك كولدۇرلاپ كېتىپتۇئىمىش!

— موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە. دېگەندەك، بۇ ئادەمنىڭ كوچىدىكى يېتىمىكلەرنى توپلاپ تەربىيەت قىلمەن دېيىشىدىكى مەقسەت، ئۆزىگە پۇل توپلىۋېلىش. بۇ توغرىدا گۇمان تولا!

— ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ھەربىر قەدىمى مۇستاپا ئۈچۈن ئەمەس، پۇل تاپا ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ! بىز دېگەن بىر داچەننى «ئىككى پۇل»، ئىككى داچەننى «تۆت پۇل» دەپ خەجلەيدىغان خەق. ھەممە ئادەم بىرنى ئىك

كى قىلمىز دەۋاتسا، ئۇ داموللا بىلمەي قالارمۇ! قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇ ئادەم ھازىر غەللىسىدىن بىر پۇل چىقارغان بىلەن، كېيىن ئىككى پۇل تېپىۋېلىشنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ!...

— قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇ كىشى تېخى يوغان يەرگە چاڭ سالىدۇ، ھەزرەتنىڭ① ۋەخپىسى، ھېيتكانىڭ ئەۋقاپلىرى... قاراپ تۇرۇڭلار، جەزمەن شۇنداق قىلىدۇ!...

تىلنىڭ ئۇستىخىنى يوق، دېگەندەك، بىر گۇرۇھ ئادەم توپلىشىپ، ئۆز خاھىشلىرى بويىچە، ياخشى ئىشنى يامان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولسا، «تىل» ئۇلارنىمۇ يېتەرلىك گەپ - سۆزلەر بىلەن تەمىنلىيەلىشنى بىلەتتى...، شۇڭا بۈگۈن بىر گۇرۇھ چېدىماسلار بىلەن پايلىماسلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆز يۇرتىدىن چىققان بىر ئالىمنىڭ خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىجابىي پائالىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىش، يېڭىلا ئۇتاشقان مەرىپەت گۈلخانلىرىنى ئۆچۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىشتەك ياۋۇز نىيەتتە كەڭتاشا سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئۇلارغا گەپ تېپىلىپ تۇراتتى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش يۈزىسىدىن گەپتىن - گەپ، شاختىن - شاخ ئايرىپ، پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت، بوھتان ۋە تۆھمەتلەردىن تۆرەلگەن گۇمانلارنى «پاكىت» قىلىپ سۆزلەشتى، ئەپسۇسكى، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ ئىچى يەنىلا بوشمايۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇلار سۆھبەتنىڭ گىرادۇسىنى ئۆرلىتىپ، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ قىزىتماقچى بولۇپ، سۆز ئورانىنى يۆتكەشتى:

— تىتەينىڭ نېمىشقا كارى بولمايدىغاندۇ! — كىمدۇر بىرى پوسۇققىدە سۆزلەپ، سۆھبەتنىڭ مىجەزىنى باشقا ياققا بۇرى-

① ئاپئاق خوجا مازىرى.



AltunOq

ۋىدى، غىلدىرەك داموللا ئالدىراپ جاۋاب بەردى:
— تىتەيىنى كارى يوق، دېگىلى بولماس! — دېدى ئۇ ئىستىهزا ئارىلاش كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ، — نەچچە يىلنىڭ ئالدىداجەدىتلەر ئاچقان مەكتەپلەرنى تاقىتىپ، ئەپەندىلەرنى قوغلاپ، پالاندى قىلىپ، سولاپ، زىندانغا تاشلاپ ئەدىبىنى بەرگەن تىتەي بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە جىم ياتارمۇ! ھېلىقى ئەھمەت كامال ئەپەندىنى قەپەسكە سولاپ، ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. شۇ چاغدا، كىچىكلىكىمدىنمۇ ياكى ئەقلىم توشمىغانلىقتىنمۇ، ئەھمەت كامالنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىنى ئەگىشىپ تاربوغۇزغىچە بېرىپتۇمەن، ئۇ ئادەم قەپەس ئىچىدە خۇددى قەشقەردىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغاندەك، تويۇنماستىن ئەتراپقا، ئەگىشىپ چىققان خەلق ئاممىسىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. خەلق ئۇ ئادەمدىن دۇئا ئالىمىز، دەپ ئۆزىنى ئېتىپ تۇرىدۇ، يايى - بەگلەرنىڭ توسقىنىغا قارىماي، نان - توقاچ، ئالما - ئانار، قەنت - ناۋات دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى!...
غىلدىرەك داموللا ئەسلىدە بۇ سۆزى بىلەن ماتىتەي گەپ قىلمايدۇ ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە، ئابدۇقادىر داموللىنىمۇ خۇددى ئەھمەت كامالغا ئوخشاش، قەپەسكە سېلىپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى بىلىدۇ، دېگەننى ئەسلەتمەكچىدى، بىراق ئۇ، بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ، ئاساسىي مەقسەتنى چېچىلاڭغۇلاشتۇرۇپ، مۇددىئاسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ سەزمەستىن شۇنداق قىلىپ قويغىنىغا نارازى بولغان تاھىر داموللا كەيپىياتنى ئوڭشىماقچى بولدى - دە، غىلدىرەك داموللىنىڭ سۆزىنى كېسىپ:
— خۇدا ساقلىسۇن، خۇدا ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلسۇن!—

دېدى ئۇ قورقۇنچىدا تىترەك باسقان ئادەمدەك شۈركۈنۈپ.
— قورقمىسىلا! — دېدى بەدرەك مەخسۇم سۆز نۆۋىتىنى ئېلىپ، خۇدايىم ئۇنداق كۈنلەرنى سىلى بىلەن بىزدەك مۆمىن ئادەملەرنىڭ بېشىغا سالمايدۇ، ئاشۇنداق ئەھمەت كامالدەك ئادەملەرگە كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئانچەبەك قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق! داموللا ئابدۇقادىرنىمۇ شۇنداق قىلسا مەيلى ئەمەسمۇ، يۇرت تۈپرىقى تىنچاقايدۇ، ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن— سۇنىڭ ئېقىمى، تۈكنىڭ يېتىشى بىلەن ماڭىدۇ. شۇنداق بولسا ياخشىغۇ، ھەممىمىزگە ياخشىغۇ!
بەدرەك مەخسۇم يەنە سۆزلىمەكچىدى، مۇتىۋەللى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:
— تىتەي دېگەن ئويۇنچى ئادەم! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئاتايىن سوزۇلدۇرۇپ. كەيپىياتىنى يېڭى پەدىگە بۇراپ داۋام قىلدى، — ئۇ كىشى غەمسىز، ئەتىدىن - كەچكىچە تەتەي - خېنىملارنىڭ بېقىنىغا كىرىپ، كۆزىگە قاراپ، تىلىدا چېقىپ بەرگەن گازىرنى شوراپ ياتىدىغان ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك، قەشقەرنىڭ راھىتىگە چۆكۈۋالغان بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن نېمە كارى! — ئۇ سۆزنى يوغان يەردىن باشلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ چىرايىغا مەغرۇر تۈس ئېلىپ داۋام قىلدى، — بۇ ئىشنىڭ ئاچقۇچى شەھرىمىزنىڭ مۇتەسەددىسى بولغان ھەمراھبايدا. شۇ كىشى ئارىلاشمىغۇچە ھېچكىم بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. تىتەينىڭ قولىقىنى ئوڭغا بۇرىسىمۇ، سولغا بۇرىسىمۇ شۇ كىشى قىلالايدۇ، قانداق دېدىما؟
— جىڭ گەپ بولدى، — دېدى تاھىر داموللا دەرھال قوشۇلۇپ، — خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن زېمىننى بىر كۆك كالا

مۇڭگۇزىدە تۇتۇپ تۇرغاندەك، قەشقەرنىمۇ بىر ھەمراھىباي تۇتۇپ تۇرىدۇ ـ دە! ئەگەر شۇ كىنىشى قەشقەرنى ئوڭغا دىسە ئوڭغا، سولغا دىسە سولغا چۆگىلەيدۇ، شۇنداققۇ!

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق، باي ئانچىكىم قىمىرلاپ قويسا قەشقەردە يەر تەۋرەيدۇ! ــ غىلدىرەك داھوللىمۇ قاتاردىن قالغۇسى كەلمەي سۆز قوشتى، ــ ئەگەر باي قوشۇمىسىنى بىر تۈرۈپ قويسا، ئاسماننى شۇ زامان بۇلۇت قاپلاپ مۇز ياغىدۇ. چىرايىنى ئېچىپ قويسا، پارقىراپ كۈن چىقىدۇ. بۇ ئۇزۇندىن شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقان، بىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئىشلارغۇ!

ــ باينىڭ خەۋىرى باردۇ؟

ــ قەشقەردە يىلان كۆشىگەننى بىلىپ تۇرىدىغان باي بۇ ئىشنى بىلمەي قالارمۇ! بەلكى بىزدىن ياخشىراق بىلىدۇ، ــ بەدرەك مەخسۇممۇ سۆز قىستۇرۇپ قاتاردىن ئورۇن ئالدى، ــ مەن تېخى ئۇلۇشكۈنلا سالام بېرىپ چىقتىم. ئۇ ئادەمنىڭمۇ شەھىرىمىزدە بولۇۋاتقان بەزەن ئىشلارغا ئاچچىقى كېلىپ، ئۆتى تېشىپ تۇرۇپتۇ!

سۆھبەتكە بىر ئەخمەت مەزىنلا سۆز قاتمىدى، ئەمما بولۇنغان سۆزلەرگە زەن قويۇپ قۇلاق سالدى. سۆز ئورانىغا بېقىپ، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، ھەر خىل تۇسكە كىرەتتى: بەزىدە، غورا چاينىۋالغاندەك قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كېتەتتى؛ بەزىدە، قىزارغان كۆزلىرىدىن خۇددى قىزىل چىراغدەك قىپقىزىل ئوت چاقنايتتى؛ بەزىدە، قارام خىياللارغا چۆكۈپ، خۇددى يەر تىرەجەپ تۇرۇۋالغان قوتازدەك. قىمىر قىلماستىن يەر بېقىپ تۇراتتى؛ بەزىدە، تولغاق يەۋاتقان كالىدەك ئىڭ

جىقلاپ قوياتتى. گەپ ئابدۇقادىر داموللا ئۈستىدە توختالغاندا، چىرايى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتەتتى. كۆز ئالدىغا قازىخانا كېلەتتى، قۇلىقىدا ئۆزى توغرىسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم جاراڭلىغاندەك بولاتتى ـ دە، بېشى تۈگمەن تېشىدەك چۆگىلەپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى....

ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر كۆپ ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرستىۋاتقان نەرسە نېمە؟ «ئەزرائىل جان دېسە، بەش بالا نان» دەۋاتقان ئائىلىۋى قىيىن تۇرمۇش ئۇنىڭ چىرايىنى كۆپ ئۆزگەرتىۋاتقان ئامىل ھېسابلىنامدۇ!؟ بۇنىڭغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، بۇ ھەم مۇھىم بىر سەۋەب. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم يەنە قانداق ئامىللار بار؟ تەسەۋۋۇر يولىدا ئىشانغا قول بېرىپ، مۇرىت بولغان بىر ئىشچۇ؟! قارا گۇرۇھقا مۇرىت بولۇپ، سوپى بولغان ئىشقا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئەخمەت مەزىننىڭ ۋۇجۇدىدىكى تۇغما تەلۋىلىك قوشۇلسا، ئۇ تېخىمۇ دەھشەتلىك، ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىر خىل قارا كۈچ بولۇپ شەكىللەنمەمدۇ!؟ ئەنە، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا تەلۋىچۈك دەرياسىنىڭ سۈيىدەك قاپقارا تەلۋە قان ئويناپ يۈرمەكتە. تۇزلۇق قاپاقتىن تۇز، ياغلىق قاپاقتىن ياغ تېپىدۇ، دېگەندەك، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قارا قان ھە دېسىلا تېشىغا تېپىپ چىقىپ، ئۇنى قورقۇنچلۇق قاپقارا دىۋىدەك كۆرستىۋاتامدۇ!؟

سۆھبەت تېخى داۋاملاشماقتا:

— بۇ دەھرى داموللا ھالىغا باقماي، تېخى بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىمىزغىمۇ تىل تەگكۈزۈپ سۆكىدىكەن! — دېدى قاسىم مۇتىۋەللى سۆز تېمىسىنى يۆتكەپ. ئۇ بۇ سۆزنى قىلغان-

دا نېمە ئۈچۈندۇر چوڭقۇر، ئوتلۇق چۆكمە كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىتىپ، بۇيانقىلارغا تەكشى قاراپ داۋام قىلدى، — جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنىۋىسى»، ئىمام رەببانىنىڭ «مەكتۇباتى»، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەپاھاتى»دەك مۇقەددەس كىتابلارغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ، بۇ كىتابلار خەلقنى زەھەرلەيدۇ، دەپتۇ!

— راست گەپ! — تاھىر داموللا تاقەتسىزلىك بىلەن سۆز نۆۋىتى ئېلىپ سۆزگە كىرىشتى، — دەھرى دامولللا بىر قانچە سورۇندا ئاشۇنداق لاۋزا گەپلەرنى سۆزلىگەنلىكىنى سوپىلار ئاڭلاپ قېلىپ، بۇ مۇرتەد ئادەمنى شۇ يەردىلا جايلاپ تاشلايمىز، دېيىشكەنلەرمۇ بوپتۇ، بۇ ئىش ھازىر سەل - پەل بېسىلىپ قالدى. بىر سوپى مەندىن «مۇرتەت بولغان ئادەمنى ئۆلتۈرسە گۇناھ بولامدۇ - يوق؟» دەپ سوراپ كىرىپتىكەن، مىرا قۇل دامولىلدىن سوراڭلار، دەپ يولغا سېلىۋەتتىم!

ئەخمەت مەزىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىلەشتى. ئۇنىڭ قىزارغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىردەم بۇنىڭ ئاغزىغا، بىردەم ئۇنىڭ كۆزىگە قارايتتى، ئەلپازىدىن، قانداقتۇر بىر خۇنلۇق ئىشقا تەۋەككۈل قىلىۋاتقاندەك خۇنخورلۇق چىقىپ تۇراتتى....

شۇ كۈنكى سۆھبەت خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. چىددىيغانلار بىلەن پايلىمىغانلار جەم بولۇپ، ھال - مۇڭ تۆكۈشتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئىچ - قارنىنى بوشاتماقچى بولۇشقاندى. ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىر دەردكە مۇپتىلا بولۇشتى. ئۇلار بۇ شىكايەت، پىتنە - پاسات داستىخىنىدىن يېتەرلىك ئوزۇقلىنىپ، ھەر كىم ئۆز كۆڭلىگە يارىشا قارا كۈچ توپلىغاندەك بولۇشتى. قانداقتۇر قارىملىق، تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتەك، پاسىق يوللارنى تاپقاندەك بولۇشتى.

## ئون ئىككىنچى باب

# لاچىن دىۋانە ۋە ھەمراھباي

ئۆزگىنى بېھىشتىن كىمكى بولسا شاد،
ئۇنى بۆرە دېگىن، دېمە ئادەمزات.
(خۇسراۋ دىھلەۋى)

بايلارنىڭ ياتقۇسى كەلمەس، يالاڭتۆشنىڭ قوپقۇسى، دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. ئەل ئىچىدىكى بۇ سۆز ئۇزۇن يىللار سىناقتىن ئۆتۈپ، تاۋلىنىپ پىشقان كەڭ مەنىگە ئىگە سۆز. ئاددىيلاشتۇرۇلغاندا، بايلارنىڭ غېمى تولا، بېيىش ئارزۇسى چەكسىز، خاتىرجەم ياتالمايدۇ. ۋەھالەنكى، يوقسۇلنىڭ بىر قېتىم قورسىقى تويسىلا خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ، دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ.

بايلارنىڭ ياتالماسلىقى تۇرغان گەپ، چۈنكى، ئۇلار باي، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، دۇنيا ـ دەپىنە خوجىسى، ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئۆز بايلىقىنىڭ كويىدا بولىدۇ،

غەم قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز بايلىقىنىڭ تۇختام سۇدەك تۇختاپ، بىر سەۋىيىدە تۇرۇشىنى ھەرگىز خالىماي-دۇ. پۇلنى - پۇل تاپىدۇ، دەيدىغان تىجارەت ئەقىدىسىگە بويسۇنۇپ، سەرمايىسىنى شۇك ياتقۇزمايدۇ. كۆپەيتىش ئارزۇ-سىدا دائىم ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ھىندىستانغا، شەمەيگە مال ئەۋەتىدۇ. يولدا زىيان - زەخمەتكە، ئوغرى - قاراقچىغا ئۇچرىماي، تىنچ - ئامان يەتكەنمىدۇ، دەپ غەم قىلىدۇ. كۆپ-رەك پايدا بولسا ئىكەن، دەپ خۇدادىن تىلەپ، دۇرۇت ئوقۇي-دۇ. ئىسكىلاتقا ئوغرى تەگمىگەندۇ، ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق قالمىغاندۇ، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، دەپ كېچىسى تۈ-زۈك ئۇيقۇ تاپالمايدۇ. باشقا بايلاردىن ئارقىدا قالمىسام، ھەممىنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرسام... قانچە يەرگە ئۆي - ئىمارەت سالسام، باغ - ھويلا، ئايۋانلار قۇرسام، رەستىگە دۇكان ئېلىپ، تىجارە قويسام.... سېتىلىدىغان قورۇ - جاي، يەر - زېمىن بولسا قىممەتكە ئەمەس، ئەرزان سېتىۋالسام، بۇنىڭ ھەممىسى ئالتۇن قوزۇق، تىللا مېۋىلەيدىغان دەرەخ!... ئادەملىرىم قانداق ئىشلەۋاتىدىكىن، ماڭا خىيانەت قىلمىغان-دۇ.... ھېساباتىم دەپتەرلىرى ئېنىق - پەس بولغاندىمۇ؟!.. كىشىنى خاتىرجەم قىلمايدىغان بۇ خىل دەككە - دۈككە ھەم ۋەسۋەسىلەر بىر ۋاقىتتا ياكى نۆۋەت بىلەن باينىڭ كاللىسىدا دەۋر قىلىپ، بىردەممۇ خاتىرجەم قىلمايدۇ!

«باي - بايغا يېتەي دېسە، باي قويۇپ خۇداغا يېتەي دەيدۇ.» دېگەندەك بىر سۆزمۇ بار. بۇ ھەم كۆپ يىللىق سىناق-لاردىن ئۆتكەن ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، مەنە جەھەتتە، باي-لارنىڭ بايلىق كۆپەيتىش ئارزۇسى چەكسىز بولىدىغانلىقىنى

ئىسپاتلايدۇ. بىپىش ئارزۇسىنىڭ چەكسىزلىكى بايلارنىڭ كاللىسىنى ئايىنىتىپ، ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ. ئۇلار پۇل كۆپەيتىش ئارزۇسىدا نورمال ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى بۇزۇپ ئىنكار قىلىدۇ. تاپتىن چىقىپ، ئاچكۆز زومىگەرگە ئايلىنىدۇ. ئۆز كەسپىگە زومىگەرلىك، رەھىمسىزلىك، قۇۋلۇق - شۇملۇق، يۈزسىزلىك، كاززاپ - ساختىپەزلىك ۋە يەنە ئاللىقانداق ئەسكىلىكلەرنى قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ. گەرچە بۇ ئەسكىلىكلەر نورمال ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، بۇزۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇلار بىر تەرەپتىن، بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇل - مال كۆپەيتىشنىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە شەيتانىي خىياللارنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا، بىلگەننى - بىلمەسكە، كۆرگەننى - كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق بىلەن ئەسكىلىك قىلىۋېرىدۇ، قىسقىسى، چېكىدىن ئاشقان بايلىق ئارزۇسى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، كۈندىلىك مۇئامىلىدە ھەر خىل ئەسكىلىكلەرنى كەسىپ قىلىپ، ناھەقتىن - ناھەق ئىشلارنى قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى قانداقمۇ تىنچ ۋە خاتىرجەم بولالىسۇن!

«كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى، بىر پادىشاھ بولغىنى.» مەيلى ئۇ مەدىكار، ھامال، تامچى، ياغاچچى، موزدۇز، تىكىمچى بولسۇن، نورمال ئىجتىمائىي ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە ئىشلىگەن كۈندىلىك ئىشقا يارىشا تاپقان كىرىمى بىلەن شۇ كۈنلۈك تۇرمۇشنى تەمىن ئەتكىنى ئۇنىڭ پادىشاھدىن ئارتۇق راھەت كۆرگىنى! ئۇلار شۇ كۈنى شۇنداق خاتىرجەم ئۇخلايدۇكى، ئەتىنىڭ غېمى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ،

دىمەك، مەنسۇى جەھەتتە، شۈكرى ـ قانائەت، كەسپىي جەھەتتە، ھالاللىقتىن ئىبارەت زور بايلىققا ئىگە بۇ كىشىلەردە تىلغا ئالغۇدەك يەنە قانداق غەم بولسۇن!

ھەمراھباي بامداتتىن يېنىپ، ئادىتى بويىچە بىر ئاز ۋاقىت دۇرۇت ئوقۇدى، ئۇ تەسۋى تۇتمايتتى. ئادەتتە، بارماق قوللىرىنىڭ بوغۇمىنى ساناپ دۇرۇت ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇ ھازىر ناھايىتى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. چەتتىن قارىغان كىشىگىمۇ جاھاندىكى بىردىنبىر خاتىرجەم ئادەمدەك بىلىنەتتى.

ئۆينىڭ پۈزۈرلۈقىغا قاراڭلار! ئاستى ـ ئۈستى تاختاي ـ لىق، تاش سىردا سىرلانغان، تاملىرى گەج سۇۋاق بولۇپ، تام ـ تورۇسلارغا مىمارچىلىقتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نەپىس نۇسخىلار رەڭدار نەقىش قىلىنغان، ئۆي قىپقىزىل زىلچە ـ گىلەم بىلەن پۈركەنگەن، تام ياقىلىتىپ بەقەسەم كۆرپىلەر سېلىنغان، تاش ئەينەكلىك دېرىزىلەردىن كۈن نۇرى يېتەرلىك چۈشۈپ تۇرغان مۇنداق شاھانە مېھمانخانىدا غەم ـ قايغۇغا قانداقمۇ ئورۇن بولسۇن! ھەممىدىن مۇھىمى، ھەمراھ ـ باينىڭ يامبۇسىنىڭ كۆپلۈكىدىن تىزسا ئۆرۈمچىگە يېتەرئىمىش، دەيدىغان شۆھرىتى ئىدى. بۇ ئاز بايلىقمۇ؟ ئەمدى يەنە قان ـ داق غەم بولسۇن!؟

دەھلىزدە قەدىناس خېنىمىنىڭ زىلۋا بويى كۆرۈندى. ئۇ، بايغا ناشتىلىق چاي بېرىش ئۈچۈن داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى. ئائىلىۋى ئەدەب ـ قائىدىگە مۇكەممەل توشقان بۇ خېنىم يۇمشاق گىلەملەر ئۈستىدە ھېچقانداق شەپە چىقارماس ـ تىن، شامالدەك يېنىك ۋە سىپىلىق مېڭىپ كىردى ـ دە، چىرايىغا

ئالاھىدە خۇشخۇي تۇس ئېلىپ ئەھۋال سورىدى:

— تىڭ قوپۇپسىلىما؟ — خېنىمنىڭ بىجىرىم جانان چىنىسىدەك جاراڭلىق ئاۋازى مېھمانخانىنى خۇددى مۇزىكا زالىدەك جاراڭلىتىۋەتتى.

دۇرۇت ساۋابىنىڭ لەززىتىدىن بىھوش بولغانىدەك يەر بېقىپ ئولتۇرغان باي بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، قەددىنىسىغا يىللىق قارىدى، ئاغزى هامان شاكال قېسىپ مېغىز يەۋاتقان چاشقاننىڭ ئاغزىدەك مىدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ دۇرۇت ئوقۇشنى توختاتماستىن، سۆز بىلەن ئەمەس، كۆز بىلەن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. چېچەن خېنىم بۇنى چۈشەندى ـ دە، بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىرايلىقلىقىنا كۈلۈمسىرەپ كېلىپ، باينىڭ ئالدىغا داستىخان قويۇپ ئارقىغا ياندى. بۇ شاھانە ئۆيدىكى تەرتىپ ئەنە شۇنداق سىيلىق ۋە لاتاپەتلىك بولاتتى.

خېنىم ئىككىنچى قېتىمدا، گۈللۈك پەتنۇسقا ھەر خىل مېغىز، قەنت ـ گېزەك تەخسىلىرى ۋە ھەسەل ـ مۇراببا قاچىلىرىنى رەتلىك تىزىپ كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ئاستا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، داستىخاننى ياپىغانىدىن كېيىن، ھەممىنى جاي ـ جايىغا تىزىپ توقاچ سۇندۇردى. قەلەمپۈر ھىدى پۇرقۇپ تۇرغان چاينى نىكولاينىڭ ئالتۇن ھەللىك پىيالىسىگە قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن بايغا سۇندى. بۇ ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

— بىرى كەلمىگەندۇ؟ — سورىدى باي قايماق چاي كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كېتىۋاتقان خېنىمنى توختىتىپ.

— تىڭلىققۇ! — بوسۇغىدا توختىغان خېنىم بۇرۇلۇپ جاۋاب بەردى.



AltunOq

— ناۋادا، بىرەرى كېلىپ قالسا بىردەم ساقلاپ تۇرار، ئىشىكچىگە ئېيتىپ قويۇرلا!

— ناشتىدا مېھمان كەلسە، سىلىدىن بەكرەك مەن پاراكەندە بولىمەن تېخى! — خېنىم چىقىپ كەتتى. بۇ سۆز باينىڭ مىجەزىگە خوپ كېلىدىغان كونا سۆزلەردىن ئىدى، چۈنكى، ھەمراھباي يالغۇز تاماقلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. مېھمان چاقىرغاندىن باشقا چاغلاردا داستىخان ئۈستىگە سىرتتىن ئادەم كېلىپ قالسا، گويا باينىڭ ئۆزىنى يېگىلى كەلگەندەك خۇيلىنىپ كېتەتتى. خېنىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باي ئىككى ئوتلام چاي ئىچىپ، بىر بۇردا نان چىشلىدى.

ئۇ ساغلام چىشلىرىدا غىرىس ـ غىرىس نان چايناۋېتىپ، بىردىنلا ئابدۇقادىر داموللىنى ئويلاپ قالدى: باشقا ئىشلارنى ئاز دېگەندەك، بۇ دەھرى بېشىمغا بالا بولغىلى تۇردى، — دېدى ئۇ خىيالىنىڭ بېشىدىلا ئاچچىق يۇتۇپ. ئاغزىدىكى ناننى غۇرت قىلىپ يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، — بىرىنچى قېتىمدىكى زەربە بوشراق بولۇپ قاپتىكەن ـ دە! شۇڭا ئۇ، ساۋاق ئالماستىن، كېيىلا يەنە شىلتىڭ ئاتقىلى تۇردى، قېنى كۆرەرمىز، قانچىلىك شىلتىڭ ئاتالايدىكىن! موزاينىڭ يۇگۇرۇشى ساماننىڭقىچە دەپتىكەن، قېنى! ... بۇ دەھرىنى قاماققا ئالدۇرسام قانداق بولار؟ ئىش يوغىناپ كېتەرمۇ؟ بۇنىڭ كەينىدە بىر توپ ئادەم بار، ئويلاپراق ئىش كۆرمەي بولماس! ... ياكى ئەپلەپ تۇرۇپ باشقا يۇرتلارغا كەتكۈزسەكچۇ! ئۆزى قەشقەرلىك بولغان ئادەمنى قانداق كەتكۈزگىلى بولسۇن! ئەھمەت كامالغا ئوخ‐

شاشمايدۇ ـ دە! بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق يول بار؟ قەست قىلىش كېرەكمۇ؟ ئۆلتۈرۈۋېتىش قانداق بولار!؟ خىيال بۇ يەرگە كەلگەندە تېنى جۇغىدە سىيرقىراپ، كۆزى قاراڭغۇلاشقانـ دەك، يۈرىكى ئېغىۋاتقاندەك بولدى. خېنىم چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى بۇ ئېغىر ئازابتىن قۇتۇلدۇردى. خۇداغا شۈكرى، باي مۇدھىش خىياللار ئىچىدىن قۇتۇلۇپ، ئالدىغا كەلگەن چايغا قول ئۇزارتتى....

باي شەھەرگە كىرىشكە تەييارلاندى. ئۇنى شەھەردە نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى. بۈگۈنكى ئىشلار توغرىسىدا قول ئاستىدىكىلەرگە ۋەزىيە تاپشۇرۇش كېرەك، بۇ ھەممىدىن مۇھىم ئىش!

ئۇ ئات ساقلاپ ھويلىسىدا تۇرغان پەيتتە، ھەزرەتنىڭ شەيخى كېرىم شەيخ ئاخۇنۇم سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — باي ئوچۇق كۆڭۈل قوبۇل قىلىپ، ئايۋانچىدىكى بىساتقا تەكلىپ قىلدى. ئوتتۇرا بوي، توغرا تەمبەل، يوغان قورساق، سېمىز كەلگەن شەيخ خىرقىراپ، ئىرغاڭلاپ بېرىپ بىساتتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئاخىردا: شەھىرىمىزنىڭ مۇتسەددە تۈۋرۈكى، پېشىۋاسى، قەشقەرنىڭ ھاـ تىمى جانابىي باي ئالىيلىرىنى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئۆز پاناـ ھىدا ساقلىسۇن! دەپ دۇئانى تاماملىغان شەيخ يەردىن بېـ شىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپلا داد ئېيتىشقا باشلىدى:

— شەھىرىمىزدە پىتنە ـ پاسات ئۇلغايدى، دەھرىلىك شاـ ماللىرى باغلىرىمىزنى ۋاقىتسىز خازان قىلىشقا باشلىدى، شەيتانىي ۋەسۋەسە كۈچەيدى. گۇرۇھ ـ گۇرۇھ كىشىلەر يولدىن

چىقماقتا، خەلقنى ئويغىتىش خەۋپلىكتۇر، ھەممە بالا ـ قازا دەھرىلىكتىن، جەدىتلىكتىن كېلىۇر. بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتمەيلى، دەپ كېچە ـ كۈندۈز غەم قىلماقتىمەن! جىمىكى پىتنە ـ پاسات، ئەغۋالار دەھرى داموللا ئابدۇقادىردىن بولماقتا، ھوشيار بولماق كېرەك! ئۆزلىرى شەھرىمىزنىڭ پېشىۋاسى، مۇتەسەددە تۈۋرۈكى، ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى، ئۆزلىرى قول سېلىپ، بىزگە ئىگە بولمىسىلىرى بىز ئاجىزدۇرمىز، خۇدا ھەققى ئاجىزدۇرمىز. يېقىندا، بۇ دەھرى داموللا بىزگە بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتتە ھەزرىتى ئاپئاقنىڭ ئەۋقاپكىرىملىرىگەچاڭ سېلىپ، بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ بېرىڭلار، دېيىلگەن. بۇ نېمىدېگەن ئىنساپسىزلىق! ھېچكىم ۋە ھېچقانداق پادىشاھمۇ مۇنداق يولسىز تەلەپنى قىلمىغان، ئەپسۇسكى، بۇ دەھرى ئاغزىنى بۇزۇپ، قاپتەك ئېچىپتۇ. مازار ـ ماشايىخلارنىڭ ئەۋقاپ كىرىمى ئۆزىنىڭ ـ ئۆزىگە ئاران يېتىدۇ. تەقسىر! يىلىغا قانچە پاتمان چىراغ يېغى سەرپ بولىدۇ، يىقىلغان، بۇزۇلغان يەرلىرى ئىسلاھ قىلىنىدۇ. دۇئا ـ تىلاۋەت، نەزىر ـ نۇزۇرەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ. يىلدا نەچچە قېتىم قازان قاينىتىلىدۇ.... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق قول بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بېشىمىز قاتتى، تاقىتىمىز تۈگىدى، تەقسىر! بېشىمىزنى ئۆزلىرى ئوڭشاپ قويمىسىلا بىز چارىسىز قالدۇق!

شەيخ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن داد ئېيتقاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ بايغا قاراپ جاۋاب كۈتتى. ھەزرەتتىكى شەيخ، مۇتىۋەللىلەر ھەمراھباينىڭ ئەڭ ئىس

شەنچلىك ئارقا تىرىكى ئىدى، شۇڭا شەيخنىڭ ئەرزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، جاۋاب قايتۇرماي بولمايتتى:

— ئەجەب يوغان گەپقۇ بۇ! بىز تېخى خەۋەر تاپماپتۇ-مىز! — دېدى باي تەئەددىيلىك بىلەن ساقىلىنى تاراشلاپ تۇ-رۇپ. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ چـايانـدەك سارغىيىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي، زەھەرخەندىلىك بىلـەن كۈ-لۈمسىرەپ داۋام قىلدى، — غەم قىلىشمايلى، غەم قىلىپ ئاۋارە بولغانغا تۇشلۇق ئىش يوق، ھەممە ئىش خۇدانىڭ تەقدىرىگە باغلىق، لېكىن، مۇنداق چوڭ ئىشلار بىزنىڭ قەشقەردە بىز بى-لەن بىمەسلىھەت ۋۇجۇدقا چىقماسمىكىن! داموللا ئابدۇقـادىـر سەل - پەل يوغانراق يۆتىلىپ قويۇپتۇ. ئاۋۋالەن خۇدا، قالسا ھەرقايسىلىرىدەك سەيتزادە، ۋەلىزادە، شەيخزادىلەرنىڭ ئىجا-ۋەتلىك دۇئالىرى بەرىكىتىدە ئابدۇقادىرنىڭ ئىشلىرى ۋۇجۇد-قا چىقماس!

— خۇدا رەھمەت قىلغاي! ھىممەتلىرىگە پەرۋەردىگارىم مەدەتكار بولغاي! — دېـدى شەيـخ دەرھال قولىنى دۇئاغـا كۆتۈرۈپ.

دۇئادىن كېيىن، شەيخ ئورنىدىن تۇرۇپ خوش ئېيتتى. باي ئۇنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆللۈككە قەدەر ئۇزىتىپ قويدى.

ئاش ۋاقتى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ شەھەرگـە ئالـدى-رايتتى، ئات تەييار بولدىمىكىن، دېگەندەك خىيال بىلەن دەر-ۋازا تەرەپكە بۇرۇلۇشىغا، ئات باقار ئىگەرلەنگەن چىلان تو-رۇقنى يېتەكلەپ كىرىپ كەلدى. باي ئاتلـىنـىپ شەھـەرگـە ماڭدى.

دەرۋازىدىن چىقىپ ئوڭ قولغا بۇرۇلىدىغان توپىلىق يېزا يولىنىڭ غەربىي تەرىپى باشتىن-ئاياغقىچە ھەمراھباينىڭ ھەشەمەتلىك باغ-ھويلىسى ئىدى. ئېگىز ئەنجان تاملىرى قەلئەدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئېگىز تام ئۈستىگە مۈشۈكمۇ سۆڭگۈپ ئۆتەلمىگۈدەك، زىچلاپ شوخا سانجىلغانىدى. باغ-ھويلا، ئۆي-ئىمارەتنى مۇنداق پۇختا مۆڭگۈزدەك مۇستەھكەم قورۇق تام بىلەن ساقلاش ھەرقانداق كىشىنى قانائەتلەندۈرەتتى، ھەمراھباي قورۇق تامغا قاراپ: «مېنىڭ تېمىمدىن قاناتلىق ئوغرى بولسىمۇ ھالقىپ چۈشەلمەس! — دەپ شۈكۈرلىدى، بۇنىڭ ئارقىدىنلا كۆڭلىگە، — ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، جېنىمنى ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىلمۇ چۈشەلمەس!» دېگەننى كەچۈردى.

كوچىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كەمبەغەللەر بىلەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ پارچە-پارچە كىچىك باغ-ھويلىلىرى، پاكار، ئىسكەتسىز قورۇق تاملار باينىڭ سۆلەتلىك تاملىرى ئالدىدا مانا مەن، دەپ چېنىپ تۇراتتى. چاڭ-توپا باسقان ئۈجمە يوپۇرماقلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرغان كۆركەمسىز توپا ئۆيلەر باينىڭ ھەشەمەتلىك خىش بىناسى ئالدىدا، خۇددى بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا تۈلكە جۇۋا كىيگەن باينىڭ يېنىدا ئۇچىسىغا تاقىر جۇۋا، بېشىغا ئات تۇماق كىيگەن بىر كەمبەغەلنىڭ شۈمشەرەپ تۇرغىنىدەك بىر مەنزىرىنى ھېس قىلدۇراتتى.

«ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك، دىۋانە چىراي ئەسكى تاملىق ئۆيلەر بولمىسا، مېنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆيلىرىم قانداق نامايان بولسۇن! بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى. مۇنداق ئەسكى ئۆيلەر قانچە كۆپەيسە شۇنچە ياخشى!» ھەمراھباي كوچا بويى-



AltunOq

لاپ كېتىۋېتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئېچىش ئارىلىقىدا بۇ خىيال-
لارنى قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئۇ تەرەپتىن لاچىن دىۋانە كۆرۈندى، ئۇ بايغا قارشى
كېلىۋاتاتتى. ھەمراھباي بۇ دىۋانىنى ئۇزۇندىن بىلەتتى.
ئەكسىچە، لاچىن دىۋانىمۇ باينىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ،
ھازىرغىچە بولغان ئەھۋاللارنى ئېنىق بىلەتتى.

«40 - 50 يىل نېمىدېگەن ئۇزۇن - ھە!» ھەمراھباي-
نىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لاچىن دىۋانىنىڭ كاللىسىدا
چاقماقتەك پەيدا بولغان بۇ خىيال ئۇنى ئۇزۇن ئۆتمۈشكە
باشلاپ كەتكەنىدى: «بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن، گۈگۈت سېتىپ
يۈرگەن بىر بالا بۈگۈن كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىدىغان چوڭ
بايلاردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، 40 - 50 يىل
ئىلگىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان چوڭ بايلار بۈگۈن ۋەيران
بولۇپ، ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، تاملىرى غۇلاپ، بالىلىرى دىۋانە
بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بايلىق دېگەن ئەنە شۇنداق ۋاپا-
سىز، خۇددى قىمارۋازنىڭ تاۋاكاسىدىكى پۇلغا ئوخشاش، بىر-
دەم ئۇنىڭ قولىغا، بىردەم بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ دەۋر قىلىپ
يۈرىدىغان ۋاپاسىز نەرسىكى، ئۇنى ھېچكىممۇ مەڭگۈلۈك
مۈلۈككە ئايلاندۇرالمايدۇ. يەيمەن دەپ يەپ كېتەلمەيدۇ،
ئۆلسە گۆرىگە ئەكېتەلمەيدۇ! بايلىق ئاشۇنداق ھەممىنى
قىزىقتۇرىدىغان، ھەممە كىشىنى بىھوش قىلىدىغان، ھەممىنى
ئويىنىتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىدىن قالىدىغان، ئۈزلۈكسىز
دومىلاپ بىر يەردە جىم تۇرالمايدىغان شەيتان!» ھەمراھباي
روبىروسىغا كەلگۈچە لاچىن دىۋانە شۇنچە نۇرغۇن خىياللارنى
قىلىپ بولغانىدى.

ھەمراھبا يمۇ قۇرۇق كەلمدى: ساراڭنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق، دېگىنى راست ـ دە! قورسىقىنى باقالماي يۈرۈپ، لاچىن كۆتۈرۈۋالغىنى نېمىسى!؟ ئاڭلىسام، بۇ دىۋانە لاچىننى گۆش بىلەن باقارئىمىش، ئۇنداق قىلغۇچە تاپقان گۆشنى قورسىقىغا يېسىچۇ! كۈلەلمەيدىغىنىڭغا ھىجايىما، يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن، دېگەندەك، ھالىغا بېقىپ ئىش كۆرمەي، لاچىن كۆتۈرۈشـ نى كىم قويىدى ئۇنىڭغا؟! ۋاي بىچارە، ھالىغا باقمىغان شۇم قۇش! ... يېقىنلاپ كەلسۇنچۇ، قېنى، كېلىشتۈرۈپ بىر مەسخىرە قىلاي! كۆڭلىدىن شۇ خىياللارنى كەچۈرگەن باي لاچىن دىۋانە ئۇدۇل كەلگەندە چېقىلدى:

— ئاشىق... قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

— خۇش غوجام، لاچىن! — دېدى دىۋانە ئات ئۈستىدە تۇرغان باينىڭ كۆزىگە ئوقتەك قادىلىپ قاراپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر غالىبلىق ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— قورسىقىغا نېمە يەيدۇ؟

— نېمە يەيدۇ دەملا؟

— ھا... ئاڭلىسام، گۆش بىلەن باقىدۇ، دەيدۇ، شۇنـ داقمۇ؟ — مەسخىرە ئارىلاش كۈلگەن باي «خىڭ» قىلىپ دىـ مىغىنى قېقىپ قويىدى.

— تولا ئادەم ئىچىنى ئاغرىتىپ شۇنداق دېيىشىدۇ، لېـ كىنزە، ھەر جانىنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن بىللە بولغاندەك، بۇـ نىڭمۇ رىزقى كېمىيىپ قالمايدۇ. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى سېخىيـ لارنىڭ گۆشىنى، بېخىللارنىڭ يۈرىكىنى يەپ ئوبدان كېتىۋاـ تىدۇ، تەقسىر! — دېدى دىۋانە غالىبلارچە كۈلۈپ.

هەمراھباي غىققىدە بولدى، چاقچاققا تويغاندەك قىلاتتى. مۇشۇ سالاپىتىم بىلەن دىۋانىگە چاقچاق قىلىشىدىنى كىم قويىدى، ئۆزۈمنىڭ شورى، دېدى - دە، قاپاقلىرى سېلىنىپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى....

باي كەتكەندىن كېيىن، لاچىن دىۋانە قولىدىكى لاچىنغا قاراپ:

ئامىتىڭ كەلسە ئەگەر ئون شاپتۇلۇڭ ئون قاق بولۇر،
ئامىتىڭ كەتسە ئەگەر ئون شاپتۇلۇڭ بىر قاق بولۇر،
ئوتتۇرىسىنى ھەرە يەپ چۈرىسى قاسقان بولۇر....

ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ بوغۇلداپ يىراقلاپ كەتتى.

......

جەڭدە مەغلۇپ بولغان سەركەردە ئوردىسىغا قانداق مەيۈس قايتقان بولسا، لاچىن دىۋانىدىن ئازار يېگەن ھەمراھبايمۇ شەھەرگە شۇنداق قايتتى. دىۋانىنىڭ بىر سۆزى «بېخىلنىڭ يۈرىكىنى يەيدۇ.» دېگىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ قالغانىدى. بۇ سۆز يول بويى خۇددى زەھەرلىك خەنجەردەك ئازاب سالدى. ئۆزىنىڭ بېخىل ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئەمما ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى بىلىدىغان بۇ باي بۇ سۆزنىڭ ئازابى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى ئاغرىپ، بىئارام بولغان ھالدا، شەھەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

ئات شەھەردىكى ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغاندىلا، ئېسىگە كەلگەن باي ئاتتىن چۈشتى - دە، چۇلۋۇرىنى چاكارغا

تۇتقۇزۇپ، كانتورغا كىردى. كانتوردا ئىش بېجىرگۈچى مامۇتـ
بېگىم ۋە بىرنەچچە بوغالتىر، ھېسابـچىلار خۇددى ئىپتىكاپتا
ئولتۇرغان زاھىتلاردەك، باش كۆتۈرمەي، ھېساب ـ كىتاب قىـ
لىپ، چوت سوقۇپ ئولتۇراتتى.

— قانداقراق، بۈگۈن نېمە بولدى؟ — دېـدى ئۇ كانـ
تورغا كىرىپلا مـامۇتبەگكە جىـددىي سوئال نـەزەرى بىـلەن
قاراپ.

ئۇنىڭ بۇ سوئال نەزەرىدە، مـامۇتبەگنى «نېمە ئۈچۈن
بۈگۈن ئەتىگەنلىكتەيوليورۇق سوراپ سالامغا بارمىدىڭ.»دەيـ
دىغان ئەيىبلەش ۋە ئاچچىقلاشتەك مەنە بار ئىدى. مامۇتبەگ
ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تەمكىن قىياپەتتە ئاستا جاۋاب بەردى:

— ئەتىـگەن ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئابدۇكـېرىم بىلەن
ئانىسى تاجىگۈل خېنىم يولۇمنى توستى، يەنە بىرنەچچە مەـ
ھەللە ئـاقساقـاللىرىمۇ بىللە كېلىشكەنـىكەن. شـۇلار بىلەن
سۆزلىشىمەن، دەپ، سالامغا بارالماي قالدىم. ئـۇلارنى تېخى
سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىلا يولغا سالدىم. — دېدى ئۇ بۈگۈن ساـ
لامغا بارالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ.

— نېمە دەيدىكەن ئۇلار؟

— يەنە ئۈچ ئاي رەھىم قىلىپ توختاپ بەرسە، دەيدۇ.

— سودىدىن يېنىۋاپتۇمۇ؟

— يېنىۋالدىغان گەپنى قىلمىدى،ئەمما بىللە كەلگەن
شەھەر ئاقساقاللىرى يالۋۇرۇپ سالا قىلىشتى.

— ئۇلار نېمە دەيدىكەن!

— يەنە بىرنەچچـە ۋاقىت توختاپ بەرسە، ئىـلاجىىنى
قىلساق، دەيدۇ.

— يەنىچۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ ئۆيۋاقىنى ساتتۇرۇپ، ماكانسىز قىلىۋېتىش ياخشى بولماسمىكىن، دېيىشتى.

— ھىم!... — باينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاچچىق دورا ئىچكەن ئاغرىقنىڭ چىرايىدىنمۇ بەتتەررەك تۇتۇلغانىدى.

بۇ ئىش ھەمراھباي ئۇزۇندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ئىدى، ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقسا، باي ئۈچۈن نۇر ئۈستىگە نۇر بولاتتى، ئەپسۇسكى، كاجلاشقاندەك، بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق كاشىلا چىقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن باينىڭ چىرايى تۇتۇلغانىدى.

ئەسلىدە، ھەمراھباينىڭ رەستىدىكى دۇكان - ئۆيلىرى يېنىدا ئابدۇكېرىم ئىسىملىك بىر بالىنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئاتا مىراس دۇكان - ئۆيى بار ئىدى. ھەمراھباي مەزكۇر دۇكان - ئۆيلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئانچە - مۇنچە رېمونت قىلىپلا، بۇيانقى دۇكانلىرىغا ئوخشاش تىللا مېۋىلەيدىغان مېۋىلىك دۇكانغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى ئۇزۇندىن كۆزلەپ كېلەتتى. بەختكە يارىشا، ئابدۇكېرىمنىڭ ئاتىسى ئۆلدى، ھازىدار چاغدا بىرئاز قەرزدار بولۇپ قالغان ئابدۇكېرىمگە باينىڭ رەھىم قىلغۇسى كېلىپ قالدى - دە، ئىسكىلاتتىن 100 تەڭگىلىك مال بېرىپ، تىجارەت يولى بىلەن قەرزدىن قۇتۇلۇشقا يول كۆرسەتتى، نەتىجىدە، بايدىن ئالغان مال ئۆتمەس ماتادەك سېتىلماي زىيان قىلىپ، ئىلگىرىكى قەرزنى تۆلەشنىڭ ئورنىغا، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دېگەندەك، بايغا قەرزدار بولۇپ قالدى. ئايلار قاتلىنىپ يىل ئۆتتى. باينىڭ ئادەملىرى قەرزنى



AltunOq

قىستاشقا باشلىدى. ئامالسىز قالغان ئابدۇكېرىم ئاجىر دۇ-
كان - ئۆيىنى ساتماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئانىسى سېتىشقا رازى
بولمايتتى. قولۇم - قوشنىلارمۇ ساتماسلىققا سالا قىلىپ، پۇل
راسلاپ،قەرزنى ئۈزۈشكە ئەقىل كۆرسەتتى. تاجىگۈل خېنىم سەھ-
رادىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن پەيغەمبەر ئۆتىنىسى قىلىپ،
پۇل تېپىپ كەلمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق ۋاقىت
كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن، تاجىگۈل خېنىم بىرنەچچە ئاقساقال
پېشىۋالارنى باشلاپ، باينىڭ ئالدىغا رەھىم قىلىپ، يەنە ئاز-
راق ۋاقىت توختاپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپ كېلىشكەنىدى. ئۇ-
لارنىڭ كەلگەنلىكى دەل شۇ سودىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك
بېرەتتى. بۇنى سەزگەن باينىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ
كەتتى. ئۇ ئاچچىق بىلەن «ھىم» دەپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، بىردىنلا قايناپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ماڭا پۇل كېرەك! مەن پۇل بىلەن ئۆرە تۇرىدىغان
ئادەم، پۇل كېرەك! — دېدى ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن شالنى
چېچىپ، ئۇنىڭ چىرايلىرى غەزەپتىن ئاقىرىپ، لەۋلىرى
تىترەيتتى، ئۇنىڭ ئاچچىق ئاۋازىدىن دەپتەر كۆرۈۋاتقان
بوغالتىرلارمۇ چۆچۈپ كەتكەنىدى، — ئۇنداق سالاپەر
ئاقساقاللارغا ئېيتىپ قويۇڭلار: يېگەن نېنىم بەدىنىمگە سىڭ-
سۇن، مورامدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرسۇن دېسە، مېنىڭ
ئىشىمغا ئارىلاشمىسۇن! ماڭا پۇل كېرەك، قۇرۇق سالانىڭ
لازىمى يوق. بۈگۈندىن - ئەتىگە پۇلنى تاپشۇرسۇن، تاپشۇ-
رالمىسا، دۇكان - ئۆيلەر ماڭا ھېساب، قالغان ئىشلارنى ئۆ-
زۈم ئوڭشىۋالىمەن! — كانتور ئىچى سوغۇق سۇ قۇيغان قا-
زاندەك جىمجىت بولۇپ كەتتي، مامۇتبەگ باشلىق ھەممە

ئادەم چوڭقۇرراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي، جىم ئولتۇرۇشاتتى. باينىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى. — خۇمسىلار، ئۇنداق سالاسىنى ئېشەك بازىرىغا ئاپارسۇن! بەندىگە رەھىم قىلىش خۇدانىڭ ئىشى، مېنىڭ ئىشىم ئەمەس!.. ئۇنىڭغا ئۇنداق، بۇنىڭغا مۇنداق رەھىم قىلغىلى تۇرسام، مەندە بايلىق تۇرامدۇ! بوغۇز يېمىسە قوي سەمىرىمدۇ، ئابدۇكېرىمدەك نان قېپىلارنى يېمىسەم ....، — باي نېمە ئۈچۈنكى، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى نۆكۈرۈك بىلەن قۇلت قىلىپ يۇتۇۋەتتى، مۇنداق بولۇشىغا ئاتچى مۇھەممەتخاننىڭ سالام قىلىپ كىرىشى سەۋەب بولغانىدى

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قاچان كەلدىڭلا! — دېدى باي ئاتچىغا قاراپ ئېچىلىپ.

— كېچە تاڭغا يېقىن كەلگەندۇق.

— تىنچ - ئامان يەتتىڭلىمۇ؟ — باي خۇددى كۆكسى-قارنى كەڭ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولغانىدەك، مال توغرۇلۇق سۆز ئاچماي، ئاتچىنىڭ لاداققا تىنچ - ئامان يەتكەنلىكىنىلا تىلغا ئېلىپ ئەھۋال سورىدى. ئاتچى يانچۇقىدىن لاداققا ئاپىرىپ تاپشۇرۇلغان مالنىڭ ھۆججىتىنى چىقىرىپ، بايغا سۇنغاندىن كېيىن، كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىنىپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى. ھەمراھباي ھۆججەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ، بىردىنلا ئۆزگەردى، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تەرى تۈتۈلغان ھالدا ئاتچىغا قاراپ:

— ھۆججەتتە ئىككى تېڭىق مال كەم يېزىلىپتۇغۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە.

— خۇش، مايمۇن كۆۋرۈكتە① بىر ئات تېيىلىپ دومى-

① لاداق يولىدىكى موز كۆۋرۈك.

لاپ كەتكەندى، — دېدى ئاتچى ئوڭايسىزلانغان هالدا يەرـ گە قاراپ.

— ئات دومىلىسا، مال دومىلىمىغاندۇ!؟

— خۇش، ئەقىسى، مال ئاتنىڭ ئۈستىدە تېڭمقلىق ئىدى.

— نېمىشقا دومىلايدۇ؟!

— بۇنىڭغا نېمە دېسەك بولاركىن، بەندىچىلىكتە! — ئاتچى ئوڭايسىزلانغان هالدا جاۋاب بېرەتتى، — مايمۇن كۆۋرۈكنى دېگەن يوغان يوتامچىلىك كېلىدىغان مۇز كۆۋرۈك، مايمۇنمۇ ئۆتەلمەيدۇ، دېسەك لاپ كەتمەيدۇ. شۇنداق يەردىن ئات ـ ئۇلاغ ئۆتكەندە، پۇتى تېيىلىپ كەتمەيدۇ، دېگىلى بولمايدىكەن، هەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى، بەندە ئاجىز كېلىدىكەنمىز!

— ئات ـ ئۇلاغقۇ جېنى بار نەرسە، ماقۇل تېيىلىپ كەتسۇن، مال نېمىشقا تېيىلىدۇ!؟ گەپ مۇشۇ يەردە!

هەمراهباي تېيىلىپ دومىلاپ كەتكەن ئاتنىڭ ئۈچىـ سىدىكى مالنىڭمۇ تەڭ دومىلايدىغانلىقىغا ئەقلىي يېتىپ، چۈشـ شىنىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىگە بولغان زىياننىڭ ئاچچىقىدا چۈشەنـ مەسكە سېلىپ سۆزلەيتتى. تەتۈر بولسىمۇ، باي سۆزلىسۇن، دېگەننى چۈشىنىدىغان كىشىلەر گەپ قىلماستىن شۈك تۇرۇشاتـ تى. باي يەنە ئۆزى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— هېلىمۇ ياخشى ئىككى تاي گىلەم ياكى يىپەك دومـ لىماستىن، 30 دانە ئاق كىگىز دومىلاپتۇ. خۇنى چوڭ گەپ ئەـ مەس، جىق بولسا 30 سەر تەڭگە!

— شۇنداق باي، دومىلاپ كەتكەن ئاتنى ماڭغۇچە يېگىـ ساردىن 65 سەر تەڭگىگە ئالغانىدىم، قارىغىنا رىزا دەپ

تۇردۇق، بەندىچىلىكتە! ــ دېدى ئاتچى بـاينى ئـوڭشالدى، دەپ خاتا مۆلچەرلەپ، لېكىن باي ئوڭشالمىغانىدى.

ــ ماڭا دوق قىلماڭـلار، مـەن كـۆتۈرەلمەيمەن، مـاڭا ئېغىر كېلىدۇ! ــ دېدى باي بىردىنلا مۆڭـۈپ، ئىككى مەڭـزى يېڭى ياققان نانىدەك كۆبچۈپ چىقتى.

ــ يوغسۇ، ھەرگىز دوق قىلمىدىم.

ــ خىيالىڭلـىـدا، 65 سـەرگە ئـالغان ئېتىم دومىلىغان يەردە، سىنىڭ 30 پارچە جەينىماز كىگىزىڭ قـانچىلىك ئىش. دېمەكچـى بولـۇۋاتىسىلەر! شۇنـداقمۇ؟ لېكىن مـەن ھـەممىنى بىلىپ تـۇرۇۋاتىمـەن. بىر قـاراش بىلەن يـۈرىكىڭلىدىكىنـى بىلىۋالالمايدىغان بولسام، مەن مۇنداق بولالمايتتىم، مۇھەمـ مەتخان. كاللاڭلىنى سىلىكـۋېتىپ، راۋۇرۇس سۆزلەڭلا، جۇما! ــ دېگەن باي ئاتچىغا ياۋۇزلارچە قـادىلىپ قـاردۋېتىپ، ئاۋاـ زىـنـى سەل پـەسەيتكەن ھالـدا داۋام قىلدى، ــ 30 پارچە كىگىز كەشمىرگە يەتسە، قانچىلىك پايـدا قىلىدۇ. بىلەمسىلە؟ ئۇنى ئۇ يەردە پايدىسىغا چىقىرىپ سېتىپ، پۇلىغا مال ئېلىپ، بۇيان كەلسەك، بۇ يـەردە قـانچىلىك پايـدا قىلىدۇ؟ بۇنىڭ ھېساباتى ئۆزى بىلەن بىللە، بۇنى بىلىپ قويـۇڭلا! ئـاز مال ئەمەس ئۇ. ئاتنى پەش قىلسام، باي رازى بولۇپ كېتەمدىكىن، دەيدىغان كەم خىيالدىمۇ بولماڭـلا! ئات سىلىگە ھېساپ. مال ماڭا ھېساب. لىللا بولسۇن دېسەڭلا، يوقالغان مالنىڭ بىر پايدىـ سى بىلەن تۆلىشىڭلار كېرەك، ئىككى پايدىنى قوشسام ھەرقاچان ۋابال بولدى، دېيىشىڭلار مۇمكىن، قانداق دېـدىما! ــ باي ئاغزىدىن چىققان سۆزنى مـەجبۇرىي ماقۇل قىلدۇرماقچى بولـ غاندەك، ئاتچىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قـاراپ تـۇراتتى. ئـاتچى

بولسا، ئۇنىڭ زوراۋانلىق بىلەن بولغان بىزەڭ قاراشلىرىدىن بىزار بولغاندەك، كۆزىنى ئەپقىچىپ يەرگە قارىۋالغانىدى.

بايىنىڭ ئىنساپ قىلىپ، ئاتچىغا ئۈۋالچىلىق سالمايدىغان خىيالى قىزىق ئىدى. 30 پارچە كىگىز كەشمىرگە بىرىپ بىرگە بىر پايدا قىلسا، 60 پارچە بولاتتى. 60 كىگىزنىڭ پۇلىغا مال ئېلىپ قەشقەرگە ئەكەلسە، كەم دېگەندە، يەنە بىرگە بىر پايدا قوشۇلۇپ، 120 پارچە كىگىز بولۇشى چوقۇم ئىدى، دېمەك، بايىنىڭ دوملاپ كېتىپ، قازاغا ئۇچرىغان 30 پارچە كىگىزنى بىر پايدىسى بىلەن قوشۇپ، 60 پارچە كىگىز تۆلىتىۋالماقچى بولغانلىقى ئىنساپ قىلغانلىقى، شۇنداقلا، كىشىگە ئۈۋالچىلىق سالمىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئىنساپ قىلغانلىق ـ ھە!؟

ئاتچى بولسا، ئات بىلەن مالنىڭ دوملاپ كېتىشى ئىككىمىزگە تەڭ كەلگەن قازا. ماڭا چوڭراق، بايغا كىچىكرەك كەلگەن بۇ قازاغا ھەر ئىككى تەرەپ رىزا بولۇپ كېتەيلى، دېمەكچى بولاتتى، بۇ خىيال ئەقىلغە سىغاتتى، شۇڭا ئۇ، بايىنىڭ ئىنساپ قىلىشىنى تىلەپ:

ــ رەھىم قىلسىلا، ئىلتىپات قىلارلا! ــ دەپ يالۋۇردى.

ــ رەھىم قىلىش خۇدانىڭ قولىدىن كېلىدۇ، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ماڭا تۆلەيدىغاننى تۆلىۋېتىپ، يىغلاشنى خۇداغا يىغلاڭلا، ماقۇلما، شۇنداق بولسۇن! ــ دېدى ئۇ ئاتچىدىن يۈز ئۆرۈگەندەك بۇ تەرەپكە تولغىنىپ.

ــ مايمۇن كۆۋرۈكى دېگەن لاداق يولىدىكى پىلسىرات

دېسلە! ــ دېدى ئاتچىباىغا قاراپ. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن باينى يەنە بىر قېتىم ئىنساپقا دالالەت قىلماقچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى يىغا ئولاشقاندەك، تەسىرلىك ئاڭلىناتتى، ــ ئۇ كۆۋرۈكتىن خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ئۆتكۈزمىسە بەندە ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئات دومىلامدۇ، مەن دومىلامدىمەن، ھەممىسى خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. ئۇ يەردە يېرىلغان بىر تاغ بار، كەڭلىكى ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان ئاراچ ــ ھاڭدىن خالىستان دەرياسىنىڭ سۈيى خۇددى ملتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ ئاقىدۇ. قارايدىغان بولساق، بىز تۇرغان يەردىن 15 غۇلاچ تەكتىدە ئېقىۋاتقان سۇ قاپقارا بولۇپ، ئەجەل ئىلاھىدەك سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇ يەردە بىر مۇز كۆۋرۈك بار. يوغانلىقى چوڭ بولسا ئادەمنىڭ بېلىدەك كېلەر، مانا شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ئامال يوق. ئالدى بىلەن ئاتچى بېرىپ پالتا بىلەن چاناپ، پۇت تېيىلمايدىغان قىلىپ، تاختايدەك تەكشىلەيمىز، ئاندىن ئۇلاغلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتىدۇ. ئات، تۆگە، ئېشەكلەرنىڭمۇ جېنى تاتلىق بولىدىكەن، كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە پۇتلىرى تىترەك، پاقالچاقلىرى دىردىراپ كېتىدۇ. ئۇ يەرگە ھەممە ئادەم خۇدا، تەۋەككۇل دەپ ئۆتمەي ئامال يوق. قايسى ئۇلاغ ئۆتۈپ كېتىدۇ، قايسى دومىلايدۇ، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. بەندە دېگەن ئاجىز كېلىدىكەنمىز، شۇنداق يەردە دومىلاپ كەتكەن ئىشنى قازا دەپ تونۇمساق، قانداق بولار! مۇسۇلمانچىلىقتا توغرا كېلەرمۇ!؟

ــ بەللى ... گەپ بار ئىكەن ـ دە! ــ دېدى باي زەردە بىلەن ھىجىيىپ، ــ مەن مالنى لاداققا يەتكۈزۈپ بارىدىغانغا كىرا قىلغان، بۇ گېپىم توغرىدۇ؟

— توغرا!
— ئۇنداق بولسا يەنە نېمە گەپ!
— نېمە گەپ؟! — ئاتچى قادىلىپ تۇرۇپ جاۋابلاشتى،— سىلىنىڭ مالىڭىزنى مەن تۆلىگۈدەكمەن، ماقۇل، مېنىڭ ئىتىمنى كىم تۆلەيدۇ؟
— ئاتچى ئۆزىنىڭ شورىدىن كۆرە!
— سىلىچۇ؟
— مەن ئاتچىدىن كۆرمەمدىمەن!
— مانا قىزىق....
— مانا قىزىق؟! قېنى قەيىرى قىزىق ئىكەن؟!
— جىمى يېرى قىزىق! — دېدى ئاتچى ئىشەنچ ۋە غالىب كۆز قاراش بىلەن بايغا ئاچچىق چەكچىيىپ، — سىلىچە بولغاندا، مېنىڭ ئىتىم دوملاۋاتقاندا، ئىتىمنى توختىتىپ سىلىنىڭ مالىنى يېشىۋالسام بوپتىكەن - دە!
— ئۇنداق تەرەپلىرىنى ئۆزۈڭلا بىلىسىلە!
— تايىنلىق كىراغا بەرگەن 30 ئات مالنى مۇھەممەتخان ئاتچى دەرياغا تۆكۈۋېتىپ كەپتۇ دېمەملا، قارا تۆھمەتنى بىر يولىلا تۆلەپ تۈگىشەي!
— ئاغزىڭلىنى چايقىۋېتىپ سۆزلەڭلا!
— ئاغزىم چايقاقلىق، پاكىستاندىن ئالغاچ كەلگەن بىر تاغار مىسۋاكتا تازىلاپ كەلگەن، مەن خۇش بولاي، ھېلىقى گەپنى بىر دېسىلە!
ئاتچىنىڭ پىلموتىنىڭ ئوقىدەك تەگكەن يەرنى مازدەك تىتىپ تاشلايدىغان ئورۇنلۇق سۆزلىرى باينى پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويغا-

ىدى، شۇڭا ئۇ، ئاتچىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلانىدى ـ دە، ئادەملىرىگە:

ــ ماۋۇ بىرنېمىنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار! ــ دەپ ئاچـ چىق توۋلىدى.

ماھۇتبەگ بىلەن يەنە بىرنـەچچە كىشى دەررۇ ئوتتۇرىـ غا چۈشتى ـ دە، سالا ـ سۈلۇ قىلىپ، ياغلىما سۆزلەر بىلەن مۇـ ھەممەتخان ئاتچىنى تاشقىرىغا باشلاپ چىقىپ كەتتى. بـاينىڭ ئادەملىرىمۇ باينىڭ سۆزى يولسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇـ راتتى، ئەمما باينىڭ ئـالـدىدا يـۈزتـۇرا بـىرنـېمە دېگىلى بولمايـدىغانـلىقىنى بىلگەنلىكتىن، «يۇرسىلە، تاشقىرىغا چىـ قىپ سۆزلىشىمىز» دېگەندەك ئەملەش سۆزلەر بىلەن ئـاتچىنى ئېلىپ ماڭدى، ئاچچىقى بېسىلمىغان ئاتچى تاكى دەرۋازىدىن چىققانغا قەدەر چاڭىلداپ سۆزلەيتتى:

ــ بـىرنېمە دېگەن قانداق گـەپ ئۇ! هـەركىم ئۆزىگە تۇشلۇق ئادەم، باي بولسا ئۆزىگە!...

ئاتچىنىڭ ئاچچىق ۋە ھەققانىي سۆزلىرى نـىشانىغا قاـ دالغان خەنجەردەك باينىڭ يـۈرىكىگە تارس ـ تـارس قىلىپ سانجىلاتتى. دەرمانسىزلانـغان باي ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىـ دى. ئۇنى قـانداقتۇر بـىر خىل قـارا تـەر باسقانىدى. قورـ سىقىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ يـاكى ھېرىپ كـەتكەنلىكتىنمۇ ئۈزۈن «ئۇھ» تارتتى. ئۇنىڭ ئـاغزىدىن خۇددى يـەل قاچقان كامىردەك، كۆسۈلداپ چىققان ئاچچىق دۇتتا ساقال ـ بـۇرۇتـ لىرى ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پېشاـ نىسىدىكى تەرنى سۈرتتى. كېيىن ئۈستەل ئـۈستىدە سەل نېرىـ راقتا تۇرغان يەلپۈگۈچكە قول ئۇزارتقاچ «مۇنداقمۇ ئۇششۇقـ

لۇق بولامدۇ!...» دەپ ئەلەم بىلەن غوڭشۇپ قويدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «ئۇششۇقلۇق» ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ يولسىزلىقىغا قارشى چىققان مۇھەممەتخان ئاتچىنىڭ ھەققانىي سۆزلىرى ئىدى، لېكىن ئۇ، زوراۋانلىققا تايىنىپ، ھەققانىي سۆز قىلغاننى ئۇششۇقلۇق قىلدى، دەۋاتقان بولسىمۇ، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، دىلى رەنجىگەندەك بولۇپ، يولسىزلىق قىلىشقا شۇقەدەر زور كۈچ سەرپ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

تاشقىرىدىن مامۇتبەگ قايتىپ كىردى. ئۇ بىرنەچچە يېڭى مېھمان باشلاپ كىرگەنىدى. ئاتچى چىقىپ كەتكەن تەرەپكە غەزەپ بىلەن قاراپ، پەرىشان ئولتۇرغان باي يېڭى كىشىلەرنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆز خىسلىتى بويىچە گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خاتىرجەم قىياپەتكە ئۆزگىرىپ قارشى ئالدى.

موللا ساۋۇت خەلپەت، ئىمىنئاخۇن خەلپەت، ھېلىمىدىن داموللا، مۇسەييىپ داموللا قاتارلىق بىرقانچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىئانە توپلاش ھەيئىتى سالام بېرىپ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئۆز مۇددىئالىرىدىن سۆز ئاچتى. ھەمراھ باي قۇلاق سېلىپ تەپسىلىي ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، چىرايىغا خۇشلۇق، لەۋلىرىگە مەسخىرە تۇس ئالغان غەلىتە قىياپەتتە سۆزگە كىرىشتى:

— ناھايىتى ئوبدان ئىش بوپتۇ، ئوبدان كېلىشىپلا! — دېدى ئۇ سالماق تەلەپپۇز قىلىپ، ھەربىر سۆز گويا ئۇنىڭ غۇچۇرلاپ تۇرغان چىش ئاراچلىرىدىن چىقىۋاتقاندەك، غەلىتە تۇيغۇدا دان - دان ئاڭلىناتتى، ئۇ سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى، — داموللا ئابدۇقادىرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىـ
رىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن، غەللە سانـ
دۇقلىرى تەڭگە - تىللاغا توشۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر مۇنچە
يېتىم - يېسىرلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، بېشىنى سىلاپ، هالىـ
دىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ دېگەن ئۇلۇغ
ئىش، ناهايىتى كاتتا ئىش! مۇنداق ئۇلۇغ ئىشلار قېنى كىمـ
نىڭ قولىدىن كەپتۇ! مېنىڭ قولۇمدىن كەلدىما، ياق، مۇنداق
ئۇلۇغ ئىشلار ساندۇقلىرى پۇلغا توشۇپ - تېشىپ كەتكەنلەر-
نىڭ قولىدىن كەلمىسە، باشقا هەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ. بۇ بەك ياخشى ئىش بوپتۇ. مەن بۇنى قوللايـ
مەن، ناۋادا، هەرقانداق كىشى كېلىپ، مەيلى تىتەي كېلىپ
بۇ ئىش قانداق بوپتۇ، دەپ مەندىن سوراپ قالسا، مەن
هېچ ئىككىلەنمەستىن، ناهايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، دەپ
جاۋاب بېرىمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ!...

— سىلىدەك بىر زاتنىڭ مۇنداق تونۇشقا كېلىپ، ياخـ
شى باها بەرگەنلىرى، هېسداشلىق قىلغانلىرى تەشەككۇرغا
ئەرزىيدۇ، — دېدى موللا ساۋۇت خەلپەت سالماقلىق بىلەن
سۆزلەپ، — باشتا بۇ ئىش كىچىككىرەك باشلانغانىدى، باـ
را - بارا چوڭلاپ، بۈگۈنكى هالەتكە كەلدى. يېتىملەرنىڭ
سانى ئاشتى. مۇناسىپ هالدا خىراجەت كۆپەيدى. بىر ئادەمـ
نىڭ قۇۋۋىتى چەكلىك بولىدىكەن، بۇنداق ئۇلۇغ خىزمەتكە
پۈتۈن يۇرت، پۈتۈن مىللەت تەڭ قول سالغاندا، ئاندىن روـ
ناق تاپتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتىن ئىسپاتلاندى.
داموللامنىڭ يەنە بىر مەتبۇئات تەسىس قىلىپ، نەشر ئەپكار
ئىشلىرىنى يولغا قويۇش خىيالىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئاخىر



AltunOq

بامەسلىھەت، پۈتۈن يۇرت، پۈتۈن مىللەتنى خەيرىيەت ئىشىغا دالالەت قىلىش قارارىغا كېلىپ، ئەمانە توپلاش ھەيئىتى تەسىس قىلدۇق. جامائەت ئۆز ھىممەتلىرىنى ئايىماي قالمىدى. ھەر كىم ئۆزىگە يارىشا ئاتىغان ـ تاپقانلىرىنى ئەمانە قىلىشتى. بۈگۈن مۇشۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىگە كەلگەنىدۇق.

ــ كېلىشكەنلىرى يەتاخشى بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! ــ دېدى باي ئۈستى ـ ئۈستىگە تەكرارلاپ. بۇ ئۇنىڭ مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ــ شۇنداق، بۇ ئىش يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ ئىستىقبالىغا ئالاقىدار بولغىنى ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىنىڭ ھىممەتلىرىگە سېغىنىپ كەلدۇق.

ــ بايا ئېيتتىمغۇ، كېلىشكەنلىرى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، مەن بەك خۇرسەن بولدۇم. ھېلى دېگەندەك، ھەرقانداق كىشى كېلىپ مەندىن بۇ ئىش قانداق بوپتۇ، دەپ سوراپ قالسا، ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، دەپ جاۋاب قىلىمەن. ھىممىتىمنى ھەرگىز ئايىماي قالمايمەن. قانداق، شۇنچىلىك سۆزلەشسەك بولار!

ــ خەلقنى ئويغىتىش، يۇرتىمىزغا مەرىپەت چىراغلىرى يېقىش زامانىنىڭ تەقەززاسى. بۇ ئىشقا ساخاۋەت، خەيرىيەت قوللىرىنى سۇنۇش زور ساۋابلىق ئىش....

ــ بىلىمەن، ساۋاب بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، موللا ساۋۇت، ئوبدان چۈشىنىمەن، ناھايىتى ياخشى ئىش بۇ!

ھەمراھباينىڭ سۆزلىرىدىن بۇ ئىشقا تۇتقان سوغۇق پوزىتسىيىسى مانامەن، دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەرقانداق ھارارەتنىڭمۇ بۇ مۇزنى ئېرىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خەلپەتلەر ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرغاندىن كېيىن، قايتماقچى بولدى.

— ئەمىسە، بىز مۇشۇنچىلىك ئولتۇرايلى! — دېدى ھېلىمدىن خەلپەت دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دېگەن باي بىر تەرەپتىن يانچۇققا قول سېلىپ، — توختاڭلار، توختاڭلار، مېنىڭ قۇرۇق ياندۇرغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال، دەپتىكەن، ماۋۇنى ئالغاچ كېتىپ. داموللا ئابدۇقادىرغا مەندىن جىق سالام ئېيتىڭلار. ھېلىقى گەپ يەنە ئىز - جايىدا، كىمكى كېلىپ مەندىن سوراپ قالسا، بېرىدىغان جاۋابىم يەنە شۇ ھېلى ئېيتقاندەك. جۇما! — دېدى باي ئىشانچىلەرگەقولىنى سۇنۇپ. ئۇنىڭ ئۆردەكنىڭ ئالقىنىدەك كۆرۈنىدىغان دىقماق ئالقىنىدا ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگە يالتىراپ تۇراتتى.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت! — خەلپەتلەر پىسەنت قىلماستىن قايرىلىپ ماڭدى.

— ھاي... ھاي... ماۋۇنى...، — باي ئۇنىدەرىگەندەك قىلىپ توۋلاپ قويدى، خەلپەتلەر قاراپمۇ قويماستىن چىقىپ كېتىشتى. باينىڭ قولىقىغا «رەھمەت، تېگىل بولدى» دېگەندەك سۆزلەر ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى...

— خاپامنى قوزغاپ... — دېدى باي ئىشانچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالىسىرىق بولۇپ، ئاندىن ئاستا ئولتۇرۇپ غوتۇلدىدى، — قېيىدىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان،

ماڭا نېمە! شۇنداق ئەمەسما!؟ مۇنداق ئابداللارنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن! بۇلار خەلقنى ئويغىتىمىز، دېمىسىمۇ، شەھەر ئىچىدىلا ئىككى يۈزگە يېقىن مەسچىت، مەدرىس، خانىقالار بار، مەزىنلەر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئەزان ئېيتىپ ئويغىتىدۇ. بىز مۆمىن ـ مۇسۇلمان بەندىلەرگە شۇ كۇپايە قىلمامدۇ!...

كانتور ئىچىدە ئولتۇرۇشقان بوغالتىرلار ۋە باشقا ئادەملەر بولسۇن، غوت ـ غوت بايتالغا مىنىپ ماڭغان يولۇچىدەك، ئامالسىزلىقتا غىڭ قىلماستىن، باينىڭ غوتۇلدىشىنى ئۈزۈنغىچە ئاڭلاشتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئويغىنىش

ئەۋلادلىرىڭلارنى باشقا بىر زامان
ئۈچۈن تەلىم بېرىڭلار، چۈنكى، ئۇلار
سىلەر ياشىغان زاماندىن باشقا بىر
زاماندا ياشىماق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەندۇر.

(«مىفتاھۇل ئەدەب» كىرىش سۆز)

يېرىم ئەسىردىن بۇيان، شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى — بەشئېرىق مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان لايپەشتاق مەدرىسى بۈگۈن بىردىنلا جانلىنىپ، قاينام-تاشقىنلىق ئەمگەك مەيدانىغا ئايلاندى. شۇ كۈنكى خالىس ئەمگەككە قاتنىشىپ ئىشلەۋاتقان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدە، مەدرىسە ئىچى خۇددى ھەيۋەتلىك دەريادەك شاۋقۇنلايتتى. ئۇ يەردە تەرگە پىشىپ ئىشلەۋاتقانلار ئىچىندە ئاپئاق ساقال بوۋايلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ئەمدىلەتىن بۇرۇتى خەت تارتقان ياش تالىپلار ۋە ئۇششاق باللارمۇ بولۇپ،

ھەر كىم قۇربى يەتكەن بىر ئىشتا ئالدىراش ئىشلەيتتى. بەزەنلەر كىسەك يۆتكەيتتى، بەزەنلەر تىزىغىچە لاي كېچىپ لاي ئېتەتتى، بەزەنلەر زەمبىلدە لاي توشۇيتتى. بەزەنلەر ئەندۇۋا ئويىنىتىپ سۇۋاقچىلىق قىلسا، بەزەنلەر لاي پىشۇرۇپ كاكىل قىلىپ، سۇۋاقچىلارغا سۇنۇپ بېرەتتى. «ھە... چاپسان بول، ئىلدام ماڭ!...» دېگەندەك ھەيدەكچى سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ-چۇڭدا گويا بىر ئەزىم دەريا شاۋقۇنى ھاسىل بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

— نېمە بوپتۇ؟ — بىر دېھقان مەدرىسە سەيناسىدىكى ئەمگەك قاينىمىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا، كېتىۋاتقان يولىدىن توختاپ، سۇ توشۇۋاتقان بىر كىشىدىن سورىدى، — بۇزۇلغان، يىقىلغان جايلىرىنى ياساپ قويماقچى بولۇشتىڭلارمۇ، ياخشى ئىشقۇ؟ بۇ مەدرىسىنى مەرھۇم ئابدۇرازاق خوجىنىڭ ئوغلى موللا ئابدۇرۇسۇل خوجا ياساتقانىدى. ئاز كەم 60 يىل بولغاندۇ، كونىراپ كەتكەنىدى، ساۋابلىق ئىش بوپتۇ!...

— ئۇنداق تەرىپىمۇ بار، مۇھىمى، مەكتەپ ئاچقىلى ياساۋاتىمىز.

— مەكتەپ!؟ — تېخىمۇ ھەيران بولۇپ كۆزلىرى ئېچىلغان دېھقان سوراشنى داۋاملاشتۇردى، — قانداق مەكتەپ؟

— ئابدۇقادىر داموللام مۇشۇ يەردە مەكتەپ ئاچماقچى!

— نېمە! ئابدۇقادىر داموللام....

ئىشەكتىن سەكرەپ چۈشكەن دېھقان ئۇنىدەرەپ ئىشەكنى تام تۈۋىگە ئاپىرىپ باغلىغاندىن كېيىن، بىسمىللا ئېيتىپ مەدرىسى ئىچىگە كىردى. ئۇ ھاياجانلانغانىدى: داموللام


Altun Oq

باشلىغانلىكى ئىش ساۋابلىق. مانا قارىمامدىغان بىرىنچىدىن،
كونىراپ ياتقان مەدرىس بىر ئوبدان ياسىلىپ قالىدىكەن؛
ئىككىنچىدىن، مەكتەپ بولۇپ پەرزەنتلىرىمىز ئوقۇيدىكەن.
ساۋاب بۇنىڭدىن ئۇلۇغ بولامدا!؟ بۇ ئىشتا بىرەر كىسەك يۆتـ
كەپ، بىرەر كاكىل لاي مىجىپ بەرسەك تۆگىدەك ساۋاب بوـ
لارا... دەپ ئويلانغان دىهقان بارغان پىتى بىر زەمبىلنىڭ بىـ
شىنى تۇتۇپ لاي توشۇدى. زەمبىلنىڭ ئىككىنچى بىشىنى تۇتـ
قان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۆزلەرنى قىـ
لىپ بەردى:

— داموللام مەكتەپ ئاچماقچى بولۇپ، مۇشۇ مەدرىسنىڭ
ئورنىنى لايىق كۆرۈپتىكەن، شۇ باھانىدە ياسىلىپ قالىدىغان
بولدى. بۇ ئىشتا قۇتلۇق ھاجىمۇ بار. بارغاندا كۆرىمىز، مەن
كۆرسىتىپ قوياي، جۇما، دامموللام بىلەن ئىككىسى لاي مىجىپ،
سۇۋاقچىلارنىڭ يىنىدا ئىشلەۋاتىدۇ، — ئۇ ئادەم قايناپ تۇرـ
غان بۇلاقتەك گەپنى - گەپكە ئۇلاپ سۆزلەيتتى، — بىكار تۇرـ
غان مەدرىسە مەكتەپ بولۇپ قالسا، ياخشى ئەمەسمۇ! بۇ مەكـ
تەپ كونا موللام مەكتەپلىرىگە ئوخشاشمايدىكەن، باللار پارـ
تىدا ئولتۇرۇپ قارا تاختىغا خەت يىزىپ ئوقۇيدىكەن، ئىمان
ئىسلام ئوقۇغاندىن تاشقىرى، ھۆسن خەت، ھىساب دەرسلىرىمۇ
ئوقۇيدىكەن. باللار خەت ساۋاتلىق بولۇپ، سەككىزنى سەككىزـ
گە قوشۇپ 16 بولدى، دىگۇدەك بولۇپ قالىمۇ. ياخشى ئىشقۇ!
شۇنداق ئەمەسما؟ يەنە كىلىپ، بۇ مەكتەپتە باللارنى ئۇرمايـ
دۇ، كونا مەكتەپلەرگە ئوخشاش، ھاۋا تاپان قىلىدىغان، كىسەك
كۆتۈرگۈزۈپ ئۇرىدىغان زەنجىر پالاق، ئاسما تانا يوق. بۇ تىـ
خىمۇ ياخشى ئەمەسما!...

ھەمراھىدىن نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان دېھقان گويا ئېچكى دۇنياسىدا باھار مەۋسۇمى باشلانغاندەك، يوپيورۇق، يىللىق كەيپىيات پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇلار زەمبىلدىكى لاينى ئۆي ئىچىگە (سىنىپ قىلىشقا تەييارلاۋاتقان چوڭراق ئۆيگە) ئەكىرىپ، ئىلگىرىكى لاي دۆۋىسىگە ئىرغىتىپ تۆككەندىن كېيىن، ھەمراھى كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق، پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ سۇۋاقچىغا كاكىل سۇنۇپ بېرىۋاتقان ئابدۇقادىر داموللا بىلەن لاي چۆرىسىدە لاي مۇجۇپ كاكىل تەييارلاۋاتقان قۇتلۇق ھاجىمنى كۆرسەتتى.

كاتتا ئۆلىما ـ ئالىملارنىڭمۇ لاي مۇجۇپ، كاكىل سۇنۇشتەك قارا ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالغان دېھقان مېھنەت دۇنياسىدىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكنىڭ نامايان بولغانلىقىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك بولدى ـ دە، چەكسىز ھاياجانلاندى....

خالىسانە ئەمگەك ھەپتە داۋام قىلدى. يىرىم ئەسىردىن ئارتۇق قوتۇرۇپ تۇرغان لاييەشتاق مەدرىسى بىردىنلا ئەسىرى سائادەت مەكتىپىگە ئايلىنىپ، مىسلى جەننەت تۈسىگە كىرگەنىدى. دەسلەپ قۇرۇلغاندىلا، باشقا مەدرىسە ـ خانىقالارغا ئوخشاش، پەشتاقلىرى پىششىق خىشتىن قۇرۇلمىغان، مۇنارلىرى سىر بىرىپ زىننەتلەنمىگەنلىكتىن «لاييەشتاق» دەپ ئاتالغان بۇ مەدرىس، زىننەت كىيىمدە ئەمەس، بىلىمدە، دېگەندەك، ئۆز قوينىدا بىرنەچچە سىنىپلىق مەكتەپ بىنا بولۇش بىلەن ھەممىدىن ئۆز، ھەممىدىن كۆركەم تۈسكە كىرىپ، تىللاردا داستان بولۇشقا باشلىدى.

بۇ مەكتەپنىڭ شۆھرىتى شەھەر، يېزا ـ سەھرالارنى

زدلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. لايىپەشتاق مەدرىسىدە ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپتۇ، دېگەن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاما ئۆز پەرزەنتلىرىنى بەس - بەس بىلەن باشلاپ كېلىپ ئوقۇشقا كىرگۈزدى. يېزا - سەھرا مەكتەپلىرىدە ئادەتلىنىپ كەتكەن قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ياشلىق ئۆمرى زايە بولۇپ، ئوقۇشتىن بىزار بولغان پەرزەنتلەر بۇ مەكتەپكە كىرىش بىلەن بىر تەرەپتىن، ئىمان ئىسلام، ئاقايىت زۆرۈرىيە دەرسلىرى ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن،«ۋەتەننى سۆيمەن»، «ھەبىبۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان» دېگەندەك تۇراقلىق سۆز-ئىبارىلەردىن ئىنشا يېزىپ، ھۆسن خەت مەشق قىلىدىغان، كەررە يادلاپ، تۆت ئەمەل ھېسابلىرىغا ئىشلەيدىغان، شېئىر ئوقۇپ، دېكلاماتسىيە ئېيتىدىغان، بەدەن تەربىيە مەشغۇلاتى قىلىپ، بەدەن چېنىقتۇرىدىغان كۆڭۈللۈك ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ شارائىت ئۇلارنى چەكسىز خۇرسەن قىلغانىدى. ھەر بىر بالا گويا ئۆزىنى جەننەت راھىتىنى كۆرۈش نېسىپ بولغان بۇلبۇلدەك ھېس قىلىشىپ، قىزغىن سايرىشاتتى. ئوقۇتۇش تەرتىپىدىكى ھەربىر يېڭى مەزمۇنلارغا قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش بىلەن روھىي ئۇرغۇپ، تىرىشىپ ئوقۇشاتتى.

خەلق ئاممىسىمۇ بۇ مەكتەپتىن رازى ئىدى. ئۇلار مەرىپەت سۆيۈلى، ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مەشئىلى بولۇپ نۇر چاچقان لايىپەشتاق مەكتىپىگە كېلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ جەننەت قۇشلىرىدەك خۇش ناۋا سايراپ، قىزغىن ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئومۇمەن، بۇ مەكتەپتىن چاقناپ تۇرغان يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتەك جۇشقۇن كەيپىياتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، مەمنۇن بولغان ھالدا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش

ئالاتتى، ئۇستى ـ ئۇستىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

× ×

قىرىنداشلار تۇر ئەمدى،
پۈتۈن جاھان ئويغاندى.
قۇتۇلۇشقا قۇللۇقتىن —
مەردۇ مەيدان ئويغاندى.

پۈتۈن جاھان ئويغاندى،
پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى.
ياتما يىمىز، دەپ غەپلەتتە—
يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.

«ئويغان» دېگەن بۇ شېئىرنى ئۇستاز ھاجى قۇتلۇق شەۋقى يېڭىلا ئۆگەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا ھېبزى قىلىپ، زېھنىگە ئېلىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ، قۇتلۇق ھاجىم سىنىپتىكى بالىلارنى ئىككىگە ئايرىپ، بەسلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا جانلاندۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاتقاندىن كېيىن، بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇۋاتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاۋازى دەرسخانىنى كۆتۈرۈپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە چاڭقى ۋە كۈچلۈك جاراڭلاپ، مەدرىس ھويلىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تىترىتىپ، لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى.

ئابدۇقادىر داموللام دەل شۇ قىزغىن مەنزىرە ئۈستىگە كىرىپ كەلدى. مەكتەپ يولغا قويۇلغان، ئوقۇتۇش مەسئۇلىيىتى

قۇتلۇق ھاجى باشلىق بىرقانچە يارقىن مەرىپەتچىلەر زىمىنىسكە تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزى كۆندە دېگۈدەك كېلىپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى.

داموللام ھويلىدا بىرئاز توختاپ، جانلىق ۋە مۇكەممەل ئىپتىلىشۋاتقان شېئىرغا قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ تىترەيتتى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئېگىز شارقىراتمىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان مەرىپەت دەرياسىنىڭ كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلىك شاۋقۇنى ئىچىدە ھاياجانلىنىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى، «ياللا ... ياھەزرەت! ...» دېدى ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاپلىغان تەسىراتنى بېسىپ تۇرالماي. ئۇ ئاستا قەدەم تاشلاپ، سىنىپ تەرەپكە ماڭدى. باللارنىڭ يۇمران ۋە زىل ئاۋازىدىن ھاسىل بولغان قانداقتۇر بىر خىل مەنىۋى قۇدرەت ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

داموللام سىنىپ ئىچىگە كىرگەندە، شېئىر تېخى تامام بولمىغانىدى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق قارىقۇمچاق باللار چۇرقىراپ شېئىر ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ زېرەكلىكتىن يالتىراپ تۇرغان نۇرلۇق پېشانىلىرى، قارا مونچاقتەك چاقناپ تۇرغان ئۈمىدۋار ئوتلۇق كۆزلىرى ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەستىلىكىنى كەلتۈرەتتى. داموللام ھاياجان ئىچىدە تاكى شېئىر ئىپتىلىپ تامام بولغانغا قەدەر قاراپ تۇردى.

— سالام ئۇستاز، سىزگە ھۆرمەت يوللايمىز!

شېئىر تامام بولۇش بىلەن چاۋۇشنىڭ① قوماندىسى ئاستىدا پۈتۈن ئوقۇغۇچى بىر چوقان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇقادىر داموللىغا ھۆرمەت بىلدۈردى. باللارنىڭ ئوتلۇق كۆز-

---

① چاۋۇش — سىنىپ بېشى.

لىرىدىن قانداقتۇر چوڭقۇر مىننەتدارلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار! — باللار كۆرسەتكەن ئېھتىرامدىن تولۇق رازى بولغان داموللا مەمنۇن بولۇپ سۆزلەيتتى، — ھەربىرىڭلار بىردىن قىزىلگۇل، بىردىن پەرىشتە، ياخشى ئوقۇڭلار، ئوقۇپ چوڭ بولغاندا، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭلار!

— لەببەي ئۇستاز!

باللارنىڭ بىردەك ۋارقىرىغان چوغلۇق ئاۋازى دەرسخانىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى قىل قالدى. داموللا رازى بولغان ھالدا، قۇتلۇق شەۋقىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن: «رەھمەت سىزگە قۇتلۇق شەۋقى، مەكتەپنى ياخشى بولغا قويۇۋاتىسىز، باللارغا ئوبدان تەربىيە بېرىۋاتىسىز، سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئۆچمەيدۇ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!» دېگەندەك مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. قۇتلۇقشەۋقىمۇ مەمنۇن ھالدا، داموللامغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ مەنىلىق ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئىككى مەرىپەتچى ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق دىدارلىشىۋالغاندىن كېيىن، قۇتلۇق شەۋقى ئوقۇغۇچىلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ بىر ئوقۇغۇچىنى چاقىردى:

— تۇردى موللاق!

— لەببەي ئۇستاز! — يوغان باش، يۇمىلاق يۈزلۈك، يوغان قارا كۆزلۈك بىر ئوقۇغۇچى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستازنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇردى، ئۇستاز سوراشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم جاۋاب قىل، ئىلىم قەلەپ قىلماق نېمىدۇر؟
— ئىلىم تەلەپ قىلماق — خاھ ئەر كىشى، خاھ ئايال كىشىگە پەرزدۇر، ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى سائادەتكە باشەستۇر.
— مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا باشەس① نېمىدۇر؟
— جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھىللىق ۋە نادانلىقتۇر؛ ئىككىنچىسى، تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتۇر. ھەر قەۋم، ھەر مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا باشەس نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتۇر.
— ئىززەت - ئابروي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟
— جاۋاب: ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، جانابىي ھەق بىزنى ئىتتىپاق بولۇشقا ئەمر قىلغاندۇر!

ئاقايىت زورۇرىيىنى تولۇق يادلاپ بولغان تالىپلار قەيەردىن سوئال چىقىرىلغان بولسا، شۇ يەردىن سۆزلەپ شارقىراپ جاۋاب بېرىدىپ، ئۇستازلارنى قەۋەت خۇش قىلغانىدى.

— بارىكاللا، ئولتۇر ئوغلۇم!

قۇتلۇق ھاجىم يەنە بىر تالىپنى چاقىردى:

— مۇھەممەت سابىر!

— لەببەي ئۇستاز! — بويى ھەممىدىن كىچىك، مىختا ھەم قۇۋۋەت بەدەن، توركۆن بىر بالا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇستازدىن بۇيرۇق كۈتتى.

— ئوغلۇم، سەن بىزگە دېكلاماتسىيە ئوقۇپ بەرگىن!

① باشەس — سەۋەب.

— خوپ ئۇستاز!

ئوقۇغۇچى قارا تاختا ئالدىغا چىقىپ، كۆپچىلىككە ۋە ئۇستازلارغا سالام بېرىپ، دېكلاماتسىيە ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق - بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇبىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش، ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا، يازدى «دىۋانى لۇغەت»،
مەھمۇدنى كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ - شانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن «شەۋقى»نى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

— بارىكاللا ئوغلۇم، بارىكاللا...

قەشقەر ئاسمىنىدا ئۆزگىچە نۇر بىلەن چاقناپ ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر، ئاتاقلىق نەشرىياتچى شائىر قۇتلۇق ھاجى① شەۋقىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى پارلاق مەدەنىيەتنى يارىتقان كەلتۈرگەن قاراخانىلار سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئالىپ ئارسلانخان، ئۇلۇغ پەيلاسوپ شائىر

① قۇتلۇق ھاجى شەۋقى— 1876 يىلى قەشقەردە مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇرېھىم بېگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ قەشقەردە ئوقۇغان، كېيىن دادىسى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلغاندىن كېيىن، قاھىرەدە «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم»-دا، ئاندىن ئىستانبۇل ئالىي ئوقۇش يۇرتىدا ۋە بۇخارادا ئوقۇپ ئالىي ئىلىم تەھسىل قىلغان. يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا ھارماي-تالماي كۈرەش قىلغان. مەرىپەتپەرۋەر، نەشرىياتچى شائىر قۇتلۇق شەۋقى 1937 - يىلى جاللات شېڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە نابۇت قىلىنغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ ئالىم تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى قاتارلىق ئەربابلارنى، يەنە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى قەھرىمانلارنى ئەسلىگەن بۇ مەشھۇر غەزەلنى بۈگۈن جۇشقۇن روھلۇق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ جانلىق دېكلاماتسىيە تىلىدىن ئاڭلىغان ئابدۇقادىر داموللا چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكتىن، ئۇستى-ئۇستىگە بارىكاللا ئېيتىپ، كۆزگە ئىسسىق ياش ئالدى...

ئابدۇقادىر داموللا بىلەن قۇتلۇق شەۋقى دەرسخانىدىن چىقىپ، مەدرىس دەرۋازىسىغا يەتكەندە، ئىشانە توپلاشقا كەتكەن ھەيئەتلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىگە توغرا كەلدى. ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كەيپى چاغ، روھى شاد كۆرۈنەتتى.

— سەپەر قۇتلۇقتۇر! — قۇتلۇق شەۋقى يىراقتىنلا ئەھۋال سوراپ قارشى ئالدى.

— قازى داموللام، قۇتلۇق ھاجىم دۇئا بەرگەن سەپەر قۇتسىز بولماس! — دېدى موللا ساۋۇت خەلپەت خۇش-خۇي جاۋاب بېرىپ.

— خەيرىيەت، خەيرىيەت!...

موللا ساۋۇت خەلپەت باشلىق ئىشانە توپلاش ئەزالىرى يېقىنلاپ كېلىپ، بۈگۈنكى خىزمەت ئۇچۇرىدىن مەلۇمات بېرىشكە كىرىشتى.

— بۈگۈن شەھىرىمىزدە ھىممەت ئەھلىنىڭ كۆپلۈكىنى يەنە بىر مەرتىۋە كۆرۈپ كەلدۇق، — دېدى موللا ساۋۇت خەلپەت خۇشال كەيپىياتتا دوكلات بېرىپ، — بارغانلا يېرىمىزدىن قۇرۇق يانمىدۇق. لېكىن ھەمراھابىينى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن سەپىرىمىز قۇتلۇق بولدى.

— بىزمۇ ھەمراھابىدەك ھېممەتلىك ھېسابقا كىرگۈزمىگەن!—

دېدى قۇتلۇق شەۋقى مەسخىرىۋازلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— بېخىللىق، نامەردلىك، ھىممەتسىزلىك، ساخاۋەتسىزلىكلەر ئاللاتائالانىڭ مەزكۇر بېخىل بايغا بەرگەن ئالىي جازاسى! — دەپ سۆزگە قوشۇلدى ئابدۇقادىر داموللا مىيىقىدا كۈلۈپ. كېيىن بىردىنلا جىددىيلىشىپ داۋام قىلدى، — ئاللا ئۇلارنى ئۆمۈر بويى يېمەي - ئىچمەي پۇل - مال توپلاشقا، توپلانغان بايلىقلارنى پولات ساندۇقلاردا، يەر ئاستى ئىسكەلاتلاردا ساقلاشقا بۇيرۇغان. ئۇنداقلار ئۆمۈرۋايەت پۇل - مالغا ھېرىس بولۇپ، شۇنىڭ كويىدا، شۇنىڭ غېمىدە، شۇنىڭ تەشۋىشلىرى ئىچىدە ئازاب چېكىپ ئۆتىدۇ. قاتتىق قوللۇق، رەھىمسىزلىك، ئىنساپسىزلىق، كاززاپلىق، زىيانكەشلىك قىلىشنى بايلىق توپلاشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ، گۇناھلىق ئىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ئاللا يەنە ئۇ پېخسىق - بېخىللارغا بايلىق بەرگەندە، ئاۋۋال ئۇلارنى ھىممەت - ساخاۋەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئاندىن بايلىق بەرگەن. شۇل سەۋەبتىن، ئۇلار ئۆز بايلىقىنى خەير - ساخاۋەتكە ئۆمۈر بويى سەرپ قىلمايدۇ ھەم قىلالمايدۇ. ھەتتا ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان كونا ئۆيلەرنى يېڭىلاپ قويۇش، مورا - ئوچاقلارنى تام مەشكە ئۆزگەرتىپ قويۇشقىمۇ ھىممەت قىلماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار يەنە بىرمۇنچە بايلىقنى ئالتۇن - كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇپ يەرگە كۆمۈپ ياكى تاملارغا قىستۇرۇپ يوشۇرىدۇ. ھالى ياخشىراق چاغلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا كۆڭلى قويمايدۇ. تۇيۇقسىز سەكراتقا چۈشكەندە، رۇۋاندىن قىلىپ، ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا ھالى قالمايدۇ. شۇ تەقلىدتە ئۇنىڭ يوشۇرغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ. ئەل ۋە يۇرتقا مەن-

پەئىتى تەگمىگەن بۇ بايلىقتىن مىننەتدار بولغۇدەك بىرەر ئادەم
چىقمايدۇ. ئۆز پۇشتىدىن بولغان ۋارىسلارمۇ ئاتىمىز تاپقان
بايلىق قەيەرگە كەتكەندۇ، دەپ نەپرەت ئوقۇيدۇ. ھاسىل
كالام، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ لەنەت ۋە نەپرەتلىرى ئاستىدا دەپنە
قىلىنىدۇ. بۇ ئاللانىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازاسى بولماي
نىمە! — داموللام بىر ئاز توختۇۋېلىپ يەنە، —
پىخسىق - بېخىللار يەنە بىر ھېساپتا ئوغرى - قاراق-
چىغا بايلىق توپلىغۇچى، جىنايى قىلمىشلارغا سەرمايە سال-
غۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسى ئىسكىلاتلاردا تۇرۇپ،
ئوغرىلارغا ئولجا بولىدۇ ياكى يوللاردا قاراقچىلار تەرىپىدىن
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىدۇ ۋە ياكى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋال-
غان تىنتەي - ئامباللارغا ئوخشاش سىياسىي قاراقچىلار تەرى-
پىدىن ئولجا ھېساپىدا مۇسادىر قىلىنىدۇ، ۋە ياكى چەت ئەل
مۇخالىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا غەنىيمەت چۈشىدۇ، بۇ بىر خىل
مەنزىرە؛ يەنە بىرى، ئۆز ۋارىسلىرىنى پۈتمەس - تۈگمەس
تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرالارغا سېلىپ، ئۇلارنى جىنا-
يەت سادىر قىلىشتەك تەۋەككۈلچىلىككە باشلايدۇ. قېنى، بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە قانداق ئوبدان ئاقىۋەت بولسۇن! ئىست،
ئىست! ئۇلارنىڭ جېنىغا ۋاي!...

ئابدۇقادىر دامولىنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەن-
گەن ھاجى قۇتلۇق شەۋقى، موللا ساۋۇت خەلپەت، ئىمىنئاخۇن
خەلپەت قاتارلىقلار ھىممەتسىز بېخىللارغا نىسبەتەن لەنەت -
نەپرەت ئوقۇماقتا ئىدى. دامولام سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئاللانىڭ ئىككى ئالەملىك جازاسىغا ئۇچرىغان ھىم-
مەتسىز بېخىللار ناھايىتى ئاز، چۈنكى، ئاللا ئىنسانلار ئىبرەت

ئالسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى شۇنداق ئاز ياراتقان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەممەت ئەھلى ناھايىتى كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ قاراڭغۇلۇقتىن - يورۇقلۇققا، بەدەۋىيەتتىن - مەدەنىيەتكە، قالاقلىقتىن - تەرەققىياتقا، قاباھەتتىن - گۈزەللىككە قاراپ راۋاج تاپقان. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقلىرى ھەممەتلىك ئىنسانلارنىڭ مېھنەتچان قوللىرى ئارقىلىق، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى گۈزەل دۇنيا مەۋجۇتتۇر. دۇنيا ئۆز يولى بىلەن تەرەققىياتقا، گۈزەللىككە قاراپ ماڭغۇۋېرىدۇ. ئاز ساندىكى نىيىتى پاسىق، پىخسىق بېخىللار توسۇيمىز دەپمۇ توسۇپ كېتەلمەيدۇ. بەس، مەسلەكداشلىرىم، قېرىنداشلىرىم، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزمۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى، گۈزەللىكى ئۈچۈندۇر، ئەپسۇسكى!... — دېدى داموللام ئۇزۇن «ئۇھ» تارتىپ، — ئەپسۇسكى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز تولىمۇ چەكلىكتۇر. مەدرىسلەردىكى ئىسلاھات پىكىرلىرىمىز تېخى ئىپتىدائىي قەدەمدە، بۇنىڭ بىلەن تەشنالىقىمىز قانمايدۇ. بىزدە يەنە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلىشى كېرەك. ھازىرقى بىرەر يۈزدەك بالىنى تەربىيىگە ئالغانلىقىمىز يوققا قارىغاندا يوغان ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىي ئېھتىياجدىن قارىغاندا، بەك كىچىك ئىشتۇر. ھازىر سەرسان - سەرگەردان باللار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. بىر قىسىم بالىلارنى مىسسىئونېرلار ئالداپ ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتماقتا. موھتاجلىق ئۇلارنى شۇ تەرەپكە مايىل قىلماقتا. بۇ تولىمۇ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇقتۇر. بۇنىڭغا سەل قارىماسلىق كېرەك. بىز ھا-

زىر خىراجەتتە قىسىلماقتىمىز، ئىشانە توپىلاش ۋاقىتلىق چارە.... بۇ چارە مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىز خىراجەتمەنبەسىنى تېپىشىمىز لازىم، — داموللام ئىككى يانغا چايقىلىپ، سەپداشلىرىغا قاراپ بىر ئاز توختىدى. ئۇ گويا چىددىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتقاندەك كەسكىن كۆرۈنەتتى، — بىزدە ئۆز جايىغا سەرپ قىلىنماي ئىسراپ بولۇۋاتقان بايلىقلار كۆپ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ئاتەش غەزەپ چاقنىتىپ، — مەسىلا، سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، يۈسۈپ قادىرخان، ئاپئاق خوجا مازىرى... بۇلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى، دۇكان - ئۆيلىرى بار. بۇنىڭدىن كىرىم بولغان بايلىقلار شەيخ مۇتىۋەللى، غوجىزادە، شەيخزادىلەرنىڭ قورسىقىنى يوغىنىتىپ، ئۇچىسىنى كىمخاب - تەتىلىلا تونلار بىلەن بېزەشكە سەرپ بولغاندىن باشقا، ئەل ۋە يۇرتقا پايدىلىق ھېچقانداق ئىشقا خىراجەت قىلىنغىنى يوق، بۇنىڭدىن باشقا، مەسچىت - جامەلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ۋەخپىلىرى بار. ئۇنىڭدىن بولغان بىر قىسىم كىرىملەر ئۆز جايىغا سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى شەخسلەرنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كېتىۋاتماقتا. بىز ئۆزىمىزگە مۇشۇ تەرەپتىن مۇقىم بايلىق مەنبەسى تېپىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلمىغۇچە بىز ھېچقانداق مەقسىتىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز!

داموللام بۇ سۆزلەرنى گويا ئوت كەتكەن ئورمانغا ئىچىنىۋاتقان ئورمان قاراۋۇلىدەك، ئېچىنىشلىق كەيپىيات ئىچىدە تۇرۇپ داۋام قىلاتتى. بۇيانقىلارمۇ داموللامغا ئوخشاشلا ئېچىنىشلىق كەيپىياتتا ئاڭلاپ، كىملەرگىدۇر لەنەت، كىملەرگىدۇر نەپرەت بىلدۈرۈش تۈيغۇسى بىلەن ھاياجانلىناتتى. دەل شۇ

ۋاقىتتا، سىرتتىن بىر توپ ئادەم قۇيۇنـدەك ھـويلىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇششاق نارەسىدە باللارمۇ بار ئىدى.

— بىز بۇ خەقنىڭ دەردىدە كۈن كۆرەمدۇق-كۆرمەمدۇق، ھەمىشەم مۇشۇنداق قىلسا!... — توپنىڭ ئالدىدا تۇرغان بارات گۈرۈلدەك خۇددى شامال ئۆتەڭدىكى بورانـدەك گۈرۈلدەپ سۆزلەشكە باشلىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ قاتتىق غـەزىپى كەلگـەنىدى، ئـۇ بوغۇلۇپ سۆزلىگەچكە، ئاۋازى تىپخىمۇ گۈرۈلدەپ، شالاڭ سىم ساقاللىـرى دىر - دىر تىترەيتتى، بويـۇن تومۇرلىرى پۈلـەپ قويغـان ئىنچىكە ئۈچ يەدەك قىر - قىر كۆرۈنەتتى، — بۇ خەق قەيەرۇ - قەيەرلەردىن كېلىپ، ئاش - تۈزىمىزنى ئىچىپ، توقاچ - شاپتۇللىرىمىزنى يەپ ھاللانغاندىن كېيىن، مانا نەمدى شىللىمىزگە مىنىۋېلىپ، بـوزەك ئەتسە بولامدىكەن؟! بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بـولسۇن! باللىرىمىزنى، ئادەملىرىمىزنـى ئـالداپ كېتىۋاتىدۇ. ھىلـقى يۈسۈپ شۈپـد دېگەن ئۇ خەققە مەزىن بـولۇۋاپتۇ، ھەر كۈنى مىسسى① دوختۇرنىـڭ يېـنىـدا تـۇرۇۋېلىـپ، قىـرائـەت ئـوقـۇغـانـدەك ئـىـنجـىـل ئـوقـۇيـدىـكـەن. ئـاخـىردا، ئەيسا خۇدانىڭ قوزىسى، بىز داۋالايمىز، شىپالىقنى ئـەيسادىن تىلەڭلار، دەپ سۆزلەيدىكەن! خۇدايا توۋا، دەپ ھـەيران قاپتۇمەن، ۋا، يۈسۈپئاخۇن، نىمە بولۇپ كەتتىڭلار، دەپ سورىسام، ئىزا تـارتماستىن «مىسسى» بولدۇم، دەپ قاراپ تـۇرىدۇ. مۇنداقمۇ مۇسۇلمان بار ئىكەن، دەپ ھەيران قالدىم. قاراپ تۇرسام، ھەر بىر كېسەل كۆرسەتكۈچىگە بىردىن ئـىنجىل بېرىدىكەن، مەنغۇ ئالمىدىم، لېكىن ئىنجىل كـۆتۈرۈپ چىقـ

① «مىسسىئونېر» سۆزىنى خەلقلەر مىسسى دەپ ئاتايتتى.

قانلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى قانچە پۇل دېسە، شۇنچە پۇلغا سېتىۋېلىپ، تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەردىم، لېكىن ھەرقانچە كۆيدۈرسەممۇ تۈگىمەيۋاتىدۇ. قۇرتلاپ كەتكەندەك جىق نەرسە-مىكىنتاڭ! — باراتئاخۇن گۈركىرەپ نۇرغۇن سۆزلەپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شۋېد مىسسىئونېرلىرىغا قارشى كۈچلۈك كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى.

— باراتئاخۇن، ئالدىرىماي سۆزلەڭ، بۈگۈن قانداق ئىش بولدى، ۋەقەنىڭ ئۆزىنىلا سۆزلەپ بېقىڭا! — دېدى قۇتلۇق ھاجى ئۇنىڭغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ.

— نېمە بولماقچى ھاجىم، يەنە سۆزلىسەك يەنە شۇ، بۇ خەقنىڭ دەردىدە قورساق ئېسىلىدىغان گەپ!

— قېنى، ئالدىرىماي سۆزلەڭ!

— سۆزلەي، سۆزلەي، — دېدى بارات قىزىشىپ، — ئۇلار بەك يامان خۇمپەرلەر ئىكەن. بىر كۈنى قارىسام، مېنى قەستلەپ قاپتۇ، ئەلپازىدىن مېنىڭ دىنىمنى ئوغرىلايدىغاندەك قىلىدۇ، قېنى، قانداق ئوغرىلايدىكىن، بىر سىناپ باقاي، دەپ ئاستا كىرسەم، ئاق پېشما. خامسېمىز كەلگەن ئېگىز بويلۇق بىر مىسسى خۇش خۇيلۇق بىلەن: كەل، باراتئاخۇن، دەپ ئالدىمغا كەلدى ۋە سەن بۈگۈن كەلدى، دەپ سۆز باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا، ھە بۈگۈن كەلدىم، دەپ جاۋاب قىلدىم. ئاندىن ئۇ، سەن كۈندە-كۈندە كېلىدۇ، دېدى. مەن، كۈندە-كۈندە كېلىمەن، دېدىم. ئۇ تېخىمۇ خۇش بولۇپ، سەن كۈندە-كۈندە كېلىدۇ، بىز خۇش بولىدۇ. ئەيسا ياخشى، ئاسمانغا چىقتى، مۇھەممەت يەردە ياتتى، دېدى، شۇنداق بولدى، سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلاردىن ئەيسا سىلەرنى



AltunOq

تاشلاپ، ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، بىز ياخشى بولغىنىمىز ئۈ-چۈن، مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزبىز بىلەن يەردە بىللە ياتتى، بۇ ياخشى ئەمەسمۇ! دېدىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان مىسسىنىڭ چىرايى بۇزۇلۇپ، شېھىتتەك قېتىپلا قالدى. مەن ئۇنى ئاشۇن-داق بابلاپ قويۇۋىدىم، خۇدا ھەققى غىڭ قىلالماي قالدى. مەن قوپۇپ يېنىپ چىقتىم. ئىچىمدە دەيمەنكى، ھەرقايىسىڭىزە، باراتئاخۇننىڭ دىلىدىكى ئىمانىنى ئوغرىلىماقچى بولۇشتۇڭمۇ، ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ئىمانىنى سېتىپ، دىنىنى ئوغرىلىتىپ قويىدى-غان باراتئاخۇن تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشمىدى، دې-دىم، ئۇلار ئەنە شۇنداق يامان خۇمپەرلەر ئىكەن. بۇنىڭغا نەچچە كۈنگىچە قورسىقىم ئىششىپ يۈردۈم، بۈگۈن....

— توغرا. بۈگۈنكى ئىشنى ئوبدانىراق سۆزلەپ بېرىڭلا!

— سۆزلەي، سۆزلەي،— دېدى بارات سۆزىنى بۈگۈن-كى ۋەقەگە بۇراپ، — چۈشنىڭ ئالدىدا مىجەزىم يوق ئۆيدە ياتقانىدىم، چۈشتىن كېيىن، ئازراق ياخشىلانغاندەك بولۇپ، كوچىغا چىقتىم، چىقىشىمغا بىر تەرەپتىن ۋالڭ - چۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. نېمە بولغاندۇ، دەپ زەن قويۇپ قۇلاق سال-سام، كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — باراتئاخۇن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى، كۆپچىلىك دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى، — مەن ئۇنداق يەردىن قالمايدىغان ئادەم، ئىككى سەكرەپ ئۇستىگە بېرىپ قارىسام، ھېلىقى شۇتىلارغا سېتىلغان لالما ھەسەن شۇۋېد دېگەن نەرسە كونسۇلنىڭ زاكون تايىقى بىلەن بىر بالىنى — مانا مۇشۇ بالىنى ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ، — بارات يېنىدا تۇرغان بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — كونسۇلمۇ

ياكى باشقا بىرنېمىمۇ، ئىشقىلىپ ئىككى ئورا كۆز مايمۇنغا
ئوخشاش بىرنېمىلەر قاراپ كۈلۈشۈۋېتىپتۇ. بالا بولسا، تاياقچا
چېدىماي ۋايجان، دەپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئاچـ
چىقىم قەيەردىن كەلدىكىن، بوراندەك ئېتىلىپ بېرىپ، قولۇڭنى
تارت مۇناپىق، نېمىدەپ ئۇرىسەن، ئەجنەبىنىڭ كالتىكى بىـ
لەن ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئۇرۇشقا قاندىقمۇ ۋىجدانىڭ كۆـ
تۈردى، دەپ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، بالىنى ئاجرىتىۋالـ
دىم. بىر چاغدا كۆزىنى ياۋا كالىدەك ئالايتىپ كېلىپ، قەيەرـ
دىن كەلگەن بىر نېمىسەن، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشقۇچى بولـ
ما، دەۋاتىدۇ. بۇ يۈزسىزنىڭ گېپىگە ئاچچىقىم قەيەردىن كەلدىـ
كىن، بەدەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئۆزۈمنى مىڭ تەستە تۇتۇـ
ۋېلىپ، قولۇمنى كۆزىگە سانجىپ تۇرۇپ، مەن دېگەن قەشـ
قەرنىڭ ئۆزىدىن، شەھەرنىڭ كۆزىدىن چىققان باراتئاخۇن
دېگەن ئادەم بولىمەن. بىلىپ قوي! ئۆزۈڭ كىم، قەيەردىن
كەلدىڭ، قايسى ئەۋرەزدىن چىقتىڭ، كىمنىڭ يالىقىنى يالاپ،
كىمنىڭ تايىقىنى قولۇڭغا ئېلىۋالدىڭ، قولۇڭدىكى چىۋىن
قورۇغۇچىنى تاشلا، ھېلى بىكار، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن،
دەپ، تايىقىنى تارتىۋېلىپ يىراققا چۆرۈۋەتتىم. ئاندىن ئالدىـ
رىماي نەسىھەت قىلدىم، بىزدە ئامبال بىلەن كېتەمسەن، دورـ
غا بىلەن قالامسەن، دەيدىغان بىر گەپ بار. سەن ھەرقانداق
يالاقچىلىق قىلساڭمۇ، خوجايىنلىرىڭ سېنى بىللە ئەكەتمەيـ
دۇ، سەن يەنە بىز بىلەن قالىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خەق
ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئۇرۇپ يىغلىتىشقا ئۇيياتمامسەن،
دەپ، ئاغزىنى تۇۋاقلاپ تاشلىدىم. ئاغزىغا تېزەك قاپلاشقانـ
دەك، غىڭ قىلالماي تۇراتتى، ھېلىقى غىلدىرەك داموللا دېگەن

شەيتانچاق بىر يەردىن پەيدا بولۇپ، غىلدىرلاپ ئالدىمغا كېلىپ، بىئەدەپلىك قىلما. كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن، بىلەمسەن! جانابى مىسسى ئەپەندىملەرنىڭ ئالدىدا ئۇيات بولىدۇ، دەپ، كۆزۈمگە كىرىۋالدى. مەن دېدىمكى، قوشقۇنغا قىسىلغان تېزەكتەك، سەن قەيەردىن پەيدا بولدۇڭ. تولا مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىۋالما، مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ ساڭا ئوخشاش بىر توپ لاممالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن، دېيىشىمگە، چۆرەمگە ئولاشقان خەلق پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىزا-ئاھانەتكە چىدىمىغان غىلدىرەك داموللا ئاغزىڭنى يۇم مۇرتەد! دەپ دېۋىنىپ كەلدى، ئاچچىقىمدا، مۇرتەد دېگەن ئۆزۈڭ، دەپ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتىم. سەن بۇ مۇرتەدلىكنى داموللا چاپىنىغا ئوراپ ھەرقانچە يوشۇرساڭمۇ، پۈتۈن قەشقەر ئوبدان بىلىدۇ، دېۋىدىم، ئاغزىغا بىر كومۇلاچ لاي قاپلاشقاندەك، زۇۋانى تۇتۇلۇپ، گەپ قىلالماي قالدى! يەنە قاراپ تۇرسام، ھېلىقى بەدرەك مەخسۇم پەيدا بولدى. غىلدىرەكتىن قۇتۇلسام، بەدرەك كەپتۇ. دېدىم، ئىچىمدە. ئۇمۇ ئوخشاشلا چاپانچىلىق قىلىپ: سەت بولىدۇ، ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلە! دەپ چەكچىيىپ، ئالدىمغا چىقىۋاتامدۇ! ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىر نۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە. بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كەلدى، بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ. قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي، دېگەندەك، جاھاندىكى ھەممە سەت ئىشنى ئۆزۈڭ قىلىپ، ماڭا نەسىھەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ! كۆتۈر قاسقىنىڭنى، پۈتۈن سەتچىلىكنى مەخسۇم دېگەن ئىسىم بىلەن يوشۇرۇۋالسام ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ خام ئويلىما، ھەممىنى بىلىمىز. ئىلپەتلىرىڭ ئۇچراپ قالسا، مەيدانخانىڭغا(1) كىرىپ چىلىم چېكىسەن، خەلپىتىم ئۇچراپ قالسا،

(1) مەيدانخانا - چىلىم بىلەن نەشە چېكىدىغان ئورۇن.

نامازخان بولۇپ جامەگە كىرسەن، ئەجنەبىنى كۆرگەندە، يالـ
قىنى يالاپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي
قالىسەن، سىنىڭ بۇ سەت ئىشلىرىڭنىڭ زىر - زەۋەرلىرىگىچە
بىلىمىز، پۈتۈن قەشقەر بىلىدۇ. پۈتۈن ئالەم بىلىدۇ...! دەپتىم،
ئاغزى كامادەك ئېچىلىپ، غىڭ قىلالماي قالدى.

— بالىنى نېمىدەپ ئۇرۇپتىكەن؟ — دېدى قۇتلۇق شەۋقى
باراتنىڭ سۆزى ئۈزىراپ كەتكەنلىكتىن سوئال چىقىرىپ.

— ئويناۋاتقان بالىنى تۇتۇۋېلىپ ... ياق، مەنمۇ
ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن، — دېگەن بارات باللارغا قاراپ، —
كېلىڭلار، ئالدىغىراق چىقىپ. ئۇلارنىڭ سىلەرنى نېمە سەۋەبـ
تىن ئۇرغانلىقىنى ئۆزۈڭلار سۆزلەپ بېرىڭلار! — دېدى.

توپ ئىچىدىن ئىككى بالا خۇددى ئانىسىغا تارتىشقان موـ
زايدەك تېپىشىپ، تەسلىكتە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلاردىن بىرى
باش سۆڭىكىنىڭ يوغانلىقىدىن چوڭ كىشىلەردەك كۆرۈنەتتى.
يۈزلىرىمۇ گۆشلۈك ئىدى. مونچاقتەك دۈرلۈق، قاپقارا كۆزلىرى
كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئەمدىلا سەككىز - توققۇز ياشقا
كىرگەن بۇ بالا كىشىلەرگە خۇددى چوڭ كىشىلەردەك قارايتتى؛
يەنە بىرى، ئىسكىلىتتەك ئورۇق، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق، چىرايى
زەپەر رەڭدەك سىرىق كۆرۈنەتتى. ئېڭىكىنىڭ ئاستىدا يېڭىلا ساـ
قايغان چاشقان يارىسىنىڭ تارتۇقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتـ
تى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خېلى دەرىجىدە ئاچ - توق قېلىپ، ئازاب
چەككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سىلەر قانداق ئويۇن ئوينىغان؟ — ئابدۇقادىر
داموللا ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن
سوئال قويدى.

داموللامنىڭ ئالدىدا ھېيىققان باللار نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى تاپالماي ۋاتقاندەك، بىر - بىرىگە قارىشىپ، گاھى تىلىنى چىقىرىشىپ تۇراتتى. قۇتلۇق شەۋقى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— سۆزلەڭلار، داموللا داداڭلارغا تارتىنماي سۆزلەپ بېرىڭلار! — دېدى.

— بىز ناخشا ئېيتىپ ئويناۋاتاتتۇق.

— بۇلارنىڭ ئېيتىپ ئوينايدىغان بىر ناخشىسى بار،— دېدى بىر كىشى توپ ئىچىدىن سەل - پەل ئالدىغا چىقىپ، — ئۆزلىرى ئېيتىپ كۆرسەتسۇن!.

ئابدۇقادىر داموللامدىن تارتىپ، نەق مەيداندىكى ھەممە ئادەم باللارنىڭ ئويۇننى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇشتى. كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى ھەم بىسمى ئارقىسىدا ئۇلار مەشكە دەسسەپ ئوينايدىغان ئويۇننى كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن قاتار بولۇپ مەشكە دەسسەيتتى. ئاندىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

بىز توچى يىگىت،
ئېيتىمىز بېيىت،
يوقال بۇ يۇرتتىن —
ئىنگلىز، شۋېت!...

— بېشارەت، بېشارەت! — دېدى ئابدۇقادىر داموللا ھەيران بولغان كۆپچىلىككە قاراپ، — باللارنىڭ ئويۇنى ئەمەلىيەتتە دەۋرنىڭ ئىنكاسى! ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇكى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەجنەبىيلەرگە بولغان نارازىلىقى، قارشىلىقى مانا مۇشۇ نارەسىدە باللارنىڭ ئويۇنى، پاك تىلى ئارقىلىق ئەكس



AltunOq

ئەتكەن! شۇنداق ئەمەسمۇ يارانلار! — داموللام بىرئاز توخـ
تىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، — بالىلار بىزدىن جىق ئوزۇپ
كېتىپتۇ. ئۇلار بايراق كۆتۈرۈپ، سەپنىڭ ئالدىدا خىتاب
ياڭراتقان يەردە، بىز غەپلەتتە، بىخەۋەر بوپتۇمىز. ئۇلارنىڭ
شىپاخانا ئېچىش، دىن تارقىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئەقىدە ئوغـ
رىلاش، ئاستىرتىن ئەپيۇن سېتىش يولى بىلەن خەلقىمىزـ
نى زەھەرلەشتەك تاجاۋۇزكارانە ئىشلىرىغا قول قوشتۇرۇپ
قاراپ تۇرۇشىمىز توغرا كەلمەپتۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا سۈكۈت
قىلىپ قاراپ تۇرىدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز
ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز!

داموللام نېمە ئۈچۈندۇر تىترەپ كەتتى. ئۇنى قانداقـ
تۇر ئېغىر دەرد - ئەلەم ئازابلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىرئازـ
دىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان هالدا، بالىلار تەرەپكە
قاراپ:

— بالىلار مەكتەپكە ئېلىنسۇن! — دېدى.

## ئون تۆتىنچى باب

# ئاچچىق خىيال، كەسكىن پىكىرلەر

«دەرد يۈتۈش، ئەجەل يۈتقالدىن ئېغىرا»
(خەلق سۆزى)

بىر كۈنلۈك زىچ مەشغۇلاتتىن ھارغىنلىق يەتكەن ئابـ دۇقادىر داموللا بىر كېچە تاتلىقىنا قېنىپ ئۇخلاپ، ئارام ئېلىشنى خالايتتى، ئەمما ئۇيقۇ تاپالمىدى، بۇ كېچە ئۇدـ دى دولقۇنغا ئۇچرىغان قېيىقتەك، ئاچچىق خىيال دېڭىزىدا ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ قىرغاققا سوقۇلۇپ چايقىلىپ چىقتى.

ئۇ ئەمدىلا يېتىشىغا، بۈگۈن يۈز بەرگەن مىللىي خورـ لۇقنىڭ ئاچچىق ئەلىمى خىيالىغا كېلەتتى ـ دە، خۇددى يىلان چېقىۋالغان ئاغرىقتەك ئازابلىنىپ ياتالمايتتى. ئەمدىلا كۆز يۇمسا، قانداقتۇر قولىغا سىم قامچا تۇتقان ئورا كۆز، مايمۇن تەلەت مەخلۇقلارنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىپ يۈرگەنلىرى، ئۇلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، خەلق

بېشىدا قامچا ئوينىتقانلىرى، خالىغان چاغدا، خالىغان كىشىلەرنى ئۇرۇپ - سوقۇپ خورلىغانلىرى، تىل - ھاقارەت قىلغانلىرى... كۆز ئالدىغا كەلسە، قۇلىقىدا ئەلنىڭ مۇڭ - زارى بىلەن نالە - پەريادى سايرايتتى - دە، پەقەت ئۇيقۇ تاپالمايتتى!

— «خۇدايا توۋا!» — دېدى ئۇ تەكىيىدىن بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ. ئۆي ئىچى تۇم قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ پەيمانىغا تولغان دەردلىك ھاسىراشلىرى كۆل سۈيىدەك تىنىق ۋە جىمجىت ئۆيدە سۈرلۈك ئاڭلىناتتى. داموللام دېرىزىگە قارىدى. ئاسمان دېڭىزدەك سۈزۈك ئىدى، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى.

«ياتتىن يات كىشىلەر - ھە! ئەجەبا، بۇ زېمىندە ئىنسىنىڭ دوپپىسى چۈشۈپ قالغاندەك، شۇنچە يىراقلاردىن تاغ ئاتلاپ، داۋان ئېشىپ كەلگىنى نېمىسى! قانداقتۇر ساپارەتخانا،① شىپاخانا ۋە باشقا سودا تورلىرى قۇرغىنى نېمىسى!؟ بۇ ئۇلارنىڭ «جاھانگىرلىك» تەبىئىتى. ئۇلار شۇ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، ھوقۇق - ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، يۇرتىمىزنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ - تالاپ، خەلقىمىزنى قۇل قىلماقچى! ئۇلار ئازازۇلدەك، ۋەسۋەسە سېلىپ خەلقنى ئازدۇرسا، دەججالدەك نەغمە - ناۋا ياڭرىتىپ، ئەقىدە ئوغرىلىماقچى. جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا. ئەڭ ئاخىردا، يەجۈج-مەجۈجدەك ئاستىنقى كالپۇكىدا بىر قات يەرنى، ئۈستۈنكى كالپۇكىدا بىرقات ئاسماننى سويۇپ يېمەكچى! بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك سۈيىقەست - ھە! بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلىپ

① ساپارەتخانا — ئەلچىخانا.

تۇرغىلى بولسۇن!؟»

«ئەجەبا، بۇ سۇيىقەستلەر ئۇلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر ھەسەن شۇبىد، يۇسۇپ شۇبىد دېگەنگە ئوخشاش ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ۋىجدانسىز مۇناپىقلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئىشلىنىۋاتقانلىقى تېخىمۇ ئېغىر ئەلەم ئەمەسمۇ! بۇ سۇيىقەستلەر خۇددى ئەۋرەزدىن چىققان چايانىدەك زەھەر سانجىپ ئازابلاۋاتسا، بۇ ئازابقا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن! ئاھ، دەردىم، بۇ ئازاب، بۇ خورلۇقلار قاچانمۇ تۈگەر!...»

ئابدۇقادىر داموللا چەكسىز ئازاب ئوتىدا ئۆرتىنىپ، قىلدەك تولغىناتتى. ئاچچىق خىياللار خۇددى سەپكە تىزىلغان لەشكەردەك، بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى كېلەتتى. ئۇيقۇ پۈتۈنلەي قاچقانىدى. «قانداقمۇ قىلىشارمىز، قانداقمۇ قىلىشارمىز!...» دېدى ئۇ دەردلىك ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ. ئۇنىڭ دەردى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. يۇرت غېمى، مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بېشى تاشتەك قاتقان داموللا ئېغىر ئۇھسىناتتى، ئۇ غەزەپ بىلەن يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى:

«يېڭىلىق، ئىسلاھات تەرغىباتلىرى، خەلقنىڭ ئويغىنىش، تەرەققىي قىلىش تەلەپلىرى قىلچە تەسىر قىلمىغان مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر، قىرىق يىل سۇغا باغلاپ قويسىمۇ، دىلى ئېرىمەيدىغان پاسىق ـ بېخىللار، پۈتۈن ئەسكى ئىللەتلەرنى، دىيانەتسىزلىك، ئىنساپسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە باشقا رەزىل ـ پەسكەشلىكلەرنى قانداقتۇر چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئىشان، سوپى، مەخسۇم، ۋەلى دېگەندەك سىرلىق ئىسىملار ئاستىغا يوشۇرۇپ يۈرگەن، تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان قانداقتۇر

ئىقابىلىق مەخلۇقلار بىزگە كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەمنىڭ قانـ
لىق خەنجىرى ئەمەسمۇ؟! ئاللا بـۇيرۇغان ھەق يولغا زاھىرەن
ئەمەل قىلغان بـولۇۋېلىپ، ئـەمەلىيەتـتـە، بـۇزۇپ كېلىۋاتـ
قان، خۇددى ھەج تاۋاب قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە،
تىجارەتكە ماڭغان نىيىتى بـۇزۇق پاسىقلارغا ئـوخشاش، ئاللا
بەرگەن ئىلىمنى پۇل تېپىش، قورساق بـېقىشنىڭ دەسمايىسى
قىلىۋالغان موللىلار، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قاتراپ، دۇئاخانلىق
قىلىپ بۇزۇلغان قىمارۋاز، پاھىشىۋاز ئوغلىغا ياكى مەنمەنلىك
قىلىشىپ، چوقان كۆتۈرۈشۈۋاتقان ئابرويپەرەس قۇشناچلارنىڭ
باركاللىسىغا پۇل توپلاپ بېرىۋاتقان دۇئاخانلارنىڭ قىلىۋاتـ
قان ئاچكۆزلۈكلىرى يـۈرەكنى زەرداپ قىلىۋاتـقان زەھەر ئەـ
مەسمۇ! پۈتكۈل ئىنساپسىزلىقنى، قـانائەتسىزلىكنى، پـىتنە ـ
پاساتنى ئۆزلىرىگە يېگانە كـەسىپ قىلىۋېلىپ، قـارا خەلقنى
ئىنساپ ـ دىيانەتكە، شۈكرى ـ قانائەتكە، شەرتسىز ئىتائەتكە
دالالەت قىلىپ،ئۇلارنىڭ قارىغۇلارچە ئىتائىتىدىن نەپ ئېلىپ
ئۆگىنىپ كەتكەن ئاچكۆز موللىلار ۋە ئـۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىـ
لىكى، تـاماخورلۇقى، كـوچىمۇ كـوچا قۇتراپ، بـۇلۇڭ ـ پۇچـ
قاقلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ نـارەسىدە قىزلىرىغا
دۇئاقىلىپ يۈرۈشتەك رەزىل قىلمىشلىرى يۈرەكنى زەرداب قىلغۇچى
دەرد ـ ئەلەمنىڭ بىر ئـۇچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمرىمەرۇپلىـ
رىغا ئالدىنىپ، ھاياتىدىكى بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قانا-
ئەت قىلىش يۈزىسىدىن، ھاياتلىقنىڭ رېئال لەززەتلىرىنى ئېتىقادـ
تىكى خىيالىي لەززەتلەرگە ئالماشتۇرۇپ،تەقدىرگە شەرتسىز بويـ
سۇنۇش، موللىلارنىڭ دېگىنىنى قىلىش، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى
موللىلارغا ئۆتۈنۈپ، ئۆزلىرى باقىي ئالەمدە راھـەت كۆرۈشكە



AltunOq

ئۈمىد باغلاپ، خار - زارلىق كۆڭلەرگە قالغان نادانلارنىڭ مۆمىن-
لىكى، مۆڭگۈلۈكى دەرد - ئەلەمنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئەمەسمۇ!
ئاھ... خۇدا، ۋادەرىخا! قانداق قىلماق كېرەك؟!»

جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ توپاننى خۇددى خامان سورۇ-
غاندەك، گاھى ئوڭ، گاھى تەتۈر شامالغا بىر كۆرجەك - بىر
كۆرجەكتىن ئېتىپ، دان بىلەن سامانىنى، ھەق بى-
لەن ناھەقنى ئاجرىتىپ چىققان داموللامنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن
سىمابتەك تىترەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كىشىنى ئەقىل - ئىد-
راكقا، چارە - تەدبىرگە، ئەمەلىي ئىشقا رىغبەتلەندۈرگۈچى بۇ
سوئالنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغان داموللامنىڭ شۇنداق
قۇدرەتلىك بولغۇسى كەلدىكى: «بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس
دەپ ئۆتۈنگىنا بۇيرۇسام، ئۈزسە خەلقنىڭ بويىنىدىن خارلىق كى-
شەن زەنجىرىنى» دېگەندەك، شاپائەتلىك خۇدا شۇنداق بىر قۇد-
رىتى سۇلايمان① ئاتا قىلسا، ئەگكۈشتەرنىڭ مۆجىزىسى ياكى
پۈتكۈل جان - جانىۋارلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن بىر كۈن
ئىچىدە، ياق، كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىش ئارىلىقىدا پۈتكۈل
جەمئىيەتنى قۇللۇق - ئاسارەتتىن، خەلقنى خارلىق كىشەن زەن-
جىرىدىن قۇتقۇزۇپ، مەرىپەت قۇياشى نۇر چاچقان، ھۆرلۈك-
ئەركىنلىك مەشئەللىرى يالقۇنجاپ جۇلا چاچقان شائىرانە ئال-
تۇن دەۋر باشلاشنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بۇ بىر ئالىيجاناب غايە،
ئارزۇ - ئۈمىد شامىنىڭ ئۇچىدىكى مەشئەل. مۇنداق ئالىيجا-
ناب غايىگە بىر كۈن، يېرىم كۈن ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ-
زۇن مۇددەت ئۈمىدۋار بولۇش، ھارماستىن كۆرەش قىلىش ئار-

① قۇدرىتى سۇلايمان — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئەگكۈشتەر بولغانىمىش ھەمدە پۈتۈن ھايۋاناتنىڭ تىلىنى بىلەرئىمىش ۋە ئۇلارغا پادىشاھ ئىمىش.

قىلىق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن داموللا خـ
يال كارابىنى ئەمەلىيەتكە بۇراپ، نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەـ
مەلىي ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئويلاشقا
كىرىشتى: ئـالدى بىلەن، ئىنساپسىز پىتنە ـ پاسـاتچى، ھەسەتـ
خور، مۇتەئەسسىپ ئىشان ـ داموللىلارنى ھەقىقەتكە ــ ئىنساپقا
دەۋەت قىلىش، كۆرۈنۈشتە تەقۋا، ئەمەلىيەتتە، بۇلاڭچىلىق قىـ
لىدىغان ئاچكۆز شـەيخ، مۇتىۋەللىلەرنى ئىنساپقا كەلتۈرۈش،
بۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن بىر قىسىم خىراجەت ئاجرىتىپ، مەرىپەت
چىراغلىرىنى كۆپرەك يېقىش، مەكتەپ، مەتبۇئات ئىشلىرىنى راـ
ۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىغا مەنپەئەتلىك ئىش قىلىپ بېرىش، ئاندىن،
ئەقىدە ئوغـرىسى ئىنگلىز، شىۋېد مىسسىئونېرلىرىنىڭ تاجاۋۇزـ
كارانە ھەرىكەتلىرىگە ئۇيۇشۇملۇق تاقابىل تۇرۇش لازىم!...

تۈن نىسپى بولغان چاغ. داموللامنىڭ خىيال جەڭگاھىدا
جەڭ باشلاندى: بېشىغا قاسقاندەك يوغان دەستار ئورىۋالغان،
دەستارنىڭ يوغانلىقىدىن يۈزى شەپەرەڭنىڭ يۈزىدەك كىچىك
ھەم كۈلكىلىك كۆرۈنىدىغان، ئۇچلۇق ساقال، يـوغـان قورساق،
سىرلىق ھەم سۈرلۈك ئادەملەر، يەنە قانداقتۇر، كىرپە تۇمشۇق،
ئورا كۆز، سىياقىدىن ئاچ بۆرىلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ
مەخلۇقلار، قانداقتۇر مايمۇن تەلەت، تارشابەل، پىروزا كۆز، قاپاق
سۆلەت غەيرىي پاسون ئادەملەر، ھە دېسىلا گەدەنلىرىگىچە قارا
قان ئۆرلەپ، مىس قازاندەك قارىداپ كېتىدىغان قېنـى بۇزۇق
تەلۋىلەر... يـەنە قانداقتۇر، ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆرۈنۈشتىكى
مۇز چىراي مۇتەئەسسىپلەر داموللامنىڭ ئالدىدا خۇددى ھۇجۇمـ
غـا تەييـار تـۇرغـان يىرتقۇچـلاردەك ھۈرپىيىپ تۇرۇشاتتى.
ئـۇلارنـى پـەنـد ـ نـەسـىـھـەت بىلـەن ئىنساپقا كەلتۈرۈش

كىرەك ئىدى. مۇنازىرە باشلاندى. مەيداندا ھەق بىلەن ناھەق كۈچ سىناشقىلى تۇردى. چەك مەيداندىدا بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى تەرەپ تەك ئوق ئېتىشقاندەك، مۇنازىرىدە ئىككى تەرەپ پىكىر قىلىشقا باشلىدى. داموللامنىڭ يوللۇق، كەسكىن پىكىرلىرى، دەلىل ـ ئىسپاتلىرى ئالدىدا، مۇتەئەسسىپلەر شۇنداق مەغلۇپ بولاتتىكى، مۇنداق چاغلاردا، ئۇلار كەسپىي جاھىللىقىغا تايىنىپ، يىڭنىسىنى يوقىتىپ قويغان قۇشناچىمىدەك يەرگە قاراپ جىم تۇرۇۋالاتتى. دېمىسى رۇسلىۋېلىپ، بىردىنلا بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ كېرەكسىز پىكىرلىرىنى ئۇيا لماستىن تەكرارلاپ، ئاتايىن كاجلىشاتتى. بەزىدە، بىقىنىغا كالتەك يېگەن توپاقتەك مۆگەتتى، بەزىدە، توسۇن تايدەك قېيغاق ئېتىپ، ئىگەر ـ توقۇمنى قارنىغا ئالاتتى، ھەتتا تېپىشكە، چىشلەشكە تەييارلىناتتى... ئۇلار ۋىجدانىدىن، ئىنساپتىن، دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كەچسە كېچەتتىكى، بالا تەككەن نەپسىدىن ۋاز كەچمەيتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق كاج، جاھىل، تەلۋە مۇتەئەسسىپلەر ئىدى. ئۇلار بىلەن ھارماي ـ تالماي ئېلىشىش، مۇنازىرىلىشىش، ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ جاھىل قورغانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلققە بەخت ـ سائادەت يەتكۈزىدىغان گۈلىستان باغلارنى قۇرغىلى بولاتتى. تاڭ ئاتسۇن، خۇدا بۇيرۇسا، بۇ مۇقەددەس ئىشنى باشلىسام... ئەقىدە ئوغرىسى مىسسىئونېرلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلسام... ئاھ خۇدا، قاچان تاڭ ئاتار!

چاپسانراق تاڭ ئېتىشقا تەقەززا بولغان ئابدۇقادىر داموللا تىت ـ تىت بولغىنىدا، نەچچە قېتىم سىرتقا چىقتى. يۇل ـ

تۈزلار چىمىرلىشىۋاتقان سىرلىق ئاسمان گۈمبىزىگە چاپسانراق تاڭ ئاتسا ئىكەن، دەپ ئىلتىجا قىلدى، ئەپسۇسكى، تۈن كارۋىنى هامان ئۆز يولىدا ئاستا ماڭاتتى. ئالدىرىغان كىشىگە هەرقانداق تېز سۈرئەت، كالا هارۋىسىغا ئوخشاش ئاستا بىلىنگەندەك، داموللامغىمۇ بۇ كېچە ئەنە شۇنداق ئاستا بىلىنەتتى. پىيادە ماڭساممۇ بۇ چاغقا يەمەنگە نەچچە بېرىپ كەلگەن بولاتتىم، دېدى ئۇ ئىچىدە تىت - تىت بولۇپ...

سۈزۈلۈپ تاڭ ئاتتى. سېنتەبىرنىڭ باشلىرى، ئەتىگەنلىكتىكى ساپ هاۋا ئىنتايىن سۈزۈك ۋە سالقىن ئىدى. داموللا ئالدىراش تەرەت ئالدى. پۈتۈن كېچە تەييارلىق كۆرۈپ، تاڭ ئېتىش بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغان پىدائىيلاردەك، جەڭگىۋار روھ بىلەن ئۆيدىن چىققان داموللا ساپ هاۋادىن نەپەس ئالغاچ، مەسچىتكە بېرىپ، جامائەت بىللە بامدات ئوقۇدى...

بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى هەرقانداق كۈندىكىدىنمۇ تېتىك هېس قىلاتتى. ئەتىگەنلىك دەرسىنىمۇ سەهەر سايرىغان خۇش ناۋا بۇلبۇلدەك، مۇكالىمە قىلىپ تالىپلارغا دەرس ئۆتتى.

دەرس تاماملانغاندىن كېيىن، داموللام ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ، تالىپلارغا تەكشى نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن پۈتۈن بىر كېچە بىئارام قىلغان دەردلىك شاۋقۇننىڭ بۇژغۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. داموللامنىڭ قانداقتۇر بىر توغرىدا سۆزى بولسا كېرەك، دەپ بېشارەت تاپقان ئوتتۇزدەك تالىپ قىمىر قىلماستىن، ئۇستازىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. داموللام تامىقىنى بىر - ئىككى قىرىۋېلىپ سۆزگە كىرىشتى:

— دەرس ئاخىرلاشقاندا، ئۇستاز ـ شاگىرت دېگەن سۆز
يوق، ھەممىمىز ئوخشاش، — دەپ سۆز ئاچتى ئۇ سالماق تەلەپپۇز-
دا، — ھەممىمىز ئوخشاش ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار بولغىنىمىز
ئۈچۈن ئەسرارلىرىمىزنى، ھالۇ ئەھۋاللىرىمىزنى بىر ـ بىرى-
مىزگە ئېيتىپ مۇڭدىشىمىز، شادلىقىمىز بولسا، تەڭ شادلىنىپ
خۇرسەن بولىمىز، دەرد ـ ئەلەم، قايغۇلىرىمىز بولسا، تەڭ
تارتىشىپ، تەڭ يىغلىشىمىز. شۇنداققۇ! — داموللام كۆپچىلىككە
تەكشى قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن «ئەلۋەتتە شۇنداق» دەي-
دىغان جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى، — مەندە ئۇ-
زۇندىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، بۇ يېقىندىن ئېغىرلاپ كۆتۈ-
رەلىگۈسىز، چىداپ تۇرالىغۇسىز، سەۋر ـ تاقەت قىلغۇسىز دە-
رىجىگە يەتكەن بىر دەرد بار. بۈگۈن مەن شۇ دەردىمنى ھەر
قايسىڭلارغا ئېيتماقچىمەن!

تالىپلار قىتىرلىشىپ، يەر ئاستىدىن بىر ـ بىرىگە قا-
راشتى. قانداقتۇر بىر خىل جىددىيلىكتىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى
ئىختىيارسىز گۈپۈلدىمەكتە ئىدى.

داموللام داۋام قىلدى:

— بۇ دەرد شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، — دېدى ئۇ مۇددى-
ئادىن رەسمىي سۆز ئېچىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى، سۆز-
لىرى ئۇرغۇلۇق جاراڭلىدى، — بىزگە ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە
ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدىغان چەت ئەل مۇخالىپەتچىلى-
رى شۇنچە يىراق جايلاردىن قاتمۇ قات تاغ ـ داۋانلارنى
ھالقىپ كېلىپ، ۋەتىنىمىزدە ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا
ئىگە بولۇپ، ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىپ، ماددىي ۋە مە-
نىۋى جەھەتتە، تاجاۋۇزكارانە ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا،


AltunOq

روشەنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، خەلقىمىزنى مەنىۋى جەھەتتە قۇل قىلىش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، تالان - تاراج قىلىشتۇر! ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار بۇنىڭدىن 20 - 30 يىللار ئىلگىرى شەھىرىمىزگە تۈلكىدەك قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، غايەت ۋە بىناھايەت بىچارە قىياپەتتە كېلىشكەنىدى. ئۇ چاغدا مۇئامىلىسى سىلىق، گەپ - سۆزلىرى يۇمشاق ئىدى، ھازىر بولسا، ھەر بىرى بىردىن شىر - يولۋاسقا، قاۋان - توڭگۇزغا ئايلىنىپ، بىچارە قېرىنداشلىرىمىزنى خالىغانچە دەسسەپ - يانجىپ، چاينىپ يۇرقىماقتا! قانداقتۇر، شىپاخانىلار قۇرۇپ، ھەقسىز داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ئەقىدە ئوغرىلاپ، كەلگۈسى تاجاۋۇزغا زېمىن ھازىرلىماقتا. ئىچىمىزگە ئىختىلاپ ئۇرۇقى چېچىپ، بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆز كۆزىمىزنى ئويۇپ تاشلاشتەك سۇيىقەستلەردە بولماقتا. ئالدىنقى كۈنى شۋېدلار يەنە ئىككى قېرىندىشىمىزنى خالىغانچە ئۇرۇپ، باش - كۆزلىرىنى زېدە قىلىپ قان ئاققۇزۇپتۇ.... مانا بۇ تۈنۈگۈنكى، ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال، چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق. بۇنىڭغا ھەرقانداق كىشى غەزەپلەنمەي تۇرالمايدۇ!... — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، داموللام تېخىمۇ قايناپ، شۋېد مىسسىيونېرلىرىنىڭ 1905 - يىلى قەشقەرگە ئاياغ بېسىپ كىرگەندىن بۇيانقى قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىنى، زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق پاش قىلغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى، — يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىلمەسكە سالىدۇ. ئۇلاردىن قورقۇپ يول قويىدۇ. بايلار تېخىمۇ شۇنداق، ئۇلار «ئۇ-

زۇگنى بىل، ئۆزگىنى قوي!» دەپ كۆز يۇمۇپ، قۇلاق يـوپۇرـدۇ. بىزنىڭ بېشىمىزدىكى ئېغىر دەرد ـ ئەلەم مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. مېنىڭ نەچچە كۈندىن بېئارام بولۇپ كېچىلەرنى ئۇيـقۇسىز ئۆتكۈزۈپ كېلىشىم ئاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. قېرىنداشلار، ئويلاپ كۆرۈڭلاركى، بۇ ئىشقا سەل قارىغىلى بـولمايدۇ. بۇ ئىش ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىددىي ۋە زۆرۈر ئىش. چارە ـ تەدبىر كۆرۈپ، بېشىمىزغا يۈزلەنگەن بـۇ بـالايىئاپـەتنى چەكلەش، توسۇش ھـەربىر ۋەتەن ئوغلىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى! ۋەتـەن سـۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭغا ھـەربىر كىشى پىكىـر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلىشى، چارە ـ تەدبىر قوللىنىشى كېرەك. ئاللا ھەممىمىزگە ئەقىل ـ ئىدراك، چارە ـ تەدبىر، كـۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!...

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستاز، بىز تـەييار، بـۇ يولـدا جېنىمىز پىدا!

— بىزمۇ ئۇزۇندىن ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتۇق، ئۇستاز- لاردىـن بـۇنچىلىك بېشارەت بېرىلگەنىكەن، بـۇ ئىشقا جېنىـمىز پىدا!...

تالىپلارنىڭ ئاۋاز قوشۇپ، بىردەك توۋلاشقانلىرى مەدـرىسنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى!...

× ×

ئاش ۋاقتى بولۇپ قـالغانىدى. دامـوللام مەدرىستىـن

ئۆيىگە قايتتى. ئۇ تېخى ناشتا قىلمىغانىدى. ئەمدىلا دەرۋازا ئالدىغا يەتكەندە، يىراقتىنلا بىر كىشى ئېگىلىپ سالام بېرىپ، باغاق سۇندى. بۇ ئادەمنىڭ ئېگىلىپ سالام قىلىش تۇرقى ۋە باغاق سۇنغان قوللىرىنىڭ ئەۋرىشىم ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا، قايسىبىر باينىڭ ئادىمى بولۇپ، ئۇزۇن يىلدىن بايغا خۇش - خۇش دەپ مەشق بولۇپ كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— باي ئەۋەتتى، داموللامنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈز دېگەنىدى، — دېدى ئۇ قولىنى ئېگىز سۇنۇپ. ئۇنىڭ بەللىرىنىڭ ئەۋرىشىم تولغىنىشلىرى، مۈرىلىرىنىڭ تەكچۈك بولمىغان ئەپكەشتەك ئېگىز - پەس تۇرۇشى كۈلكىلىك ئىدى. داموللام بىر قاراش بىلەنلا بۇ ئادەمنىڭ قوي ئىتلىرىدەك، ئۆگىنىپ كەتكەن خۇشامەتگۈي ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن قۇللۇق مىجەزىنى بايقاپ، ئاتايىن گەپكە سالماقچى بولدى:

— قايسى باي؟

— خۇش، ھەمراھباي ئەۋەتكەنىدى.

— نېمە بوپتۇ؟

— مېھمان چاقىرغانىدى.

— قانداق مېھمان؟

— ئاڭلىسام، ئەتە تىتەي چىقىدىكەن، جانابىي كونـسۇللارمۇ كېلىدىكەن، — دېدى ئۇ چاقماقتەك نېر جاۋاب قىلىپ.

— كونسۇل نېمە قىلىدىكەن؟

— سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوقمۇ تېخى! — دېدى ئۇ ھەيـ

ران بولغان قىياپەتتە داموللامنىڭ كۆزىگە قاراپ، — شۇنـ
چە يوغان ئىشنى .... ئىنگلىز كونسۇلى بىلەن ئىرروس كونـ
سۇلى بۇ يىل ياز خاپا بولۇشۇپ قاپتىكەن، شۇنىڭ بۇياقىدا
ئىككى كونسۇل بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ قېلىپ، بىرى
مۇرىسىنى چىقارسا، بىرى دىمىغىنى قېقىپ، زادى ئەپلىشەلـ
مەپتۇ. بىزنىڭ باي ئىككى پادىشاھ ئۆچەكەشسە، بولغۇلۇق
پۇقراغا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ
قويۇش ئۈچۈن بۇ زىياپەتنى بەرمەكچى!

— بۇ بەك «ئۇلۇغ»زىياپەت ئىكەن، ئۇنداق يەردە بىزـ
گە نېمە بارا — دېدى داموللام مەسخىرە ئارىلاش مىيىقىدا
كۈلۈپ.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، بۇيان ماڭاشىمدا، قازى داـ
موللام كەلمىسە بولمايدۇ، دەپ ئاتايىن تاپشۇرغانىدى. ئىلتىپات
قىلسىلا! — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — لېكىن، ئەتىكى
زىياپەت ئۇنداق - مۇنداق بولىدىغان زىياپەتلەردىن ئەمەس،
جۇما! كونسۇل ئەپەندىملەر بەدەخشان ئارغىماقلىرىدەك نازۇك
كېلىدىغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ باي ئۇلارنى بەك ئېسىل، بەك
نازۇك خەق، رەنجىتكىلى بولمايدۇ، دەپ، پۈتى كۆيگەن توـ
خۇدەك، قوغۇننى يەيزىۋاتتىن، ئەنجۈرنى بەشكېرەمدىن ئالدۇـ
رۇپ كەلدى. كاۋاپنىڭ ئۆزىلا ئۈچ خىل: قىيما كاۋاپ، زىخ
كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ. قەشقەردە داڭ چىقارغان نۇراخۇن كاـ
ۋاپچىغا بەش دانە پاقلاننى ئۆزۈم ھەيدەپ ئاپىرىپ بەردىم،
ئۆلگۈرتمىسىلە بولمايدۇ، دەپ، قاتتىق جېكىدىم. ئىلتىپات قىلـ
سىلا، خۇش بولاي، ساپسېرىق ھەسەلدەك پىشقان تونۇر كاۋاپـ
تىن پەلەمما قىلغاچ ئولتۇرۇپ كەلمەملا!

داموللام سەسكىنىپ كەتتى، تەسلىكتە ئۆزىنى تۇ-
تۇۋېلىپ:
— سەن ئۇ ھەمراھباينىڭ قانداق ئادىمى؟ — دەپ
سورىدى.
— خۇش، مەن بالا چېغىمدىن تارتىپ باينىڭ ئالدى-
دا... چوڭ بولغان.
— قۇلمۇ سەن؟
— ياق داموللام، مەن قۇل ئەمەس! — دېدى ئۇ ھې-
جىيىپ، كۆزلىرىدىن قانداقتۇر شۈبھە ۋە خۇدۇكسىرەش ئالامى-
تى چىقىپ تۇراتتى، — لېكىن بولسامۇ، ھەمراھبايدەك ئادەم-
گە قۇل بولسام، پۇشايمىنىم يوق، جۇما!... نېمىشقا دېسىلە، ئۇ
بەك ياخشى ئادەم. كۆڭلى مومدەك يۇمشاق، كۆكسى دەريادەك
كەڭ، قولى شەھەر دەرۋازىسىدەك ئوچۇق-سېخىي. ئۇنىڭ ياخ-
شىلىقىدىن كاچىتىمغا بىرنى ئۇرسا، يەنە بىرنى ئۇرسىلا، دەپ،
بۇيانقى كاچىتىمنىمۇ تۇتۇپ بەرگۈم كېلىدۇ. مېنى بەك ياخشى
كۆرىدۇ. مەنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن. ھەر كۈنى قانچە قېتىم
تىللاپ تەستەكلەپ تۇرسىمۇ، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بەقەت
كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. يەنە سالام قىلىپ ئالدىغا كىرىۋېرىمەن.
ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئاچچىقى بىردەمچىلىك، كەچۈرىدۇ.
— ئىسمىڭ نېمە؟
— ئەمەت قۇل.
— ئەمەت قۇل!؟ — دېدى داموللا ئىستىھزا ئارىلاش
كۈلۈمسىرەپ، — بۇ گەپچە، سەن باينىڭ قۇلدەك يېقىن ئادىمى
ئىكەنسەن. بېرىپ شۇنى ئېيت، ئىككى كونسۇل غاژ-غۇژ قىل-
سا، باريكاللىسىغا مىڭ سەرلەپ پۇل خەجلەپ داستىخان سال-


AltunOq

غان ئۇنداق سىخىي باينىڭ ھارام زىياپىتىگە ئۆزۈمغۇ بارمايـ
مەن، سەھرا ئۆيىدىكى ئالا كۈچـۈكۈمنىمۇ ئەۋەتمەيمەن! بىرىپ
ئىيت، مۇشۇ سۆزلىرىمنى ئېيقىتماي ـ تىمىتماي، ئـەينەن يەتـ
كۈز، بولامدۇ!؟

ــ خاپا بـولۇپ كېتەرمىكىن! ــ ئۇ ئارىسالدى بولغان
قىياپەتتە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى.

ــ خـاپا بولسا، سىنى يەنە ئىككى تەستەك ئۇرار ياكى
تىللار. نىمە غەم يەيتتىڭ! قـۇللۇق روھىڭغا ئـار كـەلمەيدۇ،
بار، يـۈگـۈر، مـەن نىمدىگەن بولسام، خـوجايىنىڭغا شـۇنى
يەتكۈز!

داموللام باغاقنى چۆرۈۋېتىپ، ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

## ئون بەشىنچى باب

## بىر مەيدان كەسكىن جەڭ

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرى روسىيەدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق مەزگىللەردە. قاسساپچىلىق، ئەتكەسچىلىك قىلىپ باي بولۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن سىدىقئاخۇننى كىشىلەر «ئەنجانباي» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھېسابسىز بايلىق توپلىغان ئەنجانباي قەشقەرگە قايتىپ كەلمەكچى بولۇپ، ئۈچ ئارغىماق تەييارلاپتۇئىمىش، بىر ئارغىماققا ئۆزى مىنىپ، بىر ئارغىماققا خوتۇنىنى مىندۈرۈپ، يەنە بىر ئارغىماققا يوغان بىر خۇرجۇن تىللا ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر كېچىسى تاڭ سەھەردە، چېگرىغا يېقىنلاپ كېلىپ قارىسا، قاراۋۇللار چېكىشىۋاتقان پاپروس تاماكىنىڭ چوغلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئاپلا... قاراۋۇللار ئويغاق ئىكەن، دەپتۇ ـ دە، مەسلىھەتلىشىپ، بىردىنلا ئات سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئاتلارنى

قامچىلاپ بولۇشغا چاپتۇرۇپ، چېگرىنى بۆسۈپ ئۆتۈۋاتقاندا، قاراۋۇللار توسۇپتۇ. ئۇلار قۇلاق سالماپتىكەن، قاراۋۇللار ئېتىپتۇ. خوتۇنى مىنگەن ئارغىماق بىلەن تىللا ئارتىلغان ئارغىماققا ئوق تېگىپ جايىدا قاپتۇ. ئەنجەنباي مىنگەن ئارغىماققا ئوق تەگمەي، چېگرىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئەنجانباي تىللادىن ئىككى يانچۇقىغا لىق قاچىلىۋالغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە سالامەت كېلىۋاپتۇ. ئىككى يانچۇق تىللامۇ ئاز بايلىق ئەمەس، گەرچە ئۇنىڭ بىلەن قەشقەر بويىچە چوڭ باي بولۇپ كېتەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا قاتارغا قوشۇپ سانىغۇدەك بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ، ئەگەر ھېلىقى بىر خۇرجۇن تىللانى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولسا، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان باي بولۇپ كېتەتتىكەن!...

شۇنداق قىلىپ، يېڭى ئۆسۈپ چىققان ئەنجانباي شەھەر ئەتراپىدىن 15 چارەكلىك يەر سېتىۋېلىپ، چۆرىسىگە تام قىلدى. باغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كۆتۈرمە قىلىپ، پېشايۋانلىق ئىمارەت سالدى. باغ ئىچىگە رەتلىك قىلىپ ئۆرۈك، شاپتۇل، پىستە ـ بادام، بېھى، نەشپۈت، ئالما ـ ئانار، ئالۇچا، جىنەستە، ئەينۇلا، ئەنجۈر قويدى. ئۈچ ـ تۆت يىلغا قالمايلا، بۇ باغ گۈللىنىپ، شەھەر بويىچە داڭلىق باغلاردىن بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئەنجانباي ئەنە شۇ باغنىڭ توي چېيىنى قىلىپ زىياپەت بەرگەنىدى. زىياپەتكە شەھەر كاتتىلىرى ـــ قازى، مۇپتى، داموللا، مۇدەررىسلەر، شەيخ، مۇتىۋەللىلەر، باي، سودىگەرلەر ۋە باشقا مۆتىۋەر كىشىلەر تەكلىپ قىلىنىدى.

سورۇن باغ ئوتتۇرىسىدىكى «بوستان» دەپ نام بېرىل-

گەن سۇپا ئۇستىگە تۇزۇلگەن بولۇپ، ئۇستى قىپقىزىل گىلەم-لەر بىلەن پۈركەنگەن، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن بەقەسەم كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. كەلگەن ھەربىر مېھماننى ساھىبخان ئەنجانباي لايىقىدا ئىززەت قىلىپ، سورۇنغا باشلاپ تۇردى.

ئۆزلىرىنى يۇرتىنىڭ تاجىسى، ئەلنىڭ ئابرويى، دەپ ھېسابلايدىغان نۇرغۇن مېھمانلار ئارقمۇ ئارقا كېلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز لايىقىدىكى ئازادە ئورۇنلارغا جايلىشىپ، گويا ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق كاتتا زىياپەت داستىخانلىرى ئۇستىگە خاستىن خاس تۇغۇلۇپ قالغان كەڭ رىزىقلىق بەندىلەر بىز دېگەندەك، مەغرۇر قىياپەتتە غادىيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

مېھمانلار تېخى تولۇق كېلىپ بولغىنى يوق. ئاساسلىق مېھماندىن يەنە بىرنەچچىسى كەم. شۇ سەۋەبتىن تائام تارتىلمىغانىدى. بۇ پۇرسەتتە، ھەرقايسى مېھمانلار ئۇچتىن، تۆتتىن باش قوشۇپ ئىلپەتلەشكەچ سۆز ـ چاقچاق قىلىشماقتا ئىدى:

ــ ئالدىنقى زىياپەتتىكى تونۇر كاۋىپى ئاجايىپ ئوخشاپتىكەن، تەمى نەچچە كۈنگىچە ئاغزىمدىن كەتمىدى، ــ دەپ سۆز ئاچتى ئاق پىشما، ياپىلاق يۈزلۈك، ھاڭگىتتەك ئۇزۇن بويۇن كەلگەن ھاۋاز داموللا ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان تەڭدىمەتلىك داموللىلارغا ئاگلىتىپ.

ــ قايسى زىياپەتتىكىنى دەيلا؟ ــ ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان زور گەۋدىلىك، كەڭ ئۈمكەنلىك، يوغان قورساق كەلگەن شۇكۇر داموللا سۆزگە قىزىققاندەك بولۇپ سوئال قويدى.

ــ ھەمراھباينىڭ زىياپىتىدىكى كاۋاپنى دەۋاتىمەن.

— توغرا، چۈشەندىم، راست ئوخشاپتىكەن! — دېگەن شۈكۈر داموللا لەۋلىرىنى شومشۈيۈپ داۋام قىلدى، — ئەنجانباي مۇ تەييار قىلغاندۇ!

— تەييار قىلىش - قىلماسلىقى ھەرقايسىلىرىدەك دۇئاگۈيلىرىمىزنىڭ مۇستەجىپ دۇئاسىغا باغلىق، تەقسىر! — سول تەرەپتە ئولتۇرغان ئۈچلۈق ئېڭەك، ئۈچلۈق ساقال، سوزۇنچاق يۈزلۈك، ئات باش كەلگەن، يۇرت ئىچىدە «شەيتان» دەپ نام ئالغان ھىممەت داموللا كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزگە قوشۇلدى، ئۇنىڭ شەيتانىي كۈلۈشلىرىدىن، شوخ كۆزلىرىدىن بىرەر قىزىق چاقچاق چىقىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئەگەر ھەمراھباينىڭ ئوخشىغان تونۇر كاۋىپىنى يېگەندە، «يارەھمەتىگە چاپلىشىپ كەل» دەپ دۇئا قىلىشقان بولۇشسىلا، ئەنجانباينىڭ زىياپىتىدىمۇ تونۇر كاۋىپى چاپلىشىپ ئالدىلىرىغا كېلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۈمىد يوق!

كۈزلۈكى كۆكباش قوناق يەپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئاتئۇلاغ بېدە - سامان بىلەن خۇشتىي قالمىغاندەك، ھەر كۈنى چاي - زىياپەت، نەزىر - نۈزۈراتلاردا ياخشى يەپ ئۆگىنىپ كەتكەن موللىلارنىڭ تونۇر كاۋىپى بىلەن باشلانغان چاقچىقى بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ قىزىشقا باشلىدى:

— جانابلىرى قانداق دۇئا قىلىدىلىكىن؟

— مېنىڭ شۇ كۈنكى دۇئايىم ئانچە ئىجابەتلىك بولمىدى! — دېدى ھىممەت داموللا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەۋەب؟ — شۈكۈر داموللا بىلەن ھاۋاز داموللا تەڭلا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى، چۈنكى ئۇلار شەيتان داموللىنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىر خىل قىزىق

كۆلكىلىك گەپىنىڭ چىڭقىلىپ، تېشىغا پارتلاپ چىقىشقا تەييار تۇرغانلىقىنى مۆلچەرلەشكەنىدى.

— ماڭا شۇ كۆنى بىر ئاز شەيتان ئارىلىشىپ قالغانىدى! — دېدى ئۇ ئوڭايلا ئىقرار قىلىدىغاندەك ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— قېنى، قانداق شەيتان؟ — ھاۋاز داموللا ئۇنى قىستىماقچى بولۇپ سوئال قويۇۋىدى، شۈكۈر داموللا ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ تارتىنىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن چۈشەندىم! — دېدى ئۇ كۆلكىدىن قاپتەك ئېچىلغان ئاغزىنى كەپكۈردەك كەڭ ئالقىنى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ.

— قېنى نېمىنى چۈشەنلىكىن؟

— دەيمۇ؟ خاپا بولمايلا - ھە!

— يوغسۇ، خاپىلىقتىن بەش يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپتىكەنمەن!

— مەن شۇ كۆنى دىققەت قىلدىم، ئۆزلىرى كونسۇل باشلاپ كەلگەن مارجىنىڭ① روبىروسىدا ئولتۇرۇپتىكەنلا، قارىسام شۇنىڭ جامالىغا قاراپ ئېرىپ كېتىپلا، قانداق توغرا ئېيتتىممۇ!؟

ھىممەت داموللا كۈلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالدىڭ، دېگەندەك ئالامەتلەر ئەكس ئەتكەنىدى.

— ئۇنداق پەرىزاتنى كۆرگەندە، تاش يۈرەك ئادەم بولسىمۇ ئېرىپ كېتەر! — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى خۇشلۇقنى باشقىلارغا ئېيتقۇسى كېلىپ سەۋر قاچىسى تولغان بىر كەيپىيات-

① مارجا — روسىيە ۋە ياۋروپالىق ئاياللارنى شۇ يىللاردا ئومۇمىيۈزلۈك «مارجا» دەپ ئاتايتتى.

تا ئوڭايلا ئىقرار قىلىپ، — سىلى ئېيتقاندەك، پەرىزاتىنىڭ روبىروسىدا ئولتۇرۇپ قاپتىكەنمەن، ئۇنىڭدىن پۇرقۇپ چىققان ئەتىر پۇراقلار دىماغلىرىمنى يېرىڭۆەتكىلى قىل قالدى، نېمىدېگەن سۈزۈك چىراي ئۇ، ئىچكەن چاي، يېگەن مېۋىلەر تامىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. مەڭزى بەئەينى قىزىل ئالما، لەۋلىرى قىزىل مەخمەل...

ئەتىدىن كەچكىچە ئەمرىمەرۇپ قىلىپ، جامائەتنى يامان يولدىن توسۇپ، ياخشى يوللارغا باشلايدىغان موللىلار كۆڭۈل يېقىن ئىلپەتلەر بىلەن تېپىشقاندا، ئەنە شۇنداق ناسازا چاقچاقلارنى ھېيىقماي قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزەن سوغۇق چاقچاقلىرى كوچىدا ئاشكارا كۆز ئويىنىتىپ، بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئەخلاقسىزلاردىن نەچچە باراۋەر قەبىھ دېمەك، ئانچە مۇبالىغە كەتمەس، ئەلۋەتتە!

سورۇننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرغان غىلدىرەك داموللا بىلەن بەدرەك مەخسۇم قاتارلىقلارمۇ بىر كاللەك بولۇۋېلىپ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— نېمىگە ساقلاۋاتىدىغاندۇ! — دېدى بەدرەك مەخسۇم زىياپەتنىڭ باشلانمايۋاتقانلىقىغا بىتاقەت بولۇپ.

— بەلكى قازى داموللامنى ساقلاۋاتىدىغاندۇ! — دېدى غىلدىرەك داموللا نېپىز لەۋلىرىگە كىنايىلىك كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئادەمگەرچىلىكى يوق ئۇ ئادەمنى ساقلاپ نېمە قىلىمىز، بەرىبىر كەلمەيدۇ. كىچىككى شۇنداق كاتتا زىياپەتكە — تەتەيلەر، ھەتتا كونسۇللار قەدەم تەشرىپ قىلغان شۇنداق چوڭ زىياپەتكىمۇ كەلمىدىغۇ! — چىرايى ئۆڭگەن، قانداقتۇر ئىچكى نارازىلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، يېلىم چۈچىكىدەك

قېتىپ كەتكەن بەدرەك مەخسۇم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سۆزلەيتتى، —
باينىڭ قالتىس ئاچچىقى كەلدى، جۇما، خۇدايىم ساقلىسۇن!
— باي بوش ئادەم ئەمەس - ھە!
— بىلمەملا تەقسىر، ئۆچەكىشىپ قالغان ئادەمدىن ھەرباب
بىلەن ئۆچ ئېلىشنى بىلىدىغان ئادەم ئۇ!...
— خۇدا ساقلىسۇن! — ئاغزىدا خۇدايىم ساقلىسۇن دېيىشـ
مۇ، كۆزلىرىدىن «چاپسانراق ئۆچ ئالسۇن» دېگەن تىلەك ئۇچـ
قۇنلىرى چاچراپ تۇرغان غىلدىرەك داموللا قانداقتۇر مۇدھىش
ئاقىۋەتتىن كۆزىنى ئەپقاچقاندەك، يەرگە قاراپجىم ئولتۇرۇۋالدى.
سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ھەسەن قازى، ئۇنىڭ
ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان زور گەۋدىلىك غاپپار داموللاقاتارلىقلارـ
مۇ قانداقتۇر بىر توغرىدا مۇڭدىشىۋاتقاندەك، ئارىلاپ - ئارىلاپ
بىر - بىرىگە قارىشىپ كۇسۇرلىشاتتى، ئەمما غاپپار داموللىـ
نىڭ ھەرىكىتىدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان سۆز - سۆھبەتـ
نىڭ ئانچە قىزغىن ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۇپپىدۇگـ
لەك گۇمبەزدەك ئولتۇرغان غاپپار داموللا بوينىنى زىراپىدەك
سوزۇپ، قانداقتۇر سىرلىق، دەھشەت ئىپادىلىنىدىغان قاراشتا
ئۇياق - بۇياققا قارايتتى. سورۇندىن 30 ماڭدامچە يىراقتىكى
قازان بېشىدا ئوپۇر - توپۇر بولۇۋاتقان ئادەملەر توپىغىمۇ
نەزەر تاشلايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئالاقزادە بولۇپ قاراشلىرىدىن،
ساھىبخانىنى ئىزدەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى بىلگەندەك،
ساھىبخان ئەنجانباي قازان بېشى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.
ئۇ، توپتوغرا ھەسەن قازى ۋە غاپپار داموللا ئالدىغا كېلىپ:
— داستىخىنىمىز تەييار بولۇپ قالغانىدى، باشلىساقمىـ
كىن! — دېدى ئەدەب بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— باشلىساق باشلايلى! — دېدى ھەسەن قازى ئىجازەت بەرگەن قىياپەتتە باش لىڭشىتىپ، — ئۇنىڭغىچە، قازى داموللىمۇ كېلىپ قالار!

زىياپەت باشلاندى.

چايدىن كېيىن، رىشالە تارتىلدى. مېھمانلار زور ئىشتىھا بىلەن پىيالىلەرنى قۇرۇقداپ تۇرۇشىغا، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، موللا ساۋۇت خەلپەت قاتارلىق ئاخىرقى مېھمانلار يېتىپ كېلىشتى. داستىخان ئۈستىدىكىلەر — بۇنىڭ ئىچىدە پىچىقى چېپىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ تۇرسىمۇ، رەسمىي-رۇسۇماتنى قولدىن بەرمەيدىغانلار — تەڭ دېگۈدەك ئورۇندىن تۇرۇپ، داموللامغا ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىشتى. داموللام ئەلەيك قايتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئۇششاق ھەممىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھەسەن قازىنىڭ روبىروسىدا ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلدى.

— مانا، مانا، ئورۇنلىرىغا ئۆتسىلە! — ھەسەن قازى ئۇستى-ئۈستىگە سۆزلەپ داموللامغا ئاتاپ بوش قالدۇرغان ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. ساھىبخانىمۇ، بۇيانقى مېھمانلارمۇ، داموللامنى يۇقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىشتى. داموللام ئۆزرە قويدى.

— رەھمەت، مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇراي! — دەيتتى ئۇ تەكلىپ قويغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتىپ، — بۇ ئورۇندا ئولتۇرسام، بىرىنچىدىن، ھەممەيلەننىڭ جامالىنى تەكشى كۆرگىلى بولىدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز مۇددىئايىمنى ھەممىگە ئاڭلىتىشقا ئوڭ كېلىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ ئورۇننى لايىق كۆردۈم!

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، چاقچاق قىلماي ئورۇنلىرىغا

ئۆتسلە! — دېدى ھەسەن قازى يېقىملىق، ئەمما كەسكىن تەلەپپۇزدا ئورۇن كۆرسىتىپ.

— چاقچاق؟ چاقچاققا ۋاقىت زايادۇر! — دېدى ئابدۇ-قادىر داموللا ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، ھەسەن قازى باشلىق مېھمانلار ھەيران قالغاندەك، چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. دا-موللام قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىن يېنىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆز-لىرى بىلەن كۆپچىلىككە تىكەندەك قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مەن ئەسلىدە، ئۆز مۇددىئايىمنى ئەرز قىلىش ئۈچۈن ھەربىرلىرىنىڭ ئۆيىگە بىر - بىرلەپ بارسام بولاتتى، ئەپسۇسكى، بارالماي قالدىم، ئەپۇ قىلىشىڭلار! ھالا بۈگۈن، ئۇشبۇ سورۇنغا جەم بولىدىغانلىقىمىزنى غەنىيمەت بىلىپ بۇيان كەلدىم. مۇددىئا نېمە، دەپ سورالسا، شۇنداق جاۋاب بېرە-مەنكى، مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك چاي - زىياپەتلەر ئىچىدە، مەست - مۇستەغرەق بولۇپ ئۆتۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلىرىمىزگە زادىلا رازى ئەمەسمەن! چۈنكى، مۇشۇنداق مەست - مۇستەغرەق-لىك ئارقىسىدا، ۋەتەن، مىللەتنىڭ كۈنى ئېغىر. ھالى تەس ۋە نەس ئۆتمەكتەدۇر. خەلق نادانلىق، جاھالەت ئىچىدە ئازاب چەكمەكتە. ھەممە ئىش كونا قېلىپ، كونا ئىزغا چۈشۈپ، يېڭىلىققا يول بەرمەي ھالاكەتكە قاراپ ماڭماقتا. ۋاقتىمىز، دەۋرىمىز، ئوبدان پۇرسەتلىرىمىز قولدىن كەتمەكتە. بۇ ياخ-شى ھادىسە ئەمەس. بۇ مىللىي خارابەت، مىللىي مۇنقەرزلىك-تىن بېشارەت بېرىدىغان خەۋپلىك ھادىسە. ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى مۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتتە قانداقمۇ جىم تۇرغۇسى كەلسۇن! بۈگۈنكى داستىخاندا جەم بولغان قازى مۇدەررىس-لىرىمىز، داموللىلىرىمىز، ساخاۋەتلىك بايلىرىمىز بۇ خەۋپلىك



AltunOq

ئەھۋالغا كۆزنى ئەما، قولىقىنى گاس قىلىپ، قانداقمۇ بىپەرۋالىق قىلالىسۇن! شۇنى چۈشىنىشىمىز لازىمكى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلقنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، بەخت-سائادەتكە باشلاپ مېڭىش مۇشۇ داستىخاندىكى ھەممەكىشىنىڭ گەدىنىدىكى پەرز ۋە قەرزدۇر. ئىنساپ تارازىمىز بىلەن ئۆلچەپ كۆرىدىغان بولساق، بولۇپمۇ بىز ئۆلىمالارنىڭ خەلقنى نادانلىق جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سائادەتلىك كۈنلەرگە يېتىشتۈرۈشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىمىز باردۇر، ئەگەر ئۇشبۇ ۋەزىپىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، بىز زادى نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟ دېگەن سوئالغا ھېچقانداق جاۋاب بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن! ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان ئىلىمنىڭ يەنە قانداق پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى بولسۇن!؟ بۇ تەرەپلىرىنى ھەربىر ئۆلىما ئوبدان ئويلاپ، مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك!

— داموللام، بۈگۈن سەل - پەل چېچىلىپ قاپلىغۇ!...— دېدى غاپپار داموللا يۇقىرىقى سۆزلەرنى پەسەنت كۆرمىگەن قىياپەتتە سوغۇققىنا كۈلۈمسىرەپ. ئۆزىنى ئىلىمدە چوڭقۇر ھېسابلايدىغان، بەس - مۇنازىرىدە ھەرقانداق كىشىنى بىر چوقۇپلا يېڭىپ چىقىمەن، دەپ تەمەننا قىلىدىغان بۇ تەكەببۇر داموللا شۇ كۈنلەردە يۇرت ئىچىدىكى قىسمەن نوپۇزى ۋە ھەمراھىبايدەك يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ. يۇرتتىكى مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ، ئابدۇقادىر داموللىنى مەنسىتمەيتتى، قىلغان ئىشلىرىنىمۇ ياراتمايتتى. بۈگۈن ئابدۇقادىر داموللا ئۇنىڭ روبىروسىدا قارىمۇ قارشى

ئولتۇرۇپ سۆز قىلىشىۋاتقاندا. گويا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك، ئالىسىرىق بولۇپ، باشتىن - ئاياغ خۇيالىنىپ چىققان غاپپار داموللا مۇشۇ پەيتتە، داموللا ئابدۇقادىرغا بىر دەككە بېرىپ قوياي، دېگەن ئويغا كەلدى - دە، مەنستىمىگەن تەلەپپۇزدا «سەل - پەل چېچىلىپ قاپلىغۇ!» دەپ مەسخىرە قىلدى ۋە سوغۇققىنا ھىجىيىپ داۋاملاشتۇردى، — چېچىلمىسىلا، ھەرقانچە بولسىمۇ ئالدىرىمايراق ئولتۇرۇپ سۆزلەشمەمدۇق!

— مەنغۇ چېچىلمىدىم، لېكىن چېچىلسامۇ ھەقلىقمەن! — دېدى ئابدۇقادىر داموللا قەتئىي تەلەپپۇزدا، ئاندىن ئۆزىنى بىر ئاز تۇختىتىۋېلىپ، ئېچىنىشلىق قىياپەتتە داۋام قىلدى، — بىز ھەممىمىز قانچە يىللار غۇربەتچىلىكتە رىيازەت چېكىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغانلارمىز. نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟ خەلقنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، جاھالەتتىن مەرىپەتكە باشلايمىز، دەپ ئوقۇدۇق. خۇداغا شۈكرى، ئوقۇغانىغا يارىشا، بىرىمىز قازى، بىرىمىز داموللا، بىرىمىز مۇدەررىس كەبى ئۇنۋان - دەرىجىلەرگە تەيىنلىنىپ، يۇرت خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇق، ئەپسۇسكى، بىز بۇ ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە بولۇۋېلىپلا، ئەسلىدىكى مەقسەت - مۇددىئالىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلىپ، نوقۇل ھالدا ھۇزۇر - ھالاۋەت، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، مەست - مۇستەغرەق بولۇپ يېتىۋالدۇق. يۇرت بولسا، نادانلىق، جاھالەتتە، خەلقىمىز خار - مۇزەللەتتە قالدى. يۇرتىمىزنىڭ ئاقىۋىتى، خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا قايغۇرمىدۇق. يۇرت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى قىلىش، يۇرتنى تەرەققىياتقا، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتكە باش-

لاشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىمىز بارلىقىنى بىز ئۆلىمالار ئېسىمىزدىن چىقاردۇق، تۆر - ئابروي تالىشىشتەك قېلىپلاشقان ئادەت ئىجراسىدىن باشقا، ياخشى ئەمەللىرىمىز بارلىقىنى ئىنكار قىلدۇق، بىز نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر بۇزۇلۇپ كەتتۇق، نېمە ئۈچۈن ئىنساپ قىلمايمىز، نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئازراق ئويلىنىپ، ئۆز خاتالىقىمىزنى تۈزەتمەيمىز؟! بۇ توغرىدا بىر ئاز سۆز قىلساق چېچىلغانلىق بولامدىكەن! چېچىلسام نېمە بوپتۇ، چېچىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمىكەنمەن!؟

— بارغانچە قايناپ كەتتىلىغۇ، نېمە بوللا داموللام! — دېدى غاپپار داموللا گويا ھەيۋە بىلەن بېسىپ تاشلىماقچى بولغاندەك، كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ قىلىپ، بىر ئازدىن كېيىن، غەزىپىنى بېسىۋالغان قىياپەتتە كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ داۋام قىلدى، — قاينىمىسىلا، جاھان دېگەندە قايناپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش يوق!

— قاينىمىسىلا؟! نېمىشقا قاينىمايدىكەنمەن! — دېدى ئابدۇقادىر داموللا غەزەپ بىلەن رەددىيە قايتۇرۇپ، — ئۆلىمالار خۇددى شاپاققا ئولاشقان چىۋىندەك، مەدرىسلەردىكى ئەۋقاپقا، مۆھۈرھەققىگە، نەزىر - چىراغتىكى سەدىقە - ئېھسانغا، ئىشقىلىپ، قەيەردە نەپ بولسا، شۇ يەرگە توپلىنىۋالغانلىقىغا، ئىنساپ ھەۋزىنى قۇرۇتۇپ، تەمەخورلۇقنىڭ سېسىق پاتقاقلىرىغا بوغۇزى بىلەن تەڭ چۆكۈۋالغانلىقىغا، ۋەتەن، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ داد - پەريادى، نالە - پىغانلىرىغا قۇلاق سالماي، كۆز يۇمۇپ گاس - ئەما بولۇۋالغانلىقىغا قانچە قاينىسام شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ! قېنى، نېمە ئۈچۈن قاينىمايدىكەنمەن. ھازىرقى ئەھۋال قانداق

بولۇۋاتىدۇ، قېنى! ... بىز بۇ يەردە پولۇ يەپ، تاۋاق بىكار-
لاپ ئولتۇرۇپتۇمىز. بىزنىڭ ئەزىز باللىرىمىز گۆلەختە كۆلگە
بۇلغىنىپ، ئاچ - يالىڭاچلىق ئازابىنى تارتماقتا. بىز كۆندە
قانچە قېتىم داستىخان ئۈستىدە مەئىشەت قىلىپ، تـوقلۇقتىـن
كازىلداپ يـۈرىمىز، ئۇنىڭ ھېسابىغا كـوچىدىكى تىـلەمچى -
سائىللار شۇنچە كۆپەيمەكتە، ھالبۇكى، بىز ئۇلارغا قانچىلىك
خەيرىخاھلىق كۆرسەتتۇق؟! ئۇلارنىڭ بېشىنى قانچىلىك سىلى-
دۇق!؟ ياق، ھېچنېمە قىلمىدۇق، بـەلكى ئـۆشرە - زاكـات ۋە
ئەۋقاپ كىرىملىرىنى ئۆز نەپسىمىزگە تارتىپ كەتتۇق. شۇ سە-
ۋەبتىن، يېتىم - يېسىر، تۇل خـوتۇن، يېتـىم ئوغۇلـلار خەي-
رىخاھسىز قالماقتا. نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلمايمىز؟
مەكتەپلەر ئېچىپ، دارىلئېيتام - دارىلئاجىزىلەر قۇرۇپ، كو-
چىدا ئاچ - يـالىڭاچ، خـارۇ زارلىقـتا قـالغان باللارنـى،
ئاجىز - مىسكىنلەرنى نېمە ئۈچۈن تـەربىيە قويـنىغا ئالماي-
مىز. ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، غەمخورلـۇق قىـلساق بۇنىـڭ
نېمە يامىنى! — داموللام بىرئاز توختىۋېلىپ، سوئال نـەزەرى
بىلەن كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ چىققاندىـن كېيىـن، يەنـە
داۋام قىلدى، — ئۆزىمىز يۇرتىنىڭ كـۆزى، خەلقنىـڭ بېشـى
بولۇپ تۇرۇقلۇق، خەلقنى بەخـت - سـائادەتكە بـاشلاپ ماڭ-
ماستىن، پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسىي تاپاۋەت يولىغا
ماڭساق، قولغا كىرگەن تىللا - تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ،
خاتىرجەم ياتساق، ئىستىقبالىمىز توغرىسىدا زەررىچە قايغۇر-
مىساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز.
قېنى! ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىي گۇناھكار بـولۇپ قالماسمىز-
مۇ! ... ئەپسۇسكى، بىز غەمخورلۇق قىلماي كوچىغا تاشلىۋەت-

كەن باللىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن مۇخالىپەتچىلەر ئۆز قوينىغا تارتماقتا. ئىنگلىز ـ شۋېدلار قانداقتۇر شىپاخانا قۇرۇپ داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغرىلىماقتا. ئۇلار بىزنىڭ باللىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆزى يەتسە، ئايانماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق، باللىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتىمىز. هە دېسە دەررە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز، ئەل رايىنى چېكىندۈرمەكتىمىز. بۇ ئىشلىرىمىز مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىمەسمۇ! ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، پۇرسەت بار، ئەگەر ۋاقتىدا قايغۇرۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنى قىلمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ لەنەت ـ نەپرەتلىرىگە كۆمۈلۈپ كېتىشىمىز مۇقەررەر!

ـــ چېچىلىپ، قايناپ بېسىلماي، ئاخىر ئىسيان كۆتۈردىلە تەقسىر! ئۆزىمىزنى سەل ـ پەل بېسىۋالايلىمىكىن! ـــ دېدى غاپپار داموللا قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ، گويا ئۇ «ئىسيان» سۆزى بىلەن ئابدۇقادىر داموللىنىڭ يۈرىكىگە سۇ سېپىپ قورقۇتۇش ياكى ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشكە كۆزى يەتكەندەك. كۆرەڭلىك بىلەن داۋام قىلدى، ـ ئىسيانكار بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس، ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. ئۆز مۇجادىلىمىزدىن چەتلەپ، ئىنگلىز، شۋېدلارغا تىل تەگكۈزۈش تېخىمۇ ياخشى ئەمەس، ئۇلار بىزگە مېھمان، مېھمان!

ـــ توختىسىلا داموللام! ـــ دېدى ئابدۇقادىر داموللا ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ، ـــ ئىنگلىز، شۋېدلار قانداق يول بىلەن بىزگە مېھمان بولۇپ قالدى؟ ئۇلارنى كىم چىللاپ كەپ-



Altun

تۇ، ئۆزلىرى چىللاپ كەلگەنمۇ ياكى قۇدا چۈشۈپ قويغانـ
مۇ؟! كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ يراقسۆزلەيلىمىكىن، تەقسىر! — غەـ
زەپتىن تىترەپ كەتكەن ئابدۇقادىر داموللا ئاۋازىنى تېخىمۇ
يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ئۇلار
ھېچ ۋاقىتتا بىزگە مېھمان ئەمەس، مېھمان بولۇشىمۇ مۇمكىن
ئەمەس. ئۇلار جاھانگىر، تاجاۋۇزچى، ئۇلار
ئوغرى، بۇلاڭچى. باشتا قۇيرۇق ئوينىتىپ كەلگەن بىلەن،
ئاستا ـ ئاستا پېيىمىزنى قىرقىپ، بايلىقىمىزنى ئوغرىلايدىغان،
گىلەملىرىمىزنى ئېلىپ، بىزنى داق بورىغا تاشلاپ، داغدا
قويىدىغان بۇلاڭچىلاردۇر. بۇ مۇخالىپەتچىلەر بەلكى بېشىمىزـ
غا چۈشكەن بالايىئاپەت! ئۇلار بىزنى خورلاپ تىلىغىنىڭ قارا
خالتىلىرىغا قاچىلاپ، ئەخلەت دۆۋىسىگە چۆرۈۋەتكۈچى ۋاپاـ
سىزلاردۇر. ئۇلار بىزگە ئىتتىپاقسىزلىق ۋاباسىنى چېچىپ،
ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆز قېنىمىزنى تۆككۈچى خۇنخۇارلاردۇر.
ئۇلار بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا بىھوش قىلىپ، ھالاك قىلغۇـ
چى قارا نىيەتلىك ياۋۇزلاردۇر. تەكرارلايمەنكى، ئۇلار بىزگە
ھېچقاچان ۋە ھېچ قانداق ۋاقىتتا مېھمان بولالمايدۇ. بولۇشى
ھەم مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىزنىڭ يىلتىزىمىزنى قىرـ
قىغۇچى زۇلۇك، كاللا كېسەر جاللات، قان ئىچكۈچى يالماـ
ۋۇز. ئۇلارنى مېھمان دېگەن سۆزنى ئىسكىنچى ئېغىزلىرىغا
ئالمىسلا، خەلقىئالەم ئالدىدا گۇناھكار بولىسلا، سەت بولىـ
دۇ تەقسىر!

— بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي،
دېگەندەك، ئەمدى مەن گۇناھكار بولۇپ قالدىممۇ تېخى! —
دېدى غاپپار داموللا بۇرغىسى كەلگەن نار تۆگىدەك شالىنى

چىنچىپ، — ئىسيان كۆتۈرمەك ئاسان بولسىمۇ، ئاخىرىنى يىغىشتۇرماق تەس! ئويلاپراق گەپ قىلىسىلا، ئىنگلىز، شۋېد دېگەنلەرگە ئالدىراپ تىل تەگكۈزگىلى بولمايدۇ. ھۆددىسىدىن چىقماق تەس بولارمىكىن، تولا بەك ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيلىمىكىن!

— مانا مەندۇر مەن، ھەرقانداق بالا كەلسىمۇ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن، غەم يەپ كەتمىسىلە، تولا بەك چاپان چۆرۈپمۇ ئاۋارە بولمىسىلا تەقسىر! — دېدى ئابدۇقادىر داموللا غاپپار داموللىنىڭ سۆزىنى كېسىپ، — سىلىچە بولغاندا، ئۆيگە تەگكەن ئوغرىنى مېھمان دېسەك بولىدىكەن - دە!

ئىككى ئالىمنىڭ مۇنداق كەسكىن مۇنازىرىسى جىددىيلەشكەن سورۇندا ئولتۇرغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ لەۋلىرىدە قانداقتۇر ئىستىھزا ئارىلاش كۈلكە ئىپادىلەنسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، تاتىرىپ يەرگە قارىشاتتى. بۇنىڭدىن سورۇندىكى كىشىلەر ئاللىقاچان ئىككى قىسىمغا — ئابدۇقادىر داموللا تەرەپكە ۋە مۇتەئەسسىپ غاپپار داموللا تەرەپكە بۆلۈنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سەل - پەل سەۋر قىلسىلا! — دېدى غاپپار داموللا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن ھالدا، ئەمما ئۇ نەسىھەت قىلماقچى بولغاندەك ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — سىلىنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئىلىمپەزىلەتتە ھېچكىمدىن كەم تۇرمايلا. ئىلىم تەھسىل قىلىشتا چەككەن رىيازەت، قىلغان ئەجىرلىرىگە يارىشا خۇداۋەندە كېرىم ئىلىم ئاتا قىلىپ، يۇقىرى مەرتىۋە بەردى. شۇنىڭ بىلەن يانداشتۇرۇپ، رىزقى - نېسىۋىلىرىنى يۇرت - ئالەمگە چاچ-

تى. مانا ئەمدى، ئۆزلىرىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش شۈكرى قىلىپ، يۇرتقا چېچىلغان رىزقى - نېسىۋىلەرنى دەريادىن بېلىق تۇتۇپ، باغدىن شاپتۇل ئۈزگەندەك، يىغىپ يەيدىغان ۋاقىتلىرى كەلدى. بىز مانا شۇنداق قىلىۋاتىمىزغۇ! بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەر كاتتا ئۆلىمالارمۇ شۇنداق قىلغان. بۇنىڭ نېمە يامىنى! ھەر كۈنى بىزگە تۆت - بەش سەر كۈمۈش تاپاۋەت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى. شۈكرى قىلىپ، تەڭگىلەرنى يانچۇققا قاچىلاپ ئۆيىمىزگە قايتىمىز، دۇنيادا ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ جاراڭلىشىدىنمۇ ئارتۇق خۇش ئاۋاز بار دېسە، ئۇنىڭغا مەن ئىشەنمەيمەن، تەقسىر! شۇڭا بىز ھەر كۈنى ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پۇت - قوللىرىمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ، ئۆيلىرىمىزدە تىنچ ياتىمىز. بۇ نېمىدېگەن راھەت - ھە! سىلى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلمايلا! يۇرت ئىشى، خەلق غېمى دېگەنلەر ئاللانىڭ تەقدىرىدىكى ئىش. خۇدانىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. بۇ جەھەتلىرىنى بىزدىن ياخشىراق چۈشىنىلا، بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئاۋارىچىلىك! يۇرتنىڭ ئىشىنى بەندە قانداق ھەل قىلسۇن! بەندە دېگەننىڭ خۇداغا قۇللۇق قىلىشتىن باشقا مەجبۇرىيىتى يوق تەقسىر!

— يائاللا - يائاللا! — دېدى ئابدۇقادىر داموللا ھەيرەت بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ، — نېمىدېگەن كەم ئەقىللىق بۇ! سىلىگە ئوخشاش ئۆلىمانىڭ تونۇشى مۇشۇنداق بولسا، قىيامىمىز نېمە بولار! تاڭلا مەھشەردە گۆرىمىزدىن قايسى خىلدىكى تۆت پۇتلۇقنىڭ سۈرىتى قوپار!؟ مەن تېخى سىلىنى خېلى ئوقۇغان، ئىلمىي مەنتىقىدىن خەۋەردار ئادەم دەپ بىلەتتىم. تېخى تونۇماپتىكەنمەن! ئەمدى تونۇدۇم، سىلىنىڭ ئاشۇ يوغان

قورساقتا نېمە بار، زادى نېمە بار؟ قېنى!
— ئەجەبا، مېنىڭ قورسىقىمنى سوراپ قاللىغۇ! — دې-
دى غاپپار داموللا شايە يـەكتەك ئۈستىدىن قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، — نېمە بولاتتى، ئەتىگەن ئىچكەن قويۇق قايماق چاي بىلەن سېرىق ياغدەك سارغىيىپ پىشقان هالۋا، ئۇنىڭ ئۈستى-گە، خـۇدا بـەرگەن رىزقى — ئىككى - ئـۈچ نەزىردە يېگەن بەتتە پولۇ بار. خۇدا بەرگەن رىزقىنى كېلىشتۈرۈپ يېيەلمىگەن كىشىلەرنىڭ قـورسىقى سىلىنىڭ قـورساقلىرىغا ئـوخشاش ئاچ قالغان سالجىدەك ھەمىشە پۈچەك تـۇرىدۇ. ئېھتىمال، ئۆزلىرى ئەتىگەنلىكتە قۇشناچىمىنىڭ هاپىلا - شاپىلا قايىنتىپ بـەرگەن ئاتلىسىنى ئىچىپلا بۇيان كەلگەن ئوخشايلا، شۇڭا سوراۋاتام-لا! — دېدى ئـۇ كـۆرەڭلىك بىلەن ئەتراپقا قـاراپ. ئـۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئـاجايىپ ئەپچىل سۆزلەر بىلەن داموللا ئابدۇقا-دىرنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇردۇمغۇ، دەپ كۆرەڭلىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.
— توغرا، مەن ئەتىگەن ئـاتلا ئىچتىم، — دېدى ئاب-دۇقادىر داموللا ئـوقـۇتـقـۇچىنىڭ سـوئالىغا يـۈزدە - يـۈز تـوغرا جـاۋاب بـەرگـەن ئـوقـۇغـۇچىدەك تـەمكىن قىياپەت-تە، — ئاتـىلا بىزنىڭ تـارىخى، ئـەنئـەنىۋى غىـزايىمىز، ئـۆزى كـۈچلـۈك، سىڭىشلىك غىزا. تـومـۇر - تـومـۇرغـا سىـ-ڭىپ پۈتۈن بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدۇ. بىز بۇ غىزايىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز، ئاتلا ئىچكىنىمىزگە شۈكرى - قانائەت قىلىمىز، سىلىنىڭ پەدەر رەھمەتىمۇ ئاتلا ئىچىپ، شۇنىڭ قۇۋۋىتى بى-لەن ئـۆزلىرىنـى ئاپىرىـدە قىلغان! بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟ — ئابدۇ قادىر داموللا غالىب ۋە ئاچچىق سوئال نەزەرى بىلەن

قادىلىپ قاراپ قويدى، غاپپار داموللا جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇقاراشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزىنى قاچۇرۇپ، يانچىلغان يىلاندەك كۇشۇلداپ ئېغىر نەپەس ئالماقتا ئىدى، ئابدۇقادىر داموللا داۋام قىلىپ، — مەن تېخى، سىلىنىڭ قورساقتا ئىلىم ـ بىلىم، ئىلمىي مەنتىق بارمىكىن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، مەلۇم بولدىكى، سىلىنىڭ ئۇ يوغان قورساقلىرى ئىلىم ـ ئىرپان بىلەن ئەمەس، بەلكى، مەينەت چىرىندىلەر بىلەن تولغانىكەن. بۇنى بۈگۈن ئاشكارا ئېلان قىلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۆزلىرىنى رەسۋايى جاھان قىلىۋاللا ـ دە! — دەپ مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىق كۈلدى.

— بەس ـ بەس! — دېدى ھەسەن قازى ئىككى ئۆلىمانىڭ بارغانچە چىڭقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئالاقزادە بولۇپ، گويا ئۇ، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سىلىقداپ بېسىپ قويماقچى بولغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى، — ۋەتەن، مىللەت، خەلق غېمىنى قىلىش، ئىستىقبالىمىزدىن قايغۇرۇش زىيانلىق ئىش ئەمەس. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىمىز، بىز ئۆلىمالار ئەلۋەتتە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ!

غاپپار داموللا ئاچچىقىغا پايلىماي، قېپىداپ ئورنىدىن تۇردى، تون ـ سەللىلىرىنى كىيىپ كەتمەكچى بولدى.

— خۇش، تەقسىر قەيەرگە؟ — دېدى ھەسەن قازى ھەيران بولۇپ.

— داستىخىنىمىز ئاياغلاشمىدى داموللام! — دېدى ساھىبخان مېھماننىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ئۆزرەم بار. تىتەي بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم

بار، خەير ـ خوش!

غاپپار داموللا غەزەپ بىلەن قىيىداپ كەتكەندىن كېيىن،
مېھماندارچىلىق بىرمەزگىل مۇزلاپ قالغاندەك سوغۇق بىلىندى.
كەيپىيات خۇددى كۆل سۆيىدەك تىنىق بولۇپ، گۆرىستان جىمـ
جىتلىقى ھۆكـۈم سۈرەتتى. ھەممە ئـادەم بېـشىنى ساڭگىلىـ
تىپ، قانداقـتـۇر ۋەھـىمىلىـك خىيـالـلارغا كەتـكـەنىدى.
ئابدۇقادىر داموللا بىردىنلا سۆز باشلاپ، كىشىلەرنىڭ دىققىـ
تىنى ئۆزىگە تارتتى:

ــ قورقۇپ قالامتىم! ــ دېدى قەتئىي ئاھاڭدا، ــ قانـ
داق يەرگە بېرىپ دادىخالىق قىلسا قىلىۋەرسۇن. نوھنىڭ كېـ
مىسى توپاندىن قورقماپتۇ، نېمە پەرۋايىم! مەن گۇناھ قىلغىـ
نىم يوق. بىزنـى تۇغۇپ ئـۆستۈرگـەن، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ
قىلغان، ئوقۇتۇپ موللا قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنـدە بېشىدا كۆتۈـ
رۈپ، ئابروي قىلىۋاتقان ئەزىز يۇرتىمىزنى، ئۇلۇغ خەلقىمىزـ
نى ئۇنتۇپ قالماپىلى، دېدىم. ئۆشـرە ـ زاكات، ۋەخپە كىرىمـ
لىرى، سەدىقە ـ ئېھسانلار ھەق جايىنى تاپمـىدى. ئاز ساندـ
كى كىشىلەرنىڭ يانچۇقلىرىغا چۈشۈپ كېتىۋاتماقتا. بۇ مالىيىـ
نى ئـۆز جايىغا سەرپ قىلىپ، كوچىلاردا ئاچ ـ يـالىڭاچ يۈرـ
گەن بالىلارنى تەربىيە قىلايلى، يېتىم ـ يېسىرلارغا خەيرىيەت
قىلايلى، دېدىم، بۇنىڭ نېمە يامىنى، نېمە زىيىنى! ــ دامولـ
لام ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ، ئۇ باش ـ بۇ باش ئولتۇرغان
مېھمانلارغا تەكشى نەزەر سېلىپ داۋام قىلدى، ــ قېرىنداشلار،
ۋەتـەنداشلار! بىز ئەزەلدىن قابـىل، باتـۇر خـەلق ئـىدۇق،
تاكـى پـامـىردىن ئـۇزاق ئـالتـايغـىچە چـېدىـر ـ بـارـ
گـاھ تىـكـىـپ، سـەلـتـەنـەتـلـىـك ئـوردا ـ تـەخـتـلـەر

قۇرۇپ دەۋران سۈرگەن ئەل ئىدۇق. قاچانكى، بىزگە جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنلىك، شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرى چاپلاشتى، شۇ كۈندىن باشلاپ زاۋاللىققا، خار ـ زەبۇنلۇققا يۈزلەندۇق. ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇنىڭ جانلىق دەلىلى! قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار، ئويلاپ كۆرەيلى، مۇلاھىزە قىلايلى، ھازىرمۇ ۋاقىت كەچ ئەمەس، غەپلەت ئۇيقۇدىن ئىرغىنىپ تۇرۇپ كۆزىمىزنى ئاچساق، ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئاسارەت كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىساق، پەلەكنىڭ چاقىنى ئوڭغا بۇراپ ئىستىقبالىمىزنى يورۇتۇشقا، ۋەتەن، مىللەتنى سائادەتلىك كۈنلەرگە يېتەكلەشتۈرۈشكە ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز! ھەممىمىزگە غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!...

زىياپەتنىڭ ئاخىرقى تاۋاقلىرى كېلىشكە باشلىدى. گۈلدار چىنە ـ تاۋاقلارغا چوقچايتىپ ئۇسۇلغان قويۇقئاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان داغلىما گۆشلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. تاۋاقلار خۇددى ئاسماندىن لەيلەپ چۈشۈۋاتقاندەك ئارقىمۇ ئارقا ئۈزۈلمەستىن كېلىپ، ھەر ئىككى كىشىگە بىر تاۋاقتىن تارتىلدى. ھەر تاۋاققا بىر چىنىدىن قېتىق يانداش قويۇلدى. گۆشلەر توغرالدى. ساھىبخان خۇش ئېيتىپ تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن، مېھمانلار داستىخان ئۈستىدىكى ئەدەب قائىدىلەرگە ئاساسەن، ئاۋۋال چوڭلاردىن كەلسۇن، دېگەندەك قىلىپ، ئابدۇقادىر داموللا، ھەسەن قازى باشلىق مويسىپىتلەرگە كۆز قىرى بىلەن قارىشاتتى. بۇنى سەزگەن داموللام«خۇش» ئېيتىپ باشلامچىلىق بىلەن تائامغا قول ئۇزارتتى.

ــ مەندىمۇ گال بار، نەپس بار، كۆڭلۈمگە ئون يەردە

بەتتە يېسەممۇ ھاپ ئەتكۈدەك ئىشتىها، سىڭدۈرگۈدەك قۇرسىقىمىمۇ بار، — دېدى ئابدۇقادىر داموللا ئاش يەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزى مېھمانلارغا جاراڭلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، — يېسەم سىڭىدۇ، ئەمما يېيىش، ئېلىش ئۈچۈنلا ئوقۇپ كەلدىممۇ؟ بۇ سوئال مېنى ئازابلايدۇ، چۈنكى بىزدە دىنىي ئوقۇغان موللىلار يۇرتىنىڭ ياخشى تائاملىرىنى يەپ، سەدىقە-ئېھسانغا دۇئا قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خالىسانە ئورۇندايدىغان ھېچقانداق مەجبۇرىيىتى يوقتەك، يامان بىر ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ ئادەت تۈپەيلى، بىچارە خەلق جاپا ئەمگەكلەر قىلىپ، تاپقان تەرمىكىنى بىز موللىلارغا يېگۈزۈش، ئالدىغا قويۇپ دۇئا ئېلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بىز موللىلارمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى تائاملىرىنى يەپ-ئىچىش، نەرسە-كېرەكلىرىگە دۇئا قىلىشقا خۇددى قولدا باققان پاقلاندەك ئۆگەندۇق. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلىرىمىز ئۆز ئەقىدىمىزگە خىلاپ، چۈنكى، نەزىر تائاملىرى ۋە سەدىقە-ئېھساننىڭ ھەقلىق ئىگىسى مىسكىنلەردۇر. مۇدەررىسلىكتىن تولۇق مائاش ئېلىپ، ئۆز مەئىشىتىنى غەمسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان داموللا ئابدۇقادىر بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا: غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ رىزقىنى يالماپ يۇتۇۋالسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى دۇئا قىلىپ ئۆز يانچۇقىغا سېلىۋالسا، بۇ قانداق بولغىنى! تاڭلا مەھشەردە بۇنىڭ جاۋابىنى قانداق بېرىش كېرەك! قېرىنداشلار، مېنىڭ ئويلايدىغىنىم مانا مۇشۇ يەردە! ھەربىر كاپام ئاشنى ئاغزىمغا ئاتقاندا، كوچىدا ئاچ-يالىڭاچ يۈرگەن غېرىب-مىسكىنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ-دە، كېلىم بوغۇلىدۇ. ئىشتىهايىم ئېتىلىدۇ. بىزگە كۈنىگە ئون يەردە ياخشى تائام بولسا، ئۇلارغا ئون كۈندىمۇ بىر كاپام پولۇ يوق. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىدىغىنى پەقەت مۇشۇ ئىشلار!...

## ئون ئالتىنچى باب

# نامايىش

«قەست قىلغاننى پەس قىل!»
(خەلق سۆزىدىن)

تاڭ ئاتتى، كۆز ئاسمىنى شىشىدەك سۈزۈك. شەرق ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالتۇن قۇياش پۈتۈن شەھەرگە بۈگۈن قانداقتۇر بىر خىل تېتىك روھ ۋە جانلىق كەيپىيات بېغىشلاپ جىلۋە قىلاتتى، ئۇنىڭ مىسلىسىز يىللىق نۇرى ھەممىلا يەردە جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلايتتى، قۇدرەتلىك پولات نەيزىدەك ئۆتكۈر نۇرلىرى باراقسان دەرەخ، بوستان تېرەكلەر ئاراچلىرىنى تېشىپ ئۆتۈپ، تالا - تالا نۇر ئېقىمى ھاسىل قىلاتتى، يوپۇرماقلار ئاراچلىرىدىن نۇر تەڭگىلىرى چاچاتتى.

بۈگۈن لايپەشتاق مەدرىسىدە، يەنە بىر خىل جانلىق كەيپىيات داۋام قىلاتتى. بۇ يەردە گويا بۈگۈنكى ئالتۇن قۇياشنىڭ نۇر دولقۇنى بىلەن ئادەملەرنىڭ روھىي جە-



ھەتتىكى جۇشقۇنلۇقى بىرلىشىپ، تىخىمۇ جانلىق، تىخىمۇ تىپىك كەيپىيات شاۋقۇنلايتتى. بۇ يەرگە جەم بولغان يۈزلىگەن تالىپلار قانداقتۇر بىر شانلىق جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان سىپاھلاردەك جىددىي تەييارلىق ئۇستىدە چايقىلاتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى پالتىنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈرلەشكەن، ئۇزايى خۇددى ئاق يېغىن ئالدىدىكى ھاۋا رايىدەك تۇتۇلغان، سۈرلۈك ـ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

پېشايۋان ئاستىدا پلاكات يېزىلىۋاتاتتى. خەتتات زىياۋۇدۇن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدا يېيىقلىق تۇرغان ئاق خەسىگە ھۆسن خەت يازاتتى، يەنە بىر تالىپ يېزىلغان ھۆسن خەت ئۈچىنى قارا سىياھ بىلەن بويايتتى. خەتنىڭ يېزىلىشى ۋە بويىلىشىغا بىر توپ تالىپلار غۇجمەكلىشىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. سۇپىنىڭ لېۋىدە، يەنە بىرنەچچە تالىپ ئۆتكۈر قەلەمتىراشلار بىلەن پلاكات دەستىلىرىنى ئاقلاپ سىيلىقداۋاتتى. يەنە بىر مۇنچە تالىپلار بەشتىن، ئوندىن توپ بولۇشۇپ، قانداقتۇر بىر توغرىدا قىزغىن ۋە كەسكىن پاراڭ سېلىشاتتى.

— كەلدى، كەلدى!

— توقام مەدرىسىدىكىلەر!

بۇ سۆز بىلەن تەڭ ھويلا ئىچىدىكى تالىپلار دەرۋازا تەرەپكە قاراشتى. پەشتاق ئالدىدا كۆكرىكىگە كالامىشىرىپ ئاسقان بىر توپ تالىپلار كۆرۈندى. ئۇلار يالغۇز توقام (ئابدۇۋېلى باي) مەدرىسىدىن كەلگەن تالىپلار بولماستىن، باشقا مەدرىسلەردىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار سۆڭگۈچتىن كىرگەن سۇدەك، مەدرىس دەرۋازىسىدىن كىرىپ. ئىلگىرىكى

تالىپلارغا سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك، قوشۇلۇپ كېتىشتى. مەدرىس سەيناسى تالىپلار بىلەن لىق تولدى. ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدە مەدرىس ئىچى گويا تومۇزنىڭ ئېچىۋەتسە تېشىپ كېتىش خەۋپىگە يەتكەن كۆل سۈيىدەك چىڭقىلىپ كەتكەنىدى. «مېڭىش كېرەك!»، «ۋاقىت بولۇپ قالدى!» توپ ئىچىدە ھەر خىل گەپ - سۆزلەر گۇرۇلدەشكە باشلىدى.

پلاكات پۈتتى، دەستىلەرگە پۇختا بېكىتىلگەن پلاكاتلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. «روھىي قۇللۇقنى پاچاقلاپ تاشلايلى!»، «شۇبدلار يۇرتىمىزدىن كەتسۇن!»، «ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى!» دەپ يېزىلغان چوڭ خەتلەر ئوچۇق ھاۋادا جۇلالىنىپ تۇراتتى. تالىپلار خۇددى ماگنىتقا سۈمۈرۈلگەن تۆمۈر كېپەكلىرىدەك سىغدىشىپ كېلىپ پلاكاتقا مىختەك قادىلىپ تۇرۇشتى.

— تالىپلار، يارانلار! ... — ھاۋادا لەپىلدەپ تۇرغان ئىككى پلاكات ئوتتۇرىسىدا تېخى ياش تۇرۇپلا قويۇق ساقال بېسىپ كەتكەن ئېگىز بويلۇق، سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان بىر تالىپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز ھازىر كوچىغا چىقىمىز، ماڭغاندا سەپ بۇزۇلمىسۇن، توۋلىغاندا ئاۋازىمىزنى بولۇشىغا قويۇپ بېرەيلى، جاراڭلىق چىقسۇن، روھلۇق بولايلى، ئاللا بىزگە مەدەتكار!...

— ئۇستازلىرىمىز كەلمىسىمۇ ماڭىمىزما! — توپ ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ ئىش بىلەن ئۇستازلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، نامايىشنى بىز ئۆزىمىز قىلىمىز! — پلاكات يېنىدا تۇرۇپ ھېلى سۆز قىلغان تالىپ سوئالغا كەسكىن جاۋاب

بىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاممىغا قاراپ، — قېنى ماڭايلى! كوچىغا چىقىپ تېزىلىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

مەدرىس دەرۋازىسىدىن خۇددى تاڭ بىلەن تەڭ قوتان ئىشىكىدىن يايلاققا قاراپ چىققان قوي توپىدەك، قىستىلىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان تالىپلار چوڭ كوچىغا چىققاندا توختاشتى.

— بىرىنچى پلاكات ئالدىغا ئۆتسۇن! ئىككىنچىسى ئوتتۇردا ... ھەربىر پلاكاتنىڭ ئارىلىقى 50 قەدەمدىن ئۇزاپ كەتمىسۇن!...

شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئىچىدە، ھەربىر پلاكات ئورۇن تېپىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. پلاكات دەستىسىنى تۇتۇشقا قاۋۇل كىشىلەر بەلگىلەنگەندىن تاشقىرى، ھەربىر توپنى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىچكى جەھەتتىن ئادەم تەيىنلەنگەنىدى.

ھاۋادا لەپىلدىگەن ئاق پلاكات ۋە ھەربىر پلاكات ئارىسىدا زىچ سەپ تارتقان، بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيگەن يۈزلىگەن تالىپلار خۇددى ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتتەك ھەيۋەتلىك ئىلگىرىلەيتتى. ھېيتكا مەيدانىغا كەلگۈچە ئۇلارغا يەنە نۇرغۇن ئادەملەر قوشۇلدى. نامايىش قوشۇنى بارغانچە يوغىناپ، ئۇزىرىپ، باش - ئايىغىنى بىر ۋاقىتتا كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

قەشقەر شەھىرىدە چەت ئەل مۇخالىپەتچىلىرىگە قارشى تۇنجى قېتىم كۆتۈرۈلگەن بۇ نامايىش ئۆز ھەيۋىتى، ئۆز تەسىرى بىلەن پۈتۈن شەھەرنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. كوچا ياقىسىدىكى سانجاق ئادەملەر ئوچۇق ھاۋادا لەپىلدەپ، كۆن نۇ-

ردا ئاق چېقىندەك چاقناپ كېتىۋاتقان پلاكاتلارغا ۋە ئۇنىڭغا يېزىلغان شوئارلارغا. ئۇزۇن يىلدىن ھەركىم كۆڭلىدە كەچۈر-گەن بولسىمۇ، ئېغىزدىن چىقىرىشقا مۈمكىن بولماي كېلىۋاتقان جىددىي تەلەپلەرگە قاراپ چەكسىز ھاياجانلىناتتى. بەزىلەر، بېشىدا سەللە، ئۇچىسىدا ئاق يەكتەك، كۆكسىدە كالامى شېرىپ ئاسقان نامايىشچى تالىپلارغا ۋە ئۇلارنىڭ جۇشقۇن روھىغا قاراپ تەسىرلەنگەنلىكتىن، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى. بەزەنلەر، ناماينشچى ئاممىنىڭ تۆمۈردەك چىڭ ئىرادە بىلەن ئارسلانلاردەك ھايقىراپ كېتىۋاتقان باتۇر قىياپىتىگە، پالتىنىڭ بىسىدەك كەسكىن تۈسلىرىگە قاراپ، گويا ئۆزلىرىمۇ ھېچنېمىدىن قورقماس غەيرەتكە كەلگەندەك ھېس قىلاتتى.

— ئەجەب ئوبدان ئىش بوپتۇ!

— ھەر نېمە بولسا، خۇدايىم تالىپ بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ساپتۇ!

— دىن ئوغرىلىرىنى قوغلىۋەتسۇن!

— خۇدايىم ئاق يول بەرسۇن!

كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سانجاق تۇرغان ئادەملەر توپىدىن ھەر خىل مەدەتكار سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ناماينشچى ئامما ئۆستەڭ بويىي بويلاپ مېڭىپ، قۇمدەرۋازىدىن چىقتى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدە شەھەر دەرۋازىسى تارلىق قىلاتتى. ناماينشچى ئامما خۇددى سۇ ئامبىرىنىڭ تومىسىدىن چىققىلىپ، ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان سۇدەك گۈركىرەپ غەربكە بۇرۇلۇپ، سانچاستىكى«بەيتى خۇدا» دەپ ئاتالغان شۋېد مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئۆيىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. قوزغۇنلار ئۆۋىسىغا يېقىنلاشقانسېرى، ئاممىنىڭ شاۋقۇنى ئەۋج ئالدى.شو-

ئارلار ئارقىمۇ ئارقا ياڭراپ گۈركىرەشكە باشلىدى.
— مەنىۋى قۇللۇقنى پاچاقلاپ تاشلايلى!
— شۆھرەتلەر يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن!
— ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى!

مىڭلىغان ئادەمنىڭ قەھر بىلەن تولغان نەرە - سادا-سى ھاۋا بوشلۇقىدا ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ، يەر - جاھاننى لەر-زىگە كەلتۈرەتتى. گويا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك سادالىرى ئۇزۇن يىللاردىن قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلاپ كېلىۋاتقان ئەجنەبىيلەر-دىن قورقۇشتەك، مەنىۋى تۇمانلارنى يىمىرىپ تاشلاپ، ھەممىلا ئادەمنى ئەجنەبىيلەردىن قورقمايدىغان غەيرەت - جاسارەتكە ئىلھاملاندۇراتتى.

ئامما خۇددى قارا تاشقىندەك، «بەيتى خۇدا»غا باس-تۇرۇپ كىردى. ئەجنەبىيلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى شوئارلار تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تە-لەپلىرىنى تۆكمە يامغۇردەك ياغدۇردى!...

ئەپسۇسكى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇنچە ئاۋات بولغان «بەيتى خۇدا» ۋە شىپاخانىدىن سۆزلەشكۈدەك بىرمۇ ئادەم تې-پىلمىدى. ئۇلار نامايىشنىڭ ھەيۋىتىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، قېچىپ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل نامەردلىكى نا-مايىشچىلارنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى:

— ئىزدەپ تېپىڭلار!
— كۆيدۈرۈڭلار، چېقىپ تاشلاڭلار!...

غەزىپىنى بېسىپ تۇرالمىغان ئامما ئىچىدىن ھەر خىل سادالار، بۇيرۇق، خىتاب خاراكتېرىنى ئالغان چۇقان - سۈ-رەنلەر كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى....

— ئۇكىلىرىم، ماۋۇنى كۆيدۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى بارات گۈرۈلدەك، ئۇ غەيرىي كۆزقاراشتىكى كىتاب ۋاراقلىرىدىن بىر قۇچاق كۆتۈرۈپ چىقىپ ھويلا ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ خىتاب قىلاتتى، — كۆيدۈرۈڭلار!... گۈگۈت بولمىسا مەندە بار... مانا گۈگۈت ... بۇ كاساپەتلەرنىڭ بىر نېمىسى مېنى ئىماندىن ئاجىرىتىۋەتكىلى قىل قالغان... مانا ئەمدى كۆيسۇن! — ...دېدى — دە، كىتاب بار ئۆيگە يەنە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. باراتئاخۇن نامايىشچىلار قوشۇنىغا قوماندەرۋازىدا قوشۇلغانىدى. ئۇ شۇۋېد مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئەقىدە ئوغرىلاشتەك يولسىزلىقلىرىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنلىكتىن، غەزىپى باشقىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى.

ئۇ، يەنە بىر قۇچاق كىتاب كۆتۈرۈپ چىقىپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا تاشلاپ سۆزلەيتتى:

— كۆيدۈرۈڭلار!... يوق قىلىڭلار! ... قەست قىلغاننى پەس قىل! جاجىسىنى مۇشۇنداق بېرىش كېرەك! بۇ خاۋارىچىلار ئەقىدىمىزنى ئوغرىلاپ قەست قىلغاندىكىن، بىز ئۇلارنى پەس قىلىپ، مۇشۇنداق كۆيدۈرۈپ تۈگىتىمىز!...

ئۇ يەنە ئالدىراپ ئۆي ئىچىگە ماڭدى.

باسما ماشىنىلىرى جايلاشتۇرۇلغان ئۆيدە تاراڭ - تۇرۇڭ، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئۇ يەردە بىر توپ تالىپلار «ئەقىدىمىزگە خىلاپ ۋەرەقىلەرنى بېسىپ چىقىرىدىغان باسما ماشىنىلارنى مانا مۇشۇنداق پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك!» دەپ توۋلاشماقتا ئىدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## ئۇلار بىر - بىرلەپ شۇ يەرگە توپلانغانىدى

ھەمراھىمىزنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ھويلىسى ئادەتتە خۇد- دى تاش سارايدەك جىمجىت بولاتتى، بولۇپمۇ، باي ئۆيدە بار ۋاقىتتا، ھەر قانداق كىشى تاراق - تۇرۇق قىلىشقا ياكى چاقىرىلداپ ئۈنلۈك سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئايال‌لار بىشىنىمۇ چىقىرالمايتتى. تەرتىپ ئەنە شۇنداق چىڭ بولاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. زاغۇن چىقىپ، قورسىقى تويغان شاتۇتلارمۇ نوقۇتقا ئوخشاش كۆز- لىرىنى يۇمۇپ مۈگدەۋاتاتتى.

بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت شىمال تەرەپتىكى ئازادە مىھ- مانخانىدا ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ كىشىنىڭ قاپاققا چۈشكەن ھەرىدەك بوغۇقلىداشقان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

— ئۇنداق دەپمۇ، مۇنداق دەپمۇ ئۆز سۆزىنى يورغىلات- قىلى تۇردى، زادى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم. ئاچچىقىمدا بىر- رىپلا گىپلىدىن ئالاي دىدىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمگە ھاي بىرىپ... —

غاپپار داموللا سۆزىنى ئەنجانىبايىنىڭ زىياپىتىدە ئابدۇقادىر داموللا بىلەن تۇتىشىپ قالغان مەسىلە ئۈستىگە يۆتكەپلا چىرايىغا غەزەپ تۇسى ئالدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراتقان ھالدا، قارشىسىدا ئولتۇرغان ھەمراھباي بىلەن يېنىدا ئولتۇرغان مىراقۇل داموللىغا ئاچچىق قاراپ چىقتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازىدىن ئالدىنقى كۈنلەردىكى خاپىلىقىنىڭ تېخىچە تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئابدۇقادىر داموللىغا نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىكى بارلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، ئۇ داۋام قىلدى، — سەت بولمىسۇن دېدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ توختاپ قالدىم. سەندەك دەھرى بىلەن بوغۇشۇپ ئولتۇرغىنىمدىن، كېتىپ قالغىنىم تۈزۈك، دەپ، پەش قېقىپ چىقىپ كەتتىم.

— ئۆزلىرىگە ھاي بەرگەنلىرى ياخشى بوپتۇ! — دېدى مىراقۇل داموللا سۆز قىستۇرۇپ، ئەمما ئۇ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئۆز خوجىسىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلمەكچى بولغاندەك، سۆز ئاخىرىدا كۆز قىرى بىلەن باينىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى، ھەمراھباي بولسا، گويا ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ پەرۋاسىز ئولتۇراتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۈچ كىشىنىڭ ئابدۇقادىر داموللىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئومۇمىي جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، شەخسىي زىددىيەت مەسىلىسىدە بىر - بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. مەسىلەن، غاپپار داموللا مەنمەنلىك يۈزىسىدىن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن ئىلمىي ئابروي تالىشاتتى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالماسلىق جەھەتتىكى يېتەرسىزلىككە تەن بەر-

مەستىن، ھەسەت قىلاتتى، بولۇپمۇ، ئـەنجانىباينىڭ زىياپىتىدە بولغان بىۋاستە توقۇنۇشتا ئـۆزىنىڭ نېمە ئۈچـۈندۇر ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالمىغانلىقىنى ھـار ئېلىپ، قـاتتىق ئۆچمەنلىك قىلماقتا ئىدى.

مىراقۇل داموللىنىڭ ئـاداۋىتى يەنە بـاشقا گەپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەشقەرغە قازى بولۇش تـەمەسى كۆچلۈك ئىدى. ھـەمراھباي ئۇنى قـازى قىلىمەن، دەپ، ۋەدە بەرگـەنىدى، ئەپسۇسكى، ئابدۇقادىر داموللا ئۇنى رىقابەتتە يېڭىپ قويدى. خەلق ئاممىسى ئابدۇقادىر داموللىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قەشقەرغە باش قازى قىلىپ تـەيىنلەشتى. بۇ ئـەمەلىيەت ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ئار ـ نومـۇس كـەلتۈردى. شـۇ سـەۋەبتىن، ئۇ ئابدۇقادىر داموللىنى ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلايتتى. ئابدۇقادىر دېگەن شـۇمبۇيا قـەيەردىن پـەيدا بولدىكىن، بارغان مەككىسىدىن كەلمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا چوقۇم مەن قازى بولغان بولاتتىم. ئـەمدى قـەيەردىكىنـى، تاكى ئۇ يوقالمىغۇچە، ماڭا قازىلىق يوق، دەپ ئـويلايتتى. ھـەتتا ئـوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتى، دەھـرى، جەدىـت، ۋەھھابـى مۇرتەت، دەپ قارغىيتتى. ئەسلىدە قازىلىق ماڭا تېگەتتى، ئاتۇشلۇقلار تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى قـازى قىلىۋېلىشتى، دېگەنـدەك پىتنە ـ پاسات سۆزلەرنىمۇ قىلاتتى. بۇ ئەھۋالدىن قارىـغاندا، مىراقۇل دامـوللىنىڭ ئـاداۋىتى غـاپپار دامـوللىنىڭ ئاداۋىتىدىن كۈچلۈك ھەم رەزىل ئىدى.

ھەمراھباينىڭ ئـۆچمەنلىكى يەنە بـاشقىچە ئىدى. ئـۇ ئابدۇقادىر داموللا بىلەن ئىلىم ـ مەرتىۋە ياكى بايلىق تالاشمايتتى. ئۇ پەقـەت قـەشقەر مېھنىڭ ئىرادەمگە بـويسۇنسۇن.

قازى، مۇپتى، داموللا ـ مۇدەررىسلەر مېنىڭ ئالقىنىمدا چۆ-
گىلىسۇن، ھەممە ئىش سۇنىڭ ئىقىشى، تۇكنىڭ يېتىشى بو-
يىچە ئىشلەنسۇن، ئىسلاھات، ئويغىنىش، تەرەققىيات دېگەن-
لەر تىلغا ئېلىنمىسۇن، دەيتتى. ئابدۇقادىر داموللا ئۇنىڭ
دېگىنىگە كىرمەيتتى، ئۇ ئۆز ئىرادىسى، ئۆز مەسلىكى بو-
يىچە ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق باي-
نىڭ قارا نىيىتىگە تاقابىل تۇراتتى، شۇڭا ھەمراھباي ئۇ-
نىڭغا بوھتان چاپلاپ جەدىت، دەھرى، دىنسىز دەپ قارىلايتتى.

ھاسىل كالام، مېھمانخانىدا سۆھبەتلىشىۋاتقان ئۈچ
كىشىنىڭ ئابدۇقادىر داموللىغا نىسبەتەن، قارشىلىقى ئوخ-
شاش ئىدى. بۇ مەسىلىدە، ئۇلارنىڭ تىنىقى تىنىقىغا كېلەت-
تى، ھەر ئۈچىسى داموللا ئابدۇقادىرنىڭ ئارىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كېتىشىنى، كۆزدىن يوقىلىشىنى خالايتتى...

لېكىن، ئۈچ كىشىنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئىپادىسى
ئۈچ خىل ئىدى. بۇ خۇددى جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى كەلگەن
ئۈچ كىشىنىڭ ھېيتكا جامەسىگە ئۈچ ئىشىكتىن كىرىپ، مەق-
سەت قىلغان جۈمە نامىزىنى ئوقۇغانلىقىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى.
مەسىلەن، غاپپار داموللا ئاشكارا سورۇنلاردا مۇنازىرە قىلىپ،
ئابدۇقادىر داموللىغا ئاشكارا قارشى تۇرغان بولسا، مىراقۇل
داموللا ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يۈرۈپ، سوپى ـ
ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا پىتنە ـ پاسات تېرىپ قارشى تۇرات-
تى. ھەمراھباي گويا ھېچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتتە
ئاستىرتىن ھەممىگە قوماندانلىق قىلىپ، يوشۇرۇن ۋاستىلەر
بىلەن ئابدۇقادىر داموللىغا قارشى ھەرىكەت قىلاتتى، شۇنىڭ
ئۈچۈن غاپپار داموللا سۆزلەۋاتقاندا، مىراقۇل داموللا كۆز

قىرىدا ھەمراھىبايغا قاراپ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلمەكچى بولغان بولسا، ھەمراھباي گويا ھېچ گەپ ئاڭلىمايۋاتقان ئادەمدەك، بىپەرۋا كۆرۈنۈشتە ئولتۇراتتى.

غاپپار داموللامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمىغانىدى، ئۇ داۋام قىلدى:

— شۇ يەردىن چىققىنىمچە، توپتوغرا تىتەي يامۇلغا بېرىپتۇمەن. ئۇ دەھرىنىڭ تەلىيىگە تىتەي يوق چىقىپ قالدى. شۇ كۈنى كۆرۈشكەن بولسام، بۇ دەھرىنى قاماققا ئېلىش ياكى بۇ يۇرتتىن قوغلاش توغرىسىدا تەلەپ قوياتتىم.

— تىتەي قەيەرگە كېتىپتىكەن؟ — ھەمراھباي خۇش ياقمىغان قىياپەتتە تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئانچىكىم سوراپ قويدى.

— سوراشسام، يېڭىشەھەرگە كەتتى، دېيىشتى، — دېدى غاپپار داموللا تىتەي بىلەن كۆرۈشەلمەي قالغىنىغا نادامەت چەككەن قىياپەتتە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئىشلار توغرىسىدا ئويلىنىشىۋاتقاندەك، جىم ئولتۇرۇشاتتى. بىر ئازدىن كېيىن، بۇ جىمجىتلىقنى ھەمراھباي بۇزدى. ئۇ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن پىيالىنى قولىدا ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ سۆز ئاچتى:

— تىتەي بىلەن كۆرۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ كىشى دەرھال بىر نېمىدەپ جاۋاب بەرمەيدۇ! — دېدى ئۇ بوينىنى بىلمەسلىكتىن تولغىغاندەك قىلىپ. ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋەبوزۇن تولغاشلىرىدىن مەن بىر نېمە دېمىسۇچە، تىتەيمۇ ئۆزئالدىغا تارتىپ جاۋاب بەرمەيدۇ، دەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ بۇ سۆزنىڭ ئىككى ھەمراھغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى كۆزەتكەچ داۋام قىلدى، — ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بار

دىگەنىدەك، ۋاقتى كەلگۈچە سەۋر قىلىش كېرەك. سەۋرنىڭ
تېگى ئالتۇن، شۇنداق ئەمەسما!؟
— سىلى سەۋر، سەۋر دەيدىكەنلا، بىزنىڭ بۇ تەرەپ-
تە سەۋر قاچىمىز توشۇپ كېتىۋاتىدۇ، قورسىقىمىز ئېچىلىپ.
ياكى كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىغىلى بولمىغان! — دېدى غاپپار
داموللا بىرئاز چېچىلىپ.
باي پىسىڭىدە كۈلۈپ قويىدى. ئۇ ئەسلىدە، سەۋر
قىلىڭلار، دەپ نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى سەۋر قى-
لالمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشنى كۆزلىگەنىدى. ئۇ ھازىر
مەقسەتكە يەتتى. ئەمدى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، سەۋر
قاچىسى توشۇپ كېتىۋاتقانلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكچى
بولغان باي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— مېنىڭ قورسىقىم ئېچىلىماسمۇ! — ئۇ سوئال نەزەرى
بىلەن قاراپ داۋام قىلدى، — بۇ تەرەپلىرىنى دەپ كەلسەم، مې-
نىڭ قورسىقىم يېرىلىپ كەتسە بولاتتى. ئۇنداق بولمىدى، مەن
يەنىلا سەۋر قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سەۋر قىلىمەن! —
ئۇ بىرئاز تىنىۋېلىپ داۋاملاشتۇردى، — مەن ئۇنىڭ ئىززىتى-
نى قىلىپ، ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتىپ چىللاتتىم، ئۇ يەنىلا كەلمى-
دىغۇ، بۇنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇ ئۇنىڭ مەندەك بىرئادەم-
نى كۆزگە ئىلمىغانلىقى بولماي نېمە!؟ ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى
بار، مېنىڭ شۇ كۈنكى ئۆتكۈزگەن زىياپىتىم يۇرتىمىزنىڭ،
خەلقىمىزنىڭ تىنچ-ئامان بولۇشنى كۆزلىگەن چوڭ ئىش.
مەن بۇ ئىشقا ئاز چىقىم قىلمىدىم، يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ،
ئاز ئاۋارە بولمىدىم. پۈتۈن يۇرت كاتتىلىرىنى، تىتەي-شى-
تەيدىن تارتىپ ھەممىنى چىللىدىم. مەن چىللىغان ئادەمنىڭ

ھەممىسى كېلىشتى، بىر ئاشۇ دەھرى داموللا كەلمىدى! بۇ يولسىز-لىق بولماي نېمە! شۇ كونسى، ئىنگلىز، شۋېد كونسۇللىرى، رۇس كونسۇلات خادىملىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى. بىر ئاشۇ جەدىت كەلمىدى. بۇنىڭغا مېنىڭ قورسىقىم ئېسىلامدۇ - يوق! بۇ دەھرى ئاشۇنداق يوغان كىشى بولۇپ كەتتىما! چەت ئەل-لىك مېھمانلاردىنمۇ ئۇلۇغ كىشى بولۇپ كەتتىما!؟

— «ئىت بېشى تەخسىدە تۇرماپتۇ» دېگەن شۇ - دە! — دەپ سۆز قىستۇردى مىراقۇل داموللا.

— چىللىقىمغا كەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، قورسىقىمنى ئې-سىلدۇرۇپ، يەنە بىرمۇنچە لاۋزا گەپ، ناسازا سۆزلەرنى خال-تا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ! — دېدى ھەمراھباي زەردە بىلەن سۆز-لەپ، ئۇنىڭ قايچىلىتىپ چىرايلىق ياسىتىۋالغان بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرى غەزەپتىن تىترەيتتى، ئۇ ئەلەم بىلەن داۋام قىلدى، — ھەتتا، جانابىي كونسۇللارنىڭ ھۆرمىتىگە سالغان داستىخىنىمنى «ھارام» دەپ جۆيلۈگەنىنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن بايلىقىمنىڭ ھالال بولۇشىغا شەك كەلتۈرۈپتۇ، بۇ نېمە دېگەن تېتىقسىزلىق!... بۇ دەھرى يەنە ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماستىن، ئىككى كونسۇل ئىت تالاشتۇرسا، بارى-كاللىسىغا سېلىنغان ئۇنداق ھارام داستىخانغا ئۆزۈمىغۇ بار-مايمەن، سەھرا ئۆيىدىكى ئىتىمنىمۇ ئەۋەتمەيمەن، دەپ كاپشىپ-تۇ، قارىمامدىغان، بۇ گەپ قەيەرگە كەتتى. نېمىدېگەن زەھەر-لىك سۆز بۇ!

— ئوسال گەپ قىپتۇ، — دېدى غاپپار داموللا تېخىمۇ ئېچىنىپ.

— شۇنداق، — ھەمراھباي ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ

بىر ئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى، — بۇنداق قوپال گەپكە ھەرقانداق كىشىنىڭ قورسىقى كۆپمەمدۇ، ئەلۋەتتە كۆپىدۇ؟ تېخى گاھى كېچىلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالسا، تولا ئويلاپ ئۇيقۇ تاپالماي تاڭ ئاتقۇزىمەن، كۈندۈزلىرىمۇ بەزىدە قويغان-تۇتقىنىمنىمۇ بىلمەي قالىمەن. بۇ دەھرى مېنى مانا شۇنداق خاپا قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ سەۋر قىلىمەن، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن دەيمەن، شۇنداق ئەمەسما؟

— ئۇ دېگەنلىرى راست، سەۋر قىلساق غورىدىنمۇ ھالۋا پىشىدۇ، لېكىن سەۋرنىڭمۇ چېكى بولىدۇ! — دېدى غاپپار داموللا مەنىلىك ھېجىيىپ.

— مېنىڭچە، بۇ ئادەم...، — دېدى مىراقۇل داموللا سۆز باشلاپ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر كۆزلىرىنى گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىنىڭ كۆزىدەك دەھشەت تۇسكەكىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، تۆكۈرۈكىنى قۇلت - قۇلت قىلىپ قۇرۇق يۇتقان بولۇپ، سۆزنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋاتقاندەك ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى. بۇيانقىلار دىققەت بولۇپ، قېنى سۆزلىمەملا، دېگەندەك خېلى ۋاقىت قاراپ قېلىشتى، ئەمما، ئۇ ئادەم يەنىلا ئۈچەي يۇتۇۋاتقان تۇخۇدەك، ئۇزۇنتۇرا بوينىنى بىرنەچچە قېتىم ئېتىپ، تۈكۈرۈك يۇتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلدى - دە، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، بۇ ئادەم خەتەرلىك يەرگە بېرىپ قالدى، — ئۇ چىرايىغا دەھشەت تۇس ئېلىپ، — ئاخشام ئولتۇرسام، بىر سوپى «مۇرتەد بولغان كىشىنى ئۆلتۈرسە شەرىئەتتە قىساس كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ؟» دەپ يول سوراپ كىرىپتۇ. مەن دېدىمكى،



AltunOq

مۇرتەد بولغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش گۇناھ ئەمەس، بۇ ئىشقا ئاتلانغۇچى «غازى» ھېسابلىنىدۇ. بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىتلىك مەرتىۋىسىنى تاپىدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن سوئال قويۇپ: قايسى مۇرتەدنى دەيسىز؟ كىم مۇرتەدلىك قىپتۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ ئادەم ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، بەزەن كىشىلەر ئۇ ئادەمنى «جەدىت، دەھرى، دىندىن ئايرىلغان ئادەم» دېسە، دەسلەپ ئانچە ئىشەنمىگەنىدۇق. ئەمدى بىلسەك، ئابدۇقادىر داموللا راستتىن دەھرى، مۇرتەد ئادەم ئىكەن. ئۇ بىزنىڭ كىتابىي شەرىپلىرىمىزنى، مەسىلەن، «مەسنۇئىشىرىپ»، «نەپىھاتىشىرىپ»، «مەكتۇباتىشىرىپ» قاتارلىق كىتابلىرىمىزنى سۆكىدىكەن. بىر سورۇندا، ئۇ مۇرتەد ئابدۇراھمان جامىنىڭ «نەپىھاتىشىرىپ» كىتابىنى كۆرۈپ، «بۇ كىتاب كىشىلەرگە بەھرە بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى ئاللىقاچان يوقالغان. بۇنى ئوقۇش ئۆمۈر ئىسراپ قىلغانلىق!» دەپ ھاقارەتلەپتۇ! قارىسىلا، بۇ مۇرتەدلىك بولماي نېمە! بۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكىلى بولسۇن! مەن بۇ ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچمەيدىغان بولسام، دەپ قەسەمياد قىلدى.

— يائاللا... ياھەزرەت!... — غاپپار داموللا ياقىسىنى تۇتقان پېتى كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، بايغا قارىدى. باي بولسا، سۇرلۇك قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قانداقتۇر چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك خىيال سۈرەتتى. ئۇ خېلىدىن كېيىن، مىراقۇل داموللىغا قاراپ:

— ئۇنداق دېسەك بولماس، ئەگەر سوپى راستتىن شۇنداق ئىش چىقىرىدىغان بولسا، راسا قاملاشمىغان ئىش بولا

دۇ ـ دە! ــ دېدى ئۇ ئۇزۇن تىن تارتىپ.
ــ شۇنداق، شۇنداق! ــ دېدى غاپپار داموللا قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇلار دەھلىزدە كەش كىيىشۋاتقاندا، غاپپار داموللا باينىڭ كۆزىگە مەنىلىك ۋە تەنە ئارىلاش قاراپ:
ــ ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. سىلى بولسىلا يۇرت چوڭى. خاھى ھۆكۈمەت، خاھى خەلق بولسۇن، سىلىنىڭ ئېغىزلىرىغا قارايدۇ. شەھىرىمىزدىكى ھەرقانداق ئىشقا سىلى بىرنېمە دېمىسىلە ئەپلەشمەيدۇ! ــ دېدى.
ــ قېنى! ــ دەپ قويدى باي مەنىلىك قىلىپ. ئۇنىڭ بۇ قىسقا جاۋابىدىن تولۇق مەنە ۋە ئىشەنچ تاپقان مېھمانلار ئۇزاپ مېڭىشتى. بۇلار پەلەمپەيگە يېقىنلاشقاندا، ھويلىغا بىر توپ ئادەم ئۇندەرەپ كىرىپ كېلىشتى. غىلدىرەك داموللابىلەن بەدرەك مەخسۇم توپنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇلار خۇددى ئىت قوغلاپ كەتكەن گاچىدەك گاچىلىشىپ:
ــ يامان بولدى، يامان بولدى! ــ دېيىشتى. ئۇلار ھۆمدەپ ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماي، سۆزنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمايۋاتاتتى. بۇنىڭغا ھەمراھباينىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى:
ــ يامان بولۇپ، نېمە بوپتۇ، ئاسمان يىقىلىپ چۈشمەگەندۇ! ــ دېدى ئۇ نارازى بولغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.
ــ نېمانچە ئۇندەرەش بۇ، ئالدىرىماي سۆزلەڭلار! ــ غاپپار داموللىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قەدەر ھولۇققانلىقىغا كايىغاندەك قىلىپ غودۇڭشىدى.

— بىر توپ ئادەم، بىر توپ دەھرىلەر....
— ئىسيان... ئىسيان چىقىرىپ!...

ئۇلار يەنىلا ھولۇقۇپ، سۆزىنى ئۇقتۇرالمايتتى. باينىڭ زەردىسى قايىنىدى، ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ:

— ئۇندەرەشمەي، بىر ـ بىرلەپ سۆزلەشمەمسىلەر، قېنى، قەيەردىن چىققان، قانداق ئىسيان ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق تولۇپ. بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك داموللا باشلىق كىشىلەر قورقۇشۇپ جىم تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ باشلىرى خۇددى سىڭرى ئۇزۇلۇپ كەتكەندەك بىردىنلا يەرگە ئېگىشتى. بىرئاز ئۆپكىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرى چىقىپ سۆزلىدى:

— بىر توپ تالىپلار، يەنە بىرمۇنچە پەيلى بۇزۇق شەھەر بىكارچىلىرى توپلىشىپ، گۈركىرەپ چىنىباغقا بېرىشتى، «يوقالسۇن ئىنگلىز، يوقالسۇن شۆپىدا! يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن، دىن ئوغرىلىرى كۆزىمىزدىن يوقالسۇن!» دەپ ۋارقىراپ توۋلاشتى. ئاندىن قومدەرۋازا تەرەپكە ئۆتۈپ، شۆپىدرلا ئاچقان ھېلىقىي مەكتەپنىڭ پارتا ـ ئورۇندۇقلىرىنى، مەتبەئەخانىنىڭ جاھازلىرىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ رەسۋا قىلىشتى!

— قەيەردىكى تالىپلار ئۇ؟

— قەيەردىكى بولاتتى، ھەممىسى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ دەھرىلىرى.

— مەكتەپ بىلەن مەتبەئەخانا قەيىرىگە تاقىشىپتۇ!

— گەپ شۇ ئەمەسما!

— ئەي ئابدۇقادىر... ئەي ئابدۇقادىر، تۇرغۇدەك

يەرنىمۇ قويمايدىغان بولدى ـ دە! ــ دېدى باي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ــ بېشىمىزغا بالا، يۇرتقا ئاپەت دېسىلە! ــ دېدى غاپپار داموللا ئوت قويرۇقلۇق بىلەن باينىڭ سۆزىگە ئوت يېقىپ، ــ ئانچىكىم بولسا، مەسىلەك مەستانىسى بولدۇم، دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي... مانا ئەمدى مۇشت ئاتىمىغان ئىنگىلىز، چىشلىمىگەن شۈېد قاپتۇما! ــ سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمىغاندەك، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆز كۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولغان قىياپەتتە داۋام قىلدى،ــ بۇ خەق شۇنچە يىراق جايلاردىن، قاتمۇ قات تاغلارنى ئېشىپ كېلىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياخشىلىق بولسا، ئايانماي قىلىۋاتسا، ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېسە، بىرگە ئىككى، دېگەندەك، ئۇلارغا مۇشت كۆتۈرۈپ چىقساق قاملىشامدىكەن، سەت ئەمەسما! مۇنداقمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولامدۇ!

ــ ئەستاغپۇرۇللا! ... ــ دېدى ھەمراھباي دەردلىك نەرە تارتقاندەك ئاچچىق ئىنجىقلاپ، ــ بىزنىڭ پۈتۈن جان تومۇرىمىز شۇ خەقنىڭ قولىدا تۇرسا، قانداقمۇ قىلىشارمىز!

ھەمراھباي باشلىق كىشىلەر ئېغىر تەشۋىشلەر قوينىدا بېشى قېتىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ئابىخان لاداق بىلەن ئابدۇكېرىم ئاپغان ئىككىسى ئۇنىدەپ كىرىپ كەلدى.

لاداق سودىسىغا مېڭىپ كۆتۈرۈلۈپ، ئوتتۇراھال سودىگەر بولۇپ قالغان ئابىخاننى كىشىلەر «ئابىخان لاداق»

دەپ ئاتىشاتتى. كېيىنكىسى ئاپغان سودىگەرلىرى بىلەن كۆپرەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئابدۇكېرىم ئاپغان» دەپ لەقەم قويۇلغانىدى.

— قانداقمۇ قىلىشارمىز، ئاپلاھۇ ئەپكەر ... بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكۇددىن يار كەتتى، دېگەنىدەك، لاداقتا ئەمدىلا مال ماڭدۇرسام، بۇ چاتاقنىڭ چىققانلىقىنى كۆرمەمدىغان! ماللىرىمىز يولدا كۆيۈپ كېتىدىغان بولدى ـ دە، ئاپلاھۇ ئەپكەر! ... قانداقمۇ قىلىشارمىز! ... — ئاپغان لاداق ساقال چىقمىغان كوسا ئېڭەكنى تۇتامىلىغان ھالدا ئۆز غېمىنى يەپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن ـ ئەي! ... — يۇرىكىگە پىچاقتەك سانجىلغان بۇ سۆزدىن بىئارام بولغان ھەمراھباي ئابىخانىنى قاتتىق سىلكىۋەتتى، چۈنكى ئۇمۇ يېقىندا لاداققا 30 ئاتلىق يىپەك، زىلچە ـ گىلەم ماڭدۇرغانىدى. «مېلىمىز يولدا كۆيۈپ كۆل بولىدىغان بولدى» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ئاجايىپ سوغۇق ۋە مەشئۇم ئاڭلانغانلىقتىن، تاقەت قىلىپتۇرالماي ئاچچىق توۋلىغانىدى.

— بۇ ئىش يامىنىغا ئالىدىغان بولسا، جىمى ئىشىمىز بۇزۇلىدۇ. ئاپغان سودىگەرلىرى بىلەن نۇرغۇن ئالغۇ ـ بەرگۈلىرىمىز بار ئەمەسمۇ! تۈزۈشكەن توختاملىرىمىزمۇ ئازئەمەس، مانا ئەمدى ھەممىسى بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بولدى!

ئابدۇكېرىم ئاپغانمۇ پەرىشان ھالەتتە ئۆز غېمىنى سۆزلەپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

چەتئەللىكنىڭ يۈندىسىنى ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان

چەتئەلپەرەس يۇندىخورلار بۈگۈن باينىڭ ھويلىسىغا بىر-بىرلەپ توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ھولۇقىقان، گويا ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ كەتكەندەك ۋەھىمىگە چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى، سۆز - ھەرىكەتلىرى ئابدۇقادىر داموللا باشلىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تامامەن ئەكسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، بۇرۇن ئۆچىدىكى ئازغىنا پايدا - مەنپەئەتنى دەپ، ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىنى تاۋاردەك سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان، ھەرقانداق ۋىجدانسىزلىقلارنى قىلىشتىن تەپتارتمايدىغان ئەشەددىي شەخسىيەتچىلەر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىدىن قارىغاندا، مەيلى سىياسەت، دىنىي - شەرىئەت ۋە ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بولسۇن، شۇلارنىڭ پايدا - مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئاسماندىكى پەرىشتىلەردىن تارتىپ، يەردىكى مەخلۇقاتقىچە ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن ئىشلىشى لازىم ئىدى.... ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، باشباشتاقلىق ھېسابلىناتتى. بۇ باشباشتاقلىق گويا ئۇلارنىڭ پايدا - مەنپەئەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئوت پۈرقۈپ تۇرغان ياكى يەپ يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن دەم تارتىۋاتقان ئاجايىپ زور ئەجدىھادەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، ئالاقزادىلىككە چۈشكەن بۇ يۇندىخورلار ھەمراھباينىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىپ، بۇ ئەجدىھاغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكلىرىنى ئىشقا سالماقتا، يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ، جەڭنامىلەردە سۆزلەنگەنگە ئوخشاش، قىلىچنى توغرا چىشلەپ، دەم تارتقان ئەجدىھاغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئىككى پارە قىلىۋېتىشكە تەييارلانماقتا ئىدى.

— بولۇپمۇ، ئەنگلىيە پادىشاھلىقى چاقچاق قىلغىلى بولىدىغان دۆلەت ئەمەس، پۈتۈن ھىندىستان، پۈتۈن ئافغانىستان، ھەتتا پۈتكۈل ئەرەبىستانمۇ ئۇنىڭ قولىدا. ئەگەر ئاچچىقى كېلىپ بىر نەرە تارتىدىغان بولسا، چاتاقنىڭ يوغىنى چىقمامدۇ! — دېدى غاپپار داموللا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياغ چېچىپ.

— شۇ گەپ ئەمەسما!... — دېدى ئابدۇكېرىم ئوت ئىچىدە قالغان چاشقاندەك تېپىرلاپ.

گەپ ئۈستىگە ئابلا بەگ كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ھولۇققان، رەڭگىرويىدىن قان قاچقانىدى.

— بۇ يامان بولدى، قانداق قىلارمىز، ئاپلا!... — دېدى ئۇ كىرىپلا ساقلىنى تۇتاملاپ، — چاتاقنىڭ يوغىنى چىقىدىغان بولدى، توسۇۋالاي دەپ يۈگۈرۈپ بارسام، مەن يېتىپ بارغۇچە بۇزىدىغاننى بۇزۇپ، چاقىدىغاننى چېقىپ، پەچەق-پەچەق ئىننەللەزىنە ۋەلەم يەچەق قىلىۋېتىپتۇ. ئاپلا، بۇ يامان بوپتۇ، قانداق قىلسام بولۇر، دەپ ھەسەن شۋېدىنىڭ يېنىغا ھۆمىدەپ بارسام، ئۇنىڭمۇ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، گۆردىن چىققان مېيىتتەك سارغىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. قانداق قىلىمىز، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قەيەردىن چىقار دەپ سورىسام، ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، دەپ باش چايقاۋاتىدۇ. ئاپلا... بۇ ئىش چاتاق بولىدىغان بولدى دەپ، يۈگۈرۈپ بۇيان كەلدىم، تەلىيىمگە ھەممىڭلار جەم بولۇشۇپ...

— تېتەي بارمۇ؟ — دېدى ھەمراھباي ئۇنىڭ ھولۇلۇپ سۆزلىرىنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە.

— جانابي تىتەي ساۋخوغا① كەتكەندى.

— قاچان؟

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى.

— نېمە ئىش بىلەن كەتتى؟

— ئاپلا!... — دېدى ئابلا بەگ ساقىلىنى تۇتاملاپ. ئۇ خۇددى ئاپتاپقا قاراپ ئەسنىگەن قېچىردەك، پېشايۋاندا تۇرغان بايغا ھېجىيىپ، قانداقتۇر بىر سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك ئۇكايىسىزلىنىپ قاراپ قالغانىدى.

— سۆزلىمەمسەن، تىلىڭنى مۈشۈك چايناپ ئالمىغاندىكىن! — دېدى باي تەنە بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ئاپلا!... — دېدى ئۇ سۆزلەشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان غەلىتە قىياپەتكە كىرىپ، ئاندىن ئاستا سۆزلەشكە كىرىشتى، — تىتەي جانابلىرى... ئاپلا... دېمىسەم بولاتتى.

— سۆزلە!

— تىتەي جانابلىرى يېڭىدىن توي قىلغانىدى، — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ دۇدۇقلاپ، — ئىلگىرى - كېيىن چىرايلىق قىزدىن بىرنى تەيتەيلىككە ئېلىۋالدى.... يېڭى چاپاننىڭ ئىسسىقى ياخشى... تىتەي يېڭى خېنىمغا قىزىپ كېتىپ، بەش - تۆت كۈن پەيز قىلاي، دەپ كەتكەنىدى... كېلىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالدى، ھەرقانچە بولسىمۇ، بۇ چاققا كۆڭۈل-كۆكسى قانغاندۇ!

ئابلا بەگنىڭ ئۈچىنچى چىققان شەھۋەتپەرەس ماتىتەيگە

① ساۋخو — قەشقەر بېگىشەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قومۇشلۇق بوز. ماتىتەي يۇرتقا ئالۋان سېلىپ ئاچتۇرغان ۋە ئۆي - ئىمارەتلەر سالدۇرغان، قەرەللىك بازار قىلماقچى بولغان.

قىز ـ چوكان تېپىپ، دەللاللىق قىلىدىغان نومۇسسىز ئادەم ئىـ
كەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى، شۇڭـا ئۇنىـڭغا كۆپ سۆزلىـ
تىپ، لاۋزىلاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلـغان ئابىـ
خان لاداق ئۇنى قېقىۋېتىپ، سۆز نۆۋىتىنى تارتىۋالدى:

— ئۇنداق ماز گەپنى چۆرۈۋەتكـىنە ئاكـا! ماۋۇ ئىش
زۆرۈر، ئەمدى قانداق قىلىمىز! بۇنىڭغا بىر گەپ بېرىشىسلە!—
دېدى ئۇ بوراندەك گۈركىرەپ.

— ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ!

— ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ!

— ئەڭ ياخشىسى، ئىنگلىز كونسۇلخانىسى بىلەن شۋېد
كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ئۆزرە ئېيتىپ، ئەپۇ سوراش كېرەك!

ھويلا ئىچى چاڭىلدىغان پىكىرلەر بىلەن تولدى. ئاۋاز-
لار قۇلاقنى گاس قىلاتتى، باينىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— چىقىش ھويلامدىن، خاپامنى كەلتۈرۈشمەي يوقىلىش،
ئۆپكىسى يوقلار!... ھـەرقايسىڭ نېمىگە كېرەك كېلىشەتـتىڭ!
چىقىش، كۆزۈمدىن يوقىلىش! تېخى ھالىغا باقماي، ماڭائەقىل
ئۆگىتىپ...

باي غودۇرۇڭ ـ سۈپۈرۈڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى
قوغلاپ چىقاردى. ھويلا ئىچى ئاۋۋالقى ھالەتكە كەلدى، خۇد-
دى تاش سارايدەك جىمجىتلىققا چۆكـكـەنـدى. غاپپار دا-
موللا بىلەن مىراقۇل داموللىمۇ ئەڭ ئـاخىردا خوش ئېيتىپ
ئۇزاپ كەتتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

## سالام بېرەيلى، دەپ كەلدۇق

ھەمراھباي باشلىق ئونغا يېقىن بايلار ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا ئەنجان رەستىسى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى؛ يېنىدىكى يەكتەك ۋە شايە تونلارغا ئوراالغان سالاپەتلىك بايلار ئىچىدە غاپپار داموللىدىن باشقا، سەرراپ ئىمىن ھاجى، ھاشىم بوياق، سىتىۋالدى كۆكبۆرەك، سايىم توخۇپوقى دېگەندەك لەقەملىرى بار بايلار بار ئىدى. گەرچە بايلىق جەھەتتە، ئۇلارغا تەڭ تۇرالمىسىمۇ، ئوتتۇرىدا جان تالىشىپ باي ئاتىقى چىققان ئابىخان لاداق بىلەن ئابدۇكېرىم ئاپغانمۇ بايلار توپىغا قوشۇلۇۋالغانىدى.

ئۇلار ھېيتكانىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە خۇددى ئاسماننىڭ بىر چېتىدە لەيلەپ كېتىۋاتقان پارچە بۇلۇتتەك، ئاستا سۈرۈلۈپ ئۈرۈمچىگە كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان شىپشىدەك سۈزۈك ئىدى. ئاپئاق كۆز ئاپتىپى يەنىلا ئۆز كۈچىدىن قالمىغانىدى. بايلار ئېغىر، ئاستا قەدەم تاشلاپ



AltunOq

كېتىۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇلارنى قانداقتۇر ئېغىر غەم - ئەندىشە باسقاندەك قىلاتتى. ئۇزايىدىن، جازانىخوردىن ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا تۆلەپ بېرەلمەي، جازانىخورغا ئۆزرە ئېيتىپ يالۋۇرغىلى كېتىۋاتقان قەرزدارنىڭ روھىي ھالىتىدەك، ئىزا - ئاھانەت، تەڭلىك، قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار نۇربېشى دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئوڭغا بۇرۇلدى. سېپىل ياقىلاپ كەتكەن خىلۋەت كوچا بىلەن شەرققە قاراپ مېڭىپ، چىنىباغ — ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر تەمترەكلەپ توختاشتى. قاراۋۇلخانىدىن بېشىغا ناۋات رەڭ سەللە ئورىغان قويۇق قارا ساقاللىق بىر ھىندى بېشىنى چىقىرىپ، جاناب، ساھىب دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ گەپ سورىغاندىلا، ئاپىغان لاداق ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ بېرىپ سۆزلەشتى. قاراۋۇل بېشىنى لىڭشىتىپ ئىجازەت قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بايلار شىمالغا قاراپ سوزۇلغان كونسۇلخانا ھويلىسىغا كىردى، ئۇلار خۇددى تىلسىماتقا كىرىپ قالغان تەۋەككۈلچىلەردەك گاھى چۆچۈپ، گاھى ھەيران بولۇپ ئىچكىرىلەپ، ئىچكى ھويلىنىڭ ئالدىغا كۈندىلەك سېلىنغان ئىشخانا ئۆيلەرگە كەلگەندە، ئەلچىخانا خادىملىرىدىن بىرى چىقىپ:

— مالال كەلمىسە، بايلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئالدىن بىلگەن بولسام، — دېدى ئۇ سىيلىق ۋە سىپايىلىك بىلەن سۆزلەپ.

— بىز جانابىي كونسۇل ئالىيلىرىغا سالام بېرەيلى دەپ كېلىۋىدۇق، — دېدى ھەمراھباي چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ.

— ياخشى گەپ، قارشى ئالىمىز، — دېدى خادىم ھال-

ۋەدەك يۇمشاق سۆزلەپ، بېشىغا تەقىيە، ئۇچىسىغا تار پەشـ
مەت كىيگەن 25 ياشلار چامىسىدىكى يۇمىلاق يۈزلۈك، غوزا
باش، قارا كۆزلۈك بۇ خادىم قوللىرىنى ئەپچىل ھەرىكەتلەنـ
دۈرۈپ داۋام قىلدى، — ئەگەر زۆرۈر ئىش بولمىغان تەقدىرـ
دە، جانابىي كونسۇل مېھمان قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ھاۋالە
قىلغانىدى.

— بىزنىڭ ئىشىمىز بەك زۆرۈر، — دېدى بايلاردىن
بىرى تولغىنىپ، — كۆرۈشمىسەك زادى بولمايدۇ.

— زۆرۈر ئىش بولسا، خەۋەر قىلىپ كۆرەي، — دېدى ئۇ
ئالدىرىغان قىياپەتكە كىرىپ، — ئەمىسە، ھويلىدا تۇرغۇزۇپ قويـ
دى، دەپ رەنجىشمەيلا.

— ھەرگىز، ھەرگىز، — دېدى بايلار رەنجىمەيدىغانلىقىنى
ئىپادىلەپ. خادىم ئاغمىخانىدەك چاققان ۋە ئەپچىل مېڭىپ ئىچـ
كىرى ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

بىرئاز كۈتۈشكە توغرا كەلدى. باش كۈزنىڭ چاققاقتەك
تېگىدىغان پېۋغىرىن ئاپتىپىدا، ئالقانچىلىك سايىسى يوق
ئوچۇق ئاپتاپلىق ھويلىدا تۇرۇشقان بايلار تۆت ئەتراپقا قاراپ
ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. مۇنداق چاغلاردا بىرەر مىنۇت
ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلار ئەمـ
دى چۈشەنمەكتە ئىدى. بايا ئاپئاق ئاقىرىپ چىرايلىق كۆرۈنـ
گەن تاملار بارغانچە سۆرۈن تەلەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ھېلىلا
ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆرۈنگەن ئەينەك دېرىزىلەرمۇ سەت كۆـ
رۈنۈپ ئۇلارنى زېرىكتۈردى. ئىچكىرى ھويلىدا خۇددى يېشىل
موگۇدەك تىلسىم كۆرۈنىدىغان ئىككى تۈپ رېدە ۋە ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئېگىز راۋاق مەنزىرىسىمۇ

هوزۇر بېرەلمەيدىغان ئەزىمەس نەرسىدەك بولۇپ قالدى. بەش-ئون مىنۇت نېمىدېگەن ئۇزۇن-ھە! ئۇلار تىت-تىت بولۇپ، ھە دېسىلا قويۇن سائەتلىرىنى چىقىرىپ ۋاقىتقا قارىشاتتى، ھېلىقى خادىمنىڭ چاپسانراق چىقىشىغا تەقەززا بولۇشاتتى.

— «ھەممىسى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ چاتىقى! — دەيتتى ئۇلار ئىچىدە، — ئەگەر ئۇ، بۇ چاتاقنى تاپمىغان بولسا، بىز بۇ ئاپتاپتا قاق بولمايتتۇق!» دەپ، چاينىپ پۇركۈۋەتكۈدەك ئاچچىقى كېلەتتى.

كوندىلەڭ بىنانىڭ سول تەرىپىدە پاختەك رەڭ سىرلانغان قوش قاناتلىق ئىگىز ئىشىك بىردىنلا غاچ قىلىپ ئېچىلدى، ھېلىقى خادىمنىڭ بېشى كۆرۈندى، بايلار چۆچۈپ قاراشتى. ئۇلار بۇ ئىشىكنى مېڭىش چەكلەنگەن ئېچىلماس ئىشىكمىكىن، دەپ ئويلاشقانىدى.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت! — دېدى خادىم خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ.

بايلار خۇددى سۇدا ئېقىپ كېلىپ، سۈڭگۈچ ئاغزىغا يېقىنلاپ قالغان يوپۇرماقتەك ئىشىك تەرەپكە تەڭلا سۈرۈلدى. ئاپتاپ چېقىپ ھالى قالمىغان بايلار مېھمانخانىغا كىرىپ، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىغا خۇشال بولۇشۇپ، خادىم بىلەن ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن ھېلىقى خادىم تاۋازۇلۇق بىلەن سۆزلەپ:

— جانابىي كونسۇلنىڭ قولىدا ئالدىراش ئىش بولغانلىقتىن ھەر قايسىلىرىنى ئون مىنۇت ساقلىتىپ قويىدىغان بولدى. بۇ ھەقتە خىجالەت بولۇپ ئەپۇ سورايدۇ، — دېدى چىشىنىڭ ئېقىنى ئارانچە كۆرسىتىپ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بەش - ئون مىنۇت دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس، — دېيىشتى ئۇلار ئەدەب يۈزىسىدىن ئالدىغا سەل - پەل ئېگىلىپ.

مېھمانخانا گەمىدەك سالقىن ئىدى. بايلار سەگىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۆي ئىچىنىڭ ئاددى، ئەمما سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان ناۋات رەڭ تاملىرىغا قاراپ قانداقتۇر خىياللارغا كېتىشتى. بەزىلىرى، پاپىرۇس چېكىپ تۈتۈن پۈلەشتى. بەزىنلىرى، تۇتۇن پۇلىگەن بولۇپ، قانداقتۇر غەم - ئەندىشە بىلەن چىڭقىلىپ كەتكەن ئىچىنى بوشىتىۋالماقچى بولغانىدەك، ئۇزۇن - ئۇزۇن دۈت چىقىرىشتى.

— ئادەتتە جانابىي كونسۇلنىڭ ئىشى ئانچە ئالدىراش بولمايتتى، — دېدى خادىم بىردىنلا سۆز باشلاپ. بايلار چۆچۈشۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى. خادىم تەجرىبىلىك سىنچى كۆزلىرى بىلەن تەكشى نەزەر تاشلاپ داۋام قىلدى، — بۇ يېقىندىن ئىشلار تاسادىپىي شۇندىلاق جىددىي بولۇپ قالدى.

ئۇ سىرلىق ۋە سىپايە سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بوغۇزىغا خەنجەر تەگلەپ سۆزلىگەندەك. بايلارنىڭ يۈرەكلىرى جۇغىدە سىلكىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ خىيالى شۇئانلا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «ئىسيان»كارلىقىغا بېرىپ تاقالدى. ئېھتىمال، جانابىي كونسۇل مۇشۇ مەسىلىنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، پادىشاھ ئالىيلىرىدىن قانداق جاۋاب كېلەركىن، دېگەندەك خىياللار بىلەن بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇر؟! ئۆكتىكۈرگە چوڭقۇرلاشقانسېرى قاراڭغۇلاشقانىدەك، دەھشەت باسقانسېرى جىددىيلىشىپ،

بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇر، دەيدىغان ۋەھىمىلىك خىيال ئۇلارنى كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەر دەھشىتىگە سۆرەپ كەتكەنىدى.

— مانا، ئاشقورغان – گىلگىت، لاداق يوللىرىدىكى ئۇزۇن كارۋانلار. ئۇلار ئېگىز داۋان، چوڭقۇر جىلغا، ئەگرى – توقاي تار يوللاردا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قاراقچى، بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن توسۇلماقتا، بۇلاڭ – تالاڭ قىلىنماقتا، يىپەكلەر، قىممەتلىك تېرە – يۇڭ، زىلچا – گىلەم، بۇغا مۈڭگۈزلىرى بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلمەكتە، تۈرلۈك تاۋار – دۇردۇن، شايى – ئەتلەس، قىممەتلىك دورا – دەرمەكلەر قوتازلارغا يۈكلىنىپ، قانداقتۇر بىر ياقلارغا ئەكېتىلمەكتە.... بەزەن ماللارغا ئوت يېقىلماقتا، بەزەنلىرىنى چوڭقۇر هاڭلارغا دومىلىتىپ، تاماشا ئورنىدا كۈلۈشمەكتە! قاراقچىلار كۈلسە تاغ ئىچى قۇلاقلارنى گاراڭ قىلغۇدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك جاراڭلىماقتا.... بۇ دەھشەت خىياللار دەشتىدە ئازاب چېكىۋاتقان بايلار بىردەم تاتىرىپ، بىردەم سارغىيىپ، ئىلگىرىدىكى رەڭگىنى يوقاتقانىدى. ئۇلارنىڭ بىچارە قىياپىتىدىن يېڭىلا ئۆزى ئويناتقان دەھشەتلىك خەنجەرنىڭ ئۈنۈمىنى بايقىغان خادىم قانائەت قىلىپ، ئاغزىنى قىيسايتتى – دە، مىيىقىدا كۈلۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بەش مىنۇتلاردىن كېيىن، جانابىي كونسۇل قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلدى. بايلار ئورۇندىن تۇرۇپ ئېھتىرام كۆرسەتتى ۋە بىر – بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مەرھەمەت ھەمراھباي، مەرھەمەت داموللا...، — ئۇيغۇر تىلىنى يالماپ سۆزلەيدىغان كونسۇل بايلارنىڭ ئىسىملىرىنى



Altunoq

ئاتاپ كۆرۈشۈپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە — ساقلىتىپ قويغىنىمىزغا خىجالەتمەن! — ئۆزرە دەپ ئېيتتى.

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — دېيىشتى بايلار جاۋاب بېرىپ، ئاندىن ھەمراھباي ھەممىگە ۋەكالىتەن سۆز ئالدى:

— بۇ يېقىندىن كونسۇل جانابلىرىنى يوقلاپ كېلەلمىگەنلىكىمىزگە خىجالەت بولماقتىمىز، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا دۇدۇقلاپ، ئاندىن سارغىيىپ – تاتىرىپ داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھىرىمىزدە يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك ۋەقە چىقتى. بۇ ئىككى ئىش توغرىسىدىن يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يېرىمىز قالمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ...

— يەرگە كىرىپ كەتتۇق دېسىلە! — دېدى يەنە بىر باي ئاخىرلاشقان جۈملىگە ئۇلاپ، باشقا بايلار، «شۇنداق، شۇنداق» دېيىشىپ دوست تارتىشتى. ئاندىن ھەمراھباي داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇڭا بىز بۈگۈن جانابىي كونسۇل ئالىيلىرىغا سالام بەرگەچ، ئۆزرە ئېيتىپ كېلەيلى، دەپ پامەسلىھەت ھۇزۇرلىرىغا كېلىشتىمىز، — دېدى.

— رەھمەت، رەھمەت! — دېدى كونسۇل ئۇلارغا جاۋابەن. ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن تەمكىن سۆزلەيتتى، — ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس!

— ئۇنىڭغۇ چوڭ ئىش ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ سەت ئىش، — دېدى ھەمراھباي.

— مۇنداق قوپال ئىش چىقار، دەپ خىيالىمىزغىمۇ كەلمەپتىكەن، ئەگەر بىلگەن بولساق، ھەرگىز يول قويمايتتۇق، — دېدى يەنە بىر باي قوشۇمچە قىلىپ.

غەپلەت باسقىنى دېسلە، — دېدى يەنە بىر ناي تو-
لۇقلاپ، — بۇ قېتىم بۇرنىمىزغا سۇ كىردى. مۇنداق ئەدەبسىز-
لىك قايتا تەكرارلانمايدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا...

— ئەدەب - ئەخلاق جەھەتتىن، پادىشاھ ئالىيلىرىغا قىلىن-
غان ھۆرمەتسىزلىك، دەپ قارالمىغاندا، ئەپسۇسلانغۇدەك چوڭ
ئىش ئەمەس! — دېدى كونسۇل بايلارنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىگە
جاۋابەن. ئۇ ئالدىرىماي سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى، — بىز
ئۇلۇغ بۈۋى مەريەم ئانىمىزنىڭ ۋاپادارلىقى ۋە پادىشاھ ئا-
لىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن، ھەرقانداق ئىشقا ئەخلاقىي جەھەتتىن
مۇئامىلە قىلىپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىمىز. دۇنيا-
نىڭ ھەرقانداق يېرىدە، ھەر قانداق ۋاقىت، ھەرقانداق
شارائىتتا، قولىمىزدىن كېلىدىغان ياخشىلىقىمىزنى، مېھرى-
بانلىقىمىزنى ئاياپ قالمايمىز. قەشقەردىمۇ شۇنداق قىلدۇققۇ!
ئەگەر ھەرقايسىلىرى بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە بېرىپ، بىز
قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلىشقان بولسا،
ئۇ چاغدا، بىزنىڭ خەلقىمىز ھەرقايسىلىرىنى باش ئۈستىگە
ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتى، چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىز ياخشى
ئىش. ياخشى نىيەتلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ ھەم قەدىرلەيدۇ.

— شۇنداق - شۇنداق! — دېيىشتى بايلار باش لىڭشى-
تىپ، بەزەنلىرى تەسىرلىنىپ كېتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

— ئەپسۇسكى! — دېدى كونسۇل ئۇلۇغ - كىچىك تى-
نىپ، — كۆڭلىمىزدە ئەڭ يېقىن دوست ھېسابلىغان قەشقەردىن
مۇنداق ئىنكاس بولۇر، دەپ ئەسلا ئويلانمىغانىدىم.

— بۇ بىر تاسادىپىيلىق، بۇ ئومۇمىي قەشقەرنىڭ ئىشى
ئەمەس، ئايرىم دەھرىلەرنىڭ قىلغان قىلىقى! — دېدى مە-

مەدان بايلاردىن بىرى.

— ئەي... بۇ ئابدۇقادىرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى... — دېدى يەنە بىر باي ساقىلىنى تۇتامىلاپ، چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ.

بايلارنىڭ ۋۇجۇدىدا گويا ئابدۇقادىر داموللىنى چايناپ يۇتقۇۋەتكۇدەك كۈچلۈك غەزەپنىڭ قايناپ پۇرۇقلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن كونسۇل پەيتنى قولدىن بەرمەي سۆز ئالدى:

— بۇ كىچىك ئىش! — دېدى كونسۇل غورا چىشلىۋالغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — لېكىن بىز ياۋروپالىق يوغىناپ زەرداب بولىدىغان ھەرقانداق يارا - جاراھەت ۋە ھەرقانداق كېسەللىكنىڭ دەسلەپتە ئەڭ كىچىك نەرسىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىمىز ۋە تىببىي داۋالاش قانۇنىيەتلىرى بويىچە، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز. كېسىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولسا، ئۇنىڭغا ئاغرىنىپ تۇرماستىن كېسىپ تاشلاپ، كېيىنكى ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالىمىز. بۇ بىز ياۋروپالىقنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى! — كونسۇل سىنچى كۆزلىرى بىلەن بايلارغا تەكشى نەزەر سېلىپ داۋام قىلدى. — ھەرقايسىلىرى قەشقەرنىڭ كۆزى، قەشقەرنىڭ يۈز - ئابرويى ھەم دانىشمەنلىرى. يۇقىرىقى سۆزلىرىمگە چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن! شۇنى ئىزاھلاپ قويۇشنى خالايمەنكى، ئۇيغۇرلاردا «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار، شۇنداققۇ دەيمەن! — بايلار «شۇنداق» دەپ باش لىڭشىتىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، كونسۇل داۋاملاشتۇردى، — كىچە بولغان ۋەقەنى تاسادىپىي چىققان «بالا» دەپ تونۇساق،

ئۇنىڭ دەۋاسىنى يەنە ھە قايسىلىرى قىلىشىلا ـ دە! ئۇچاغدا، بىز يەنە ئۆز ياخشىلىقىمىزنى، ئادەمگەرچىلىكىمىزنى داۋاملاشتۇروۋېرىمىز!

— ناھايىتى ئۇلۇغ سۆز بولدى! — دېيىشتى بايلار مەمنۇن بولۇشۇپ، خۇشاللىقىدا ئۇلارنىڭ بوينى يېڭى ئۇچماقچى بولغان ياۋا غازنىڭ بويىندەك سوزۇلۇپ، باشلىرى بىر گەز كۆتۈرۈلگەندەك.

— ئابدۇقادىر داموللا كۆپ ئوقۇغان، كۆپ جايلارغا بارغان بولسىمۇ، ئەقىل تاپمىغان كەم ئەقىل ئادەم! — دېدى كونسۇل يەنە يېڭى سۆز باشلاپ، بايلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ھاياجانلىق بىلەن ئاڭلاشتى، — دۇنيانىڭ تەقدىرى كىمنىڭ قولىدا، خەلقئارالىق ئەدەپ ـ قائىدە قانداق؟ بۇ توغرىدا قىلچە ساۋادى يوق. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن يولدا كېتىۋاتقان پىلغا قاۋاپ تەنتەكلىك قىلدى. ئاقىل ئادەم بولسا، مۇنداق قىلمايتتى. ئۇنىڭ قىلغان تەنتەكلىكى ئۇلۇغ ئىمپېرىيىمىزگە قانچىلىك زىيان يەتكۈزەلىشى مۇمكىن. ئويلاپ كۆرەيلىكى، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەيدۇ، لېكىن ئەخلاق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشنىڭ تەسىرى يامان، بۇنىڭدىن كېيىن چىققىدىغان بەختسىز ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلسام، شەخسەن ئۆزۈمنىڭمۇ قورققۇم كېلىدۇ! — ئۇ ئاخىرقى سۆزنى تەرى بۇزۇلغان سۇرلۇك قىياپەتتە تاماملىدى.

— دەرۋەقە، تەسىرى يامان، بىزمۇ بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ، كېچىلىرى ئۇيقۇ تاپالمايۋاتىمىز! جانابىي كونسۇلنىڭ كۆڭلىنى ياخشى، كۆكسى كەڭ، پەزىلەتلىك ئەرباب ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك، بىز قەشقەرلىقنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى ياخشى

چۈشىنىمىز. بىزدىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى كۆڭۈللىرىگە ئالماسلىقلىرىنى، ئەپۇ قىلىپ، بىزنى ۋەھىمىگە سېلىۋاتقان تەشۋىشلەردىن خالاس قىلىشلىرىنى ھەممىمىز ئۆتۈنۈپ سورايمىز!

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، ھەممەيلەن دەس تۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن بىچارە قىياپەت دۇنيادا ئەڭ قەبىھ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، سوراققا تارتىلىۋاتقان گۇناھكارنىڭ خۇنۇك قىياپىتىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى.

— قەشقەر مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، قەشقەرنىڭ جان تومۇرى قەيەردىن ئۈزۈۋېلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمنىڭ كەملىكىنى تونۇپ يەتتۇق. بۇ بىز ئۈچۈن بولغان زور مۇۋەپپەقىيەت، خاتىرجەم بولۇڭلار، بۈگۈندىن كېيىنكى ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ! — جانابىي كونسۇل سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ خوش ئېيتتى.

كونسۇل ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققان بايلارنىڭ بويى خۇددى يوغان چۈشۈرۈۋېتىپ قۇرۇق يانغان كىمىدەك، يېنىكلەشكەنىدى. ئۇلار كېلىۋېتىپ ئۆزئارا تەسىرات سۆزلەشتى.

— جانابىي كونسۇلنىڭ قورسىقى دەرياتەك كەڭ، ئۆزى ياخشى ئادەم، جۇما!

— شور دەريادىنمۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلدىڭ!

— «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپ ئەجەب قاملاشتۇرۇپ دېدى، قەيەردىن ئۆگىنىۋالغاندۇ؟

— پۈتۈن دۇنيانى ئۇچىدا - دۇمدە قىلىپ ئوينىتىۋاتقان خەق بۈنچىلىك بىرنېمىنى بىلمەمتى!

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟!

ئۆز مەنپەئەتىنى خۇشامەت نىقابى بىلەن قاپلىۋالغان بۇ بايلارنىڭ جانابىي كونسۇلنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى تەسىراتى ئۆلگۈچە، تا ئۆلگۈچە سۆزلىسىمۇ تۈگىمەيدىغاندەك قىزىپ كېتىۋاتقاندا، ھەمراھباينىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدى. ئۇ ئىتتەك خۇيلىنىپ بىردىنلا تالىدى:

— ئۆپكەڭلىنى بېسىۋېلىپ، شۈكرەك ماڭساڭلا بولمامدۇ! چوڭ كوچىدا، يەنە كېلىپ كۆپكۆندۈزدە، بۇنداق سۆزنىڭ نېمە پايدىسى! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

بايلار بويىنغا تاش ئېسىپ سۇغا تاشلانغان ئىتتەك جىم بولۇشتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئاقىللار ۋە غاپىللار

«غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى
ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال.»
(زىيەۋنىدىسا)

ئەل ياتار بولغان چاغ. كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاشتى، بەلگىلىك دوقمۇشلاردا بولىدىغان كەچلىك بازارنىڭمۇ قىزىقى كەتتى. مىلدىنى سېتىپ تۈگەتكەن باققاللار غالتەكلىرىنى غىچىرلىتىپ ئۆيلىرىگە قايتىشقا باشلىدى.

— كېتىش كېرەك! — دېدى بىر يىگىت ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ.

بۇ يىگىت ھېيتكادىكى كەچ بازار بولغان يەردىن 20 قەدەم چەتتە تۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىش توغرىسىدا ئويلاۋاتاتتى: باققاللار خۇددى يۇلتۇز تارقىغاندەك تارقاپ كېتىشىۋاتسا، ماڭا نېمە بار؟ قىزىقى تۈگىدى، يەيدىغاننى يەپ بولدۇم، سامسا، كاۋاپتىن تارتىپ ئۆپكە - ھېسىپقىچە، قوغۇن - تا-

ۋۇزدىن تارتىپ شاپتۇل ـ ئەنجۈرگىچە ھەممىنى تېتىپ كۆردۈم، ھەققىم قالدىمۇ، بولدى ئەمدى. ئۆيۈمگە كېتەي، سوزۇلۇپ يېتىپ بىر ئۇخلاي، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى باغۇا...

پېشىندىن تارتىپ ئەل ياتار ۋاقتىغىچە، تۆشۈكدەرۋازا، ياربـاغ، قۇمدەرۋازا، ھېيتكا، ئوردائـالدى... يەنە قايسى گۈزەر ـ بازارلارنى ئالا قويماي كېزىپ يۈرۈپ، كۆزنگە كۆرۈنگەن، بۇرنىغا پۇرىغان ھەممە نېمىنى يەپ تېتىپ چىققان بۇ يىگىت راستىنلا ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. شۇنداق قىلماي-مۇ بولمايتتى، ئۆزنگە قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەنىدى.

ئۇ، تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپ، چوڭ كوچىدىن بىر دوقمۇش قايرىلدى ـ دە، ئۆز ئۆيىگە كېتىدىغان خىلۋەت تار كوچىغا كىرىپ بىرئاز ماڭغاندا، قاراڭغۇلۇقتىن پوسۇقىدە بىر ئادەم چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. سالام بېرىپ خۇددى كونا تونۇشلاردەك سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بىر خىل ئاجايىپ ئېسىل دورا ياساپ چىقتىم! —دېدى ئۇ تۇغۇشلۇق سۆز ئېچىپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلغان ئادەمنىڭ ئاۋازى جاراڭلايتتى، ئۇ داۋام قىلدى، — مۇنداق ئېسىل، خاسىيەتلىك دورىنى ئالەمشۇمۇل ھۆكۈما لوقمانى ھېكىممۇ ياساپ چىقالمىغان، مانا مەن ياساپ چىقتىم. كارامىتى بار ئېسىل دورا. ئىسمى «نۇرىلشەب». مەنىسى كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتىدۇ، دېگەن سۆز، مەن بۇ دورىنى ياساشتا ئاز جاپا چەكمىدىم. ھوقۇشنىڭ كۆز گۆھىرىگە ئۇندۇرۇپ، مۇشۇكيا پىلاقنىڭ قېنىدا سۇغىرىپ يېتىلدۈرگەن لوبيا① تالقىنى بىلەن ياساپ چىقتىم. خۇپتەنگە ئەزان

① لوبيا — پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى.

ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆيدىن چىقىپ 41 - قەدەمدە ئۇچراشقان بىرىنچى ئادەم بىلەن سىناق قىلىشىم شەرت ئىدى. تەلىيىمگە يارىشا، ئۆيدىن چىقىپ 41 - قەدەمدە سەن ئۇچراپ قالدىڭ. ئىككىمىز بۇرۇن تونۇش بولمىساقمۇ، لېكىن شەرت دائىرىسىدە تونۇشۇپ قالدۇق. سىناق قىلىشقا جىق ئىش كەتمەيدۇ، ۋاقتىمۇ قىسقا! دورا سۈيۈقلۇقىدىن كۆزۈڭگە بىر تامچە سۈركەپ قويسام كۇپايە قىلىدۇ، كارامىتىنى شۇ چاغدا كۆرىسەن، قانداق سىناپ كۆرەمدۇق؟

كالىلىسى تۇگمەن تېشىدەك چۆگىلەپ كەتكەن خىيالىي تېۋىپقا پاكى ھەمدەم خىيال، ساختىپەز دورىگەرگە ئۇچراپ قالدىممۇ-نېمە، دەپ سەسكىنىپ كەتكەن يىگىت ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولدى. بىر تۇرۇپ ئويلىدىكى، بۇ ساختىپەز مۇشۇنداق يوقىلاڭ گەپ بىلەن ئەخمەق تېپىۋاتقان يەردە، مەنمۇ ئۇنى ئەخمەق قىلىپ، بىردەم كولدۇرلاتمايمۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ سورىدى:

— قانداق كارامىتى بار، قېنى دېگىنە!

— قانداق كارامىتى بار دەپ سوراۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ، بىر قەدەم يېقىنلاپ، — كارامىتى قالتىس، كۆزۈڭگە دورىدىن بىر تامچە سۈرۈپ قويسام، شۇزامان جاھان يورۇيدۇ، كېچە-كۈندۈزگە ئايلىنىدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئېچىلىپ، تاملىرى قايرىلىدۇ. ئۆي ئىچىنى ۋە ئۆي ئىچىدىكى ھەممە ئىشلارنى خالىغانچە كۆرىسەن، كۆزۈڭ خۇددى مۇشۇكيا پىلاقنىڭ كۆزىدەك كېچىسى ھەممىنى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. خالىغان تاماشايىڭنىڭ ھەممىنى كۆرىسەن، قانداق، قىزىقىۋاتامسەن! — دېدى ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن.

يىگىت يالتايدى، مېڭىسىنى يوقاتقان سوغۇق سەۋدا يىنىڭ نەق ئۆزىگە ئۇچراپتۇمەنمۇ قانداق، بۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولغۇچە، ئاستا كېتىپ ئۇيقۇمنى ئۇخلاي دېدى ـ دە، خوش ئېيتتى:

— ماڭا ئۇنداق كارامىتى بار دورىنىڭ لازىمى يوق، ئۆيگە كەتمىسەم بولمايدۇ. ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، خەير-خوش! — يىگىت كەتمەكچى بولۇپ قەدەم بېسىۋىدى، ھېلىقى ئادەم ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى توستى.

— ئاداش توختىغىنا. ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بەلبېغىدىن تۇتۇپ.

— ئاقىل!

— ئاقىل دەپ ئېتى بار ئادەممۇ شۇنداق بولامدۇ،توختا ئاڭلا، مېنىڭ ئېتىم غاپىل،ئىككىمىزنىڭ ئېتىپاركەپتۇ، تونۇشۇپ قالىمىز، ئاغىنە بولۇپ قالىمىزمۇ تېخى! راست گېپىڭنى قىل، ماڭا ئىشىنىۋاتامسەن ياكى ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ شۇنى قەتئىي ئېيتىپ قويايكى، — دېدى ئۇ ئاغرىنىشلىق بىلەن داۋام قىلىپ، — بۈگۈن ئاخشام سېنى تولۇق ئىشەندۈرمىگۈچە ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن، دەپ قېلىشىڭ مۇمكىن، چۈنكى، سەن شەرت ئىچىدە ئۇچرىغان بىرىنچى ئادەمسەن، شەرت بويىچە، سەن بىلەن مۇشۇ دورىنى سىناپ كۆرۈشۈم كېرەك. ماقۇل دېگىن، ئەگەر ماقۇل كەلمىسەڭ، مېنىڭ بىر يىل چەككەن ئەجرىم بىكارغا كەتمەمدۇ! مىڭ بىر جاپا بىلەن ياساپ چىققان دورام كۆچ كۆرسىتەلمەي زايە بولسا، ماڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ! جېنىم ئاداش، مەن خۇش بولاي، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىسىمۇ، دورىنى ياساپ چىقىش ئارىلىقىدا تارتقان جاپا، چەككەن ئازابلىرىمغا ئىچىڭ ئاغ-

رىسۇن. جىنىم ئـاغىنە، سىناق قىلىشقا ئانچـە ئـۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ. تەييارلاپ قويغان سۈيۈقلۇق بـار، ئىككىمىز تەڭلا كۆزىمىزگە سۈرتىمىز، شۇ چاغدا يالغان ئېيىـتمىغانلىقىمنى بىـلىپ قالىسەن، قانداق، سىناپ كۆرەمدۇق؟ — ئۇ بىر تەرەپتىن، سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن، ئاستا بىر چەتكە تارتتى.

رودىپاينىڭ دەل ئۆزى ئىكەن، قانداق قۇتۇلارمەن، دېـدى ئاقىل ئىچىـدە. ئاخىرچە بىر چەتكە بېرىپ قالىـغـانىدى. كەچلىك سودا قىلىدىغان باققاللارمۇ دۇكانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىشكەن، چىراغلار ئۆچكەن، كوچىلار قانداقتۇر ئېغىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەنىدى.

— كۆزۈڭنى يۇم، دورا سۈركەيمەن! — دېدى ئۇ قەتئىي بۇيرۇق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، قويىنىدىن قانداقتۇر بىر نېمىنى ئالماقچى بولغاندەك قولىنى قويىنىغا تىقتى، — تاكى مەن كۆزۈڭنى ئاچ دېمىگۈچە ئاچمايسەن، بۇمۇھىم شەرت، بىلدىڭمۇ؟

بەرىبىر ئەخمەق بولدۇمغۇ، يۇمسام يۇماي، دېگەن ئويـغا كەلگەن ئاقىل كۆزىنى يۇمدى، غاپىل قولى بىلـەن ئۇنىڭ كۆز قاپىقىغا چاشقان سۈيدۈكىچىلىك نەملىكنى سۈركىگەندەك قىلدى. ئۆزىنگىمۇ سۈرگەن بولسا كېـرەك، بىرئـازدىن كېيىن بۇيرۇق قىلىپ:

— كۆزۈڭنى ئاچ، — دېدى. ئاقىل كۆزىنى ئاچتى. ئېيتقاندەك، ئاقىل ئۆزىنى شۇنداق بىر يورۇقچىلىق ئىچىدە، ھەيۋەت مەنزىرىلەر قويىنىدا كۆردىكى، ھەيران بولغىنىدا ۋارقىراپ تاشلىغىلى قىل قالدى.

— قانداق، كارامىتى بارمىكەن! — دېدى ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قانائەت تاپقان كەشپىياتچىدەك مەغرۇر قىياپەتتە، — دورىنىڭ كۈچى بامداتقا ئـەزان چىققۇچە يېتىدۇ.

ئاخىرچە پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆلگۈرەمىز، قانداق، تاماشا قىلامدۇق؟

ئاقىل قىزىپ قالدى، ئۇ ئويلايتتى: كۈندە كۆرۈپ تۇرغان كۈندۈزلۈك ھاياتنىڭ نېمە قىزىقى! ۋاي دېگۈدەك تەسىراتى، ھېس قىلغۇدەك ئاجايىپلىقىمۇ يوق. يەنە كۆرسەك يەنە شۇ، دېگەندەك ھەر كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن ھەممە كىشى يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، چىرايلىق كىيىنىپ، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ، يۈز - كۆزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرۈپ، ئالاھىدە پەرداز بىلەن كوچىغا چىقىشىدۇ. بۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ يالتىرىغان تاشقى قىياپىتىدىن باشقىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ نېمە قىزىقى!؟ كېچىدە بولسا، ئەھۋال باشقىچە، ھەر ئادەم ئۆز ئۆيىدە، ئىشىكتۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، خىلۋەت ئۆچەكلىرىگە كىرگەندىن كېيىن، يالتىراق تونلىرىنى يېشىپ، زىننەت نىقابلىرىنى سۆكۈپ، ئەلدىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئەسلى قىياپەتلىرىنى ئاشكارىلىشىدۇ، يەلكى سىرلىق خۇي - قىلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ھەتتا كىشىگە كۆرسەتكىلى بولمايدىغان ئۇيات ئىشلارنىمۇ ئۆتكۈزىدۇ. مانا بۇسى كىشىلەرنىڭ كېچىلىك سىرلىق تۇرمۇشى. بۇ ئەلۋەتتە ھەرقانداق كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان كارتىنا. مۇنداق كارتىنىنى كۆرۈش پۇرسىتى ئۇنداق ئاسان نېسىپ بولماس. بۈگۈن ماڭا بۇ دورىگەر ئۇچراپ قالمىغان بولسا، شۇنىڭدەك كارامەتلىك دورا كەشىپ قىلىنمىغان بولسا، مۇنداق پۇرسەت ماڭا ئۆمۈرۋايەت نېسىپ بولمىغان بولاتتى. مەيلى ئەممەسمۇ، بىر كېچە ئۇيقۇم قالسا نېمە بوپتۇ! كېرەك يوق، جىنىم چىقىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، بىر

كېچە تاماشا قىلىشۋالاي، پۇرسەت كېلىشۋەرمەيدۇ، مەيلى، دېدى-
دە، ئاقىلجان بىر كېچە ئايلىنىشقا رازى بولدى.
— يۇر ئـەمىسە، كەتتۇقمۇ؟! — غـاپىلجان ئـۇنـى بىر
كوچىغا باشلاپ كىردى.
— مۆجىزە دېگەن مانا مۇنداق بـولماي! — دېدى ئۇ
ھاياجانلىنىپ. چۈنكى ئۇنىڭ كـۆز ئالدىدا شـەھەر ئۆيلىرى
يېرىلغان ئاناردەك ئېچىلىپ كـەتكەنـىدى. ئۆي چـىراغلىرى
بولسا، ئانار دانىسىدەك پارىلداپ كۆرۈنەتتى.
— ماۋۇ ھەشەمەتلىك يۇزلۇر مېھمانخانىنى كۆردۈڭمۇ! —
دېدى دورنگەر ئاقىلنى نوقۇپ، — چوغدەك چىرايلىق كىنىلەم-
لەر بىلەن بېزەلگەن بـۇ ئۆي دائىم بـوش - بـىكار تۇرىدۇ.
ئۆي ئىگىسى باي ئاشخانا ئۆيدە كونا كېيىك تېرىسى ئۈستىدە
غېرىب - غۇرۋادەك ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ياشىما چىشلىرىنى سۇغا چې-
لاپ قويغان بولسا كېرەك، ئاغزى قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىلىپ
قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئـۆزىدىن 30 يـاش كىچىك بـىر چوكان
گويا ئۇنىڭدىن يىرگەنگەندەك تەتۇر قاراپ ياتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ
بايلىققا، زورلۇققا تايىنىپ قولۇۋالغان ئـائىلە مـۇھەببىتى،
ئـەمەلىيەتتە، مـۇنداق تـۇرمۇش ئـائىلىدىكى بـەختسىزلىك!
كۈندۈزى بۇ باينى قانچە قـېتىم كۆرسەڭمۇ مـۇنداق بـەختسىز
تەرەپلىرىنى كۆرەلمىگەن بولاتتىڭ، شۇنداقمۇ بۇرادەر! ئۇ ئا-
دەم ئەتىدىن كەچكىچە چايخانىدا ئولتۇرىدۇ. كۆرۈنۈشى بـەختى-
لىك، گويا ناھايىتى خاتىرجەم. قورچاقتەك ياساپ قويغان مېھ-
مانخانام بار، ياش، پەرىزاتتەك چىرايلىق چـوكىنىم بار، دەپ
غادىيىپ ئولتۇرساكېرەك، ئەمەلىيەتتە بولسا، قېرىغاندا تەخەي
كۆندۈرمەن، دەپ جاپا چېكىشۋاتقان بـەختسىز بـىر قېرى. ئۇ

ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ، ئىچىدىن زەرداب بولۇپ تۈگىشىپ كېتىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ تام قوشنىسى بۇيانقى ئۆيگە قارا. بۇ ئۆي كەمبەغەل تۇل خوتۇننىڭ ئۆيى. بۇ ئايال ئۇزۇندىن زىققە كېسەل ئازابىنى چېكىۋاتقان بولسا كېرەك، كۆردۈڭمۇ، سامان تەكىيىگە تايىنىپ، مۈرىسى بىلەن تىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى كونىراپ كەتكەن يوتقاندىن تۆت بالىنىڭ بېشى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بالىلار نەۋرىسىمۇ ياكى ئۆز بالىسىمۇ بۇنىسى نامەلۇم. جاھان دېگەن شۇ، ئوتتۇرىدا بىرلا تام، ئوخشاش ئادەملەرنى باي ـ كەمبەغەل دەپ چوڭ ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تاشلىغان! بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش ـ ھە!؟

ئۇلار كۆرە ـ كۆرە ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان تار بىر خالتا كوچىغا كىردى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆيلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىدى. ئۆيلەر باي، ئوتتۇراھال، كەمبەغەل دەپ چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنەتتى. ھەممىسى ئۆز ھالىغا يارىشا ئۆيلىرىنى ياساپ ـ تۈزەپ ئولتۇرۇشاتتى. چاشقاننىڭ ئۇۋىسى پۈتمىگەندەك، ئادەم بالىلىرىنىڭ ئۆي تۈزەش ئىشىمۇ تۈگىمەيدۇ. سەندىن مەن قالامدىمەن، دەپ بەسخورلۇق قىلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە تىرىشىدۇ. ئۆي زىننەتلەيمەن، دەپ ئۆزىنى پەرۋىش قىلىشنى ئېسىدىن چىقىرىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزى كېتىپ، ئۆي سەرەمجان، زىبۇ ـ زىننەتلەر قالىدۇ. بۇ مىراسلار ئوت ـ بالا بولۇپ، ۋارىسلارنى تالاش ـ تارتىشقا، پۈتمەس ـ تۈگىمەس جاڭجاللارغا سېلىپ، قېرىنداشلارنى دۈشمەنلەشتۈرىدۇ، خالاس!

— بۇرادەر، ئىتتىك كۆرمىسەك تۈگىتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمدى ئۈچ ـ تۆت كوچا ماڭدۇق، قەشقەر دېگەنـ

دە مۇنداق كوچا ئازمۇ! — دېدى غاپىل ھەيدەكچىلىك قىلىپ. سۈرئەت تېزلەشتى، كوچا ئۆيلىرى خۇددى كىنو ئېكرانىدەك تېز - تېز ئۆتكىلى تۇردى، كېچىلىك تۇرمۇشنىڭ رەڭگا - رەڭ مەنزىرىلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى، — كۆردۈڭمۇ ماۋۇ ئۆيدە ئىككى ياش چىلىڭ گىرەلىشىپ ياتىدۇ. قارىغاندا، يېڭى توي قىلىپ مۇرادىغا يەتكەنلەر بولسا كېرەك. راسا پەيزە قىپتۇ - ھە! بۇيانقى ئۆيدە بىر چوكان مەيدىسىگە دۇتتارنى قويغان پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ. قارىغاندا، بۇ چوكان تۇل بولسا كېرەك. ئاۋۋال ئىچى پۇشۇقىدا دۇتتار چالغان، كېيىن شۇ پېتى ئۇخلاپ قالغان.... بۇيانقى ئۆيدە بىر يىگىت تىزىنى قۇچاقلاپ يېتىپتۇ، قارىغاندا، ئۆيلىنەلمىگەن سالتاڭ يىگىت بولسا كېرەك.... قارا، ماۋۇ ئادەم نېمانداق دەھشەت كۆرۈنىدۇ - ھە! چىرايى سامانىدەك سېرىق. قارىغاندا، چىلىم چېكىدىغان بەڭگى بولسا كېرەك. ئۇ ھازىر ئاخشام چەككەن بەڭنىڭ كەيپىدە مەست بولۇپ، قورقۇنچلۇق خىيال قوينىغا كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ. چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ! ماۋۇ ئۆيدە يالغۇز ياتقان ئادەم ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، بەلكى ئاخشام ھاراقنى جىقراق ئىچىپ قويغان بولسا كېرەك!... قىزىق كۆرۈنۈشلەر ئەمدى چىقىۋاتىدۇ. مانا، ماۋۇ ئۆيدە سالاپەتلىك تۆت كىشى تارشىدەك تىك ئولتۇرۇپ بەشلەڭ قەغەز① ئويناۋاتىدۇ. يېنىدا بىر چوكان راۋاپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇلارغا پەيزى قوشۇۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ سالاپىتىگە قاراپ كىم ئۇلارنى قىمار ئوينايدۇ، دەپ ئويلىسۇن، ھەتتا گۇمانمۇ قىلماس! قارىغىنا، ئۇنىڭ بىرى بەدرەك مەخسۇمغا ئوخشامدۇ - قانداق؟!

① قىمارنىڭ بىر تۈرى.

AltunOq

— ماۋۇ ئۆيدىكىلەر تېخىمۇ پەيزى ئىكەن، كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئاقىلسول تەرەپتىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ، — بۇ ئۆيگە ئىشقىۋازلار توپلانغاندەك قىلىدۇ. ئەر تۆت، ئايال ئىككى، ئەرلەر ھاراق ئىچىشىۋاتىدۇ، ئاياللاردىن ياشانغانراقى دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتسا، ياشراق چوكان قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. تۆت ئەركەك گويا بىر نەرسە تالىشىۋاتقان ئەلپازدا بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، ئۇسسۇلچىغا تەلمۈرۈپ قارىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شەھۋانە كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۆيدىكى لامپا چىراغنىڭ يالقۇنىدىنمۇ كۈچلۈك. قارىغاندا، ئۇلار دۇنيانىڭ پۈتۈن راھەت - پاراغىتى ئىچىملىكتىن ۋە ئاياللارنىڭ تېنىدىن تېپىلىدۇ، دەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەمما، بۇ يولدا چاپسانلا ئەسكى چۈرۈۋتەك ماكچىيىپ كېرەكتىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماس!

— قارىغىنا، ماۋۇ چارساقال ئادەم نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ! — دېدى غاپىل چۆچۈپ. ئىككىسى تەڭلا شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇ ئادەم مورا ئوچاقنىڭ كۈلخانىسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كولاۋاتاتتى، — ھەيران قالمىغىن، — دېدى غاپىل چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ، — بۇ ئادەم تاپقان تەرمىكىنى يېمەي - ئىچمەي كۈمۈش پۇلغا ياكى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ كۆمۈپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن، چۆچۈپ، ئالاق - جالاق بولغىنىغا قارىغاندا، بۇ قېرى قىلىۋاتقان ئىشىنى خوتۇن - بالىلىرىدىن قاتتىق يوشۇرسا كېرەك. ئەگەر ۋەسىيەت قىلىشقا ئۈلگۈرمىسە بۇ نەرسىلىرى كۆمگەن يەردە قېلىۋېرىدۇ، دېگىنە! ۋاي ئىسىت... ئەنە قارا، ماۋۇ ئۆيدە بىر توپ ئادەم غۇجمەكلىشىپ قاپتۇ. چۈشەندىم، بۇلار تۆت ئوشۇق ئويناۋاتقانلار ئىكەن، — دېدى

غاپىل داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ خەقنىڭ ئولتۇرۇشىغا قاراڭلار، مىختەك قادىلىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قاپتۇ. دەتتىكام دەپ تولا مۇشتلاپ، مەيدىلىرىنى شەلپەردەك قىزارتىۋېتىپتۇ! نېمىدېگەن ھەرجىلىك ئىش بۇ. ھەممىسى ۋەيران بولۇپ، ئاخىر ئوغرىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ!؟

ئۇلار شەھەرنىڭ بىر - بىرىدىن قىزىق كىچىلىك تۇرمۇشىنى تاماشا قىلىپ كۆرۈپ ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىكى كوچىنىڭ خىلۋەت بىر ئۆيىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان باشقىچە بىر مەنزىرە كۆرۈندى. يىراقتىن قارىغاندا، ئۆي ئىچى كۆكۈم بولۇپ، خۇددى بىر كۆزەينەكلىك يىلان بىلەن بىر بوغما يىلان كۈشۈلدىشىۋاتقاندەك بىر مەنزىرە غىل-پال، غىل-پال كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر - بىر بېسىپ يېقىنلاپ بېرىپ، سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمدىن بىرىنىڭ ياپىلاق يۈزلۈك، ئاق سېرىق، كۆز چاناقلىرى چوڭ بولغاچقا، يىراقتىن قارىغاندا، كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشايدىغانلىقىنى؛ غوزا باش، كىرپە تۇمشۇق، قارىمۇتۇق كەلگەن يەنە بىر ئادەمنىڭ بوغما يىلانغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆردى. ئۇلار تۇمشۇق يالىشىپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇپ قانداقتۇر بىر سودا ئۈستىدە كۈشۈلداشماقتا ئىدى.

— ھاۋا بۇزۇلسا يۇرتقا يادا يېغىپتۇ، دېگەنىدەك، خوجايىنلارنىڭ چىرايى تۇتۇلسا بىزدەك ئادەملەرگە جىق ئارامسىزلىق بولىدىكەن! — دېدى كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم دەرد تۆكۈپ. ئۇ، تىلىنى يىلانغا ئوخشاش ئوينىتىپ، كالپۇكىنى بىر - ئىككى يالىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — نەچچە كۈندىن خوجايىنىنىڭ قاپىقى سېلىنىپ، چىرايى بۇزۇلۇ-

ۋىدى، خۇدا ھەقىقى راستىمنى ئېيتسام، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتىم. نەچچە كېچە بولدى كۆزگە تۈزۈك ئۇيقۇ يوق، كېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمەيدۇ، خۇدا ھەققى بىرلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ كەتتىم، جۇما!

— مېنى دېمەملا، مەن تېخىمۇ قىينالدىم. خۇددى يىڭنە يۇتۇۋالغان ئىتتەك قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشۇمنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى بوغما يىلانغا ئوخشاش ئادەممۇ دەرد ئېيتىپ، — مېنىڭ خوجايىنىممۇ ھەممىشەم تەرىنى بۇزۇپ، قورسىقىمنىڭ ئىچىدىكىنى تاپ، دەپ خۇي قىلىدۇ، بۇ ھەممىدىن قىيىن ئىش ئىكەن، خەقنىڭ قورسىقىدىكى ئىشنى قانداق تاپقىلى بولسۇن؟ ئۇلار نېمىشقا بىر ئىشنى غاچ قىلىپ كېسىپ، ئىككى پارە قىلمايدىغاندۇ! ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن خوجايىن بولۇپ قالغان بولسام، ئىش دېگەننى كېسىپ، بۆسۈپ پەچەق - پەچەق، ئىنىنەللەزىنە ۋەلەم يەچەق قىلىۋەتكەن بولاتتىم!

— خۇدايىم شۇنداقلىقىنى بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز، پاقىغا قۇيرۇق بەرمىگەن! — كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم ئۆز سۆزىگە ئۆزى بىر ھازا كۈلگەندىن كېيىن بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، بىزنىڭ خوجايىنلار ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن، ھەرقانداق ئىشنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ چىقىرىپ ھەل قىلىشنى ئەدەب - قائىدىگە خىلاپ، دەپ قارايدىغان پەزىلەتلىك ئادەملەر، شۇڭا ئۇلار بىزگە ئوخشاشمايدۇ، قىلماقچى بولغان ئىشنى سىر تۇتىدۇ، يوشۇرىدۇ. مۇشۇ مەسىلىدە، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندىن باشقا سۆز قىلغىنى يوق. قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىپ قېلىڭلار،

دەپ قاپىقنى ئاچماي يۇرۇۋەردى. مەن بولسام، ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى توغرىلايمەن، دەپ ئۇيان ماڭمەن، بۇيان يۈگۈرەيمەن، ئەقىل ئىزدەپ مەسلىھەت سورايمەن. ئىشىنىڭ گۈلىنى ـ گۈلىگە كەلتۈرگۈچە تۈگىشىپلا كەتتىم، جىگلاپ كۆرسەم، 20 جىڭ پەسلەپ كېتىپتۇمەن!
— بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ مىجەزىمۇ شۇ. ھەرقانداق ئىشقا ئۆزى قول سالمايدۇ، قاپاقنى تۈرۈۋېلىپ بىزنى مەجبۇر قىلىدۇ. پۇل چىقىرىشقىمۇ رايىش ئەمەس!
— خوجايىن بولغانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇنداق بولسا كېرەك! — دېدى كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ، — بولدى ئەمدى، جاپا چەككەن بولساقمۇ، قىينالغان بولساقمۇ، بۇ خۇنلۇق ئىشنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ قويدۇق، شۇ بويىچە ئورۇنداپ قويساق خوجايىنلىرىمىزنىڭ قاپىقى ئېچىلىپ، «ياخشى» دەپ دولىمىزغا قېقىپ قويسا،شۇنىڭ بىلەن ھاردۇقىمىز چىقىپ كېتەر!
— چىقىدۇ، ئەلۋەتتە ھاردۇقىمىز چىقىدۇ، — دېدى بوغما يىلانغا ئوخشاش ئادەممۇ تېتىكلىشىپ، — مەنچۇ، خوجايىنىم بىر قېتىم «ياخشى»دەيمەن دېسە، ئۇن ئادەمنىڭ كالللىسىنى كېسىپ كەلگۈدەك ساداقىتىم بار، جۇما!
دەرد تۆكىشمۇ، ساداقەتلىكتىن سۆزلىشمۇ، بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان بۇ ئىككى مەخلۇق نۆۋەتتىكى تەۋەككۇلچىلىكتە ئۆزىنى ئاشكارا قىلماسلىق توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى:
— بۇ ئىش ھەم چوڭ، ھەم خۇنلۇق ئىش. سەل چاغلاپ ئۆزىمىزنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولساق، خەلق بىزنى دەس-

سەپ ـ يانجىپ شۇ پەك قىلىۋاتىدۇ، بۇنى چۈشىنەلمەسەن!؟

ــ سىلىدىن بەكرەك چۈشىنىمەن، شۇڭا ھېلىقى ئادەم بىلەن سۆزلىشىشتىن بۇرۇن، قورال تۇتتۇرۇپ قەسەم ئالدىم.

ــ گەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك!

ــ بىز قانداقلا بولساق، چوڭ خوجايىنلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك خوجايىنلارغۇ، ئۇنداق بولغانىكىن، بىزمۇ ھەر قانداق ئىشتا چوڭ خوجايىنلارغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنى يوشۇرۇن تۇتۇشنى بىلىشىمىز كېرەك.

ــ ھېلىقى ئادەم يارامىلىقتۇ؟

ــ كىمنى دەيلا، ھېلىقى مەزىناخۇنۇمنى دەملا؟

ــ ھەئە.

ــ يارايدۇ، ئۇچىغا چىققان تەلۋە. تۇت دېسە داـ دىسىغىنىمۇ رىئايە قىلماستىن بوغۇدىغان تەلۋە.

ــ تەلۋىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، ئەمما تەلۋىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق، دېگەن بىر گەپ بار، شۇڭا كۆڭۈل توختىتالـ مايۋاتىمەن، جۇما!

ــ خاتىرجەم بول، ھەرقانداق بالا كەلسە ئۆز بېشىمغا ئالىمەن، دەپ قەسەم ئىچتى.

ــ ئەي ...، ــ دېتىدى كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم بېشىنى چايقاپ، ئۇ يەنىلا كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. بوغما يىلانغا ئوخشاش ئادەم شېرىكىنى ئىشەندۈرۈشـ نىڭ زۆرۈرلىكىنى توغرا تاپتى ـ دە، باشتىن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ــ بۇرادەر، سەن ئۇنداق خاۋاتىر بولما، مەن بۇ ئادەمنى ئۇزۇن سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ئاداۋەت ۋە ئىنـ



AltunOq

تىقامىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ مەسىلىنى
ئوتتۇرىغا قويدۇم. قانداق ئاداۋەت دېسەڭ، — دېدى بوغما
يىلانغا ئوخشاش ئادەم قىزىشىپ، — بۇ ئادەم ئەسلىدە، قازى-
خانا ئالدىدا خەتتاتلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقانىكەن. ھېلى-
قى ئىسيانكار قازى بولغاندىن كېيىن، يوقىلاڭ بىر ئىشنى با-
ھانە قىلىپ خەتتاتلىقتىن چەكلەپ قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ
بۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ. ھەر كۈنى بەش
بالىسى نان دەپ جېدەل قىلسا، بۇ ئادەم ئۆزىنى خەتتاتلىق-
تىن چەكلەپ قويغان قازىدىن خاپا بولۇپ، خەپ توختا، دەپ
ئىچىنى ئۇرىدىكەن. مەن مۇشۇ تەرەپلەرنى پۇختا ئىگىلەپ
چىقتىم. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم تەرىپى، ئەھمەت مېزىننىڭ تەسەۋ-
ۋۇپ يولىدا ئىشانغا قول بېرىپ سوپى بولغانلىقىدا. ئۇ، ئابدۇقا-
دىر داموللا تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى سۆ-
كۈپ ھاقارەتلەپتۇ. ئۇ دەھرى، ئۇ، مۇرتەد دېگەندەك سۆزلەر-
نى ئاڭلىغاندا قېنى قىزىپ، كونا - يېڭى ئاداۋەتلەرنى بىر-
لەشتۈرۈپ، بۇ مۇرتەدنى ئۆزۈم ئۇجۇقتۇرىمەن، دەپ يۈرۈپتى-
كەن. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىچكى غۇملىرىنى ئىگىلىگەندىن
كېيىن، ئاندىن بۇ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كېيىمنى ئاڭلاپ
ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۈستى - ئۈستىگە قەسەم قى-
لىپ، ھەرقايسىلىرىدەك كاتتا بايلارنىڭ تەلىپى شۇنداق بو-
لىدىغان بولسا، ئابدۇقادىر دېگەن مۇرتەدنىڭ بىر تامچە قې-
نىنى ئىچمەيدىغان بولسام، ئاللانىڭ بەندىسى بولماي كېتەي! —
دېدى.

— شۇنداق قەسەم ئىچكەن ئادەم نېمىشقا بۇ چاغقىچە كەل-
مەيدۇ؟ — دېدى كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم سو-

ئال نەزەرى بىلەن قاراپ.

— يەنە بىر ئاز تەخىر بولمامدۇق، كېلىپ قالار!

شۇ گەپنىڭ ئۇستىگە، دىۋىدەك قاپقارا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— زامانە ئاخىر دېگەن شۇ!— دېدى ئۇيدىكىلەر تەڭلا سۆزلەپ، — زامانە ئاخىردا كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، شۇ كېلىدۇ، دېگىنى راست ئىكەن، كەلسىلە، يۇقىرىراق ئۆتسىلە! — دەپ تەكلىپ قىلىشتى.

— سىلىنى لەۋزىدە تۇرىدىغان دىۋە يۈرەك ئادەم، دەپ سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق،— دېدى كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم كالپۇكلىرىنى يالاپ، بۇرۇتىنى تولغاپ ئولتۇرۇپ.

— مەن دېدىمغۇ، مەزىناخۇنۇم ھېچ ۋاقىتتا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئەمەس. مۇنداق ئادەم كەم تېپىلىدۇ، چىقسا بىرى چىقىدۇ، ئىككى چىقمايدۇ،— دېدى بوغما يىلانغا ئوخشاش ئادەمنى قوشۇمچە قىلىپ. بۇ ئىككى كازازاپ بىرى پۇچاقتىن، بىرى يەڭدىن پۈۋلەپ، تەلۋە مەزىننى كۆپتۈرۈشتى.

ئۆز مىجەزى تۆپەيلى، ھېچكىمدىن، ھەتتا ئايالىدىنمۇ تۆۋەك سۆز ئاڭلىمايدىغان مەزىن ئۇلارنىڭ پۈۋلەشلىرىدىن يېرىلىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە كۆپۈپ، ئولتۇرالماي قالغانىدى. بۇنى بايقىغان كازازاپلار سۆزنى بۇراپ، ئۆز مۇددىئاسىغا كۆچتى:

— ئەمدى ئۆز ئىشىمىزغا كېلەمدۇق؟

— كېلەيلى!

كازازاپلار خۇنلۇق كۆزلىرىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، رەسمىي سۆز ئاچتى:

— بۇ ئىشىمىزنى بىر خۇدا بىلسۇن، بىر ئۆزىمىز، شۇنى

داقۇقا؟ ناۋادا، بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، مەزىناخۇنۇم ئۆ-
زى مەسئۇل، شۇنداقمۇ؟

— كىيىم - كەپ، مەن لەۋزىمدە تۇرىدىغان ئادەم! —دې-
دى مەزىن مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ ئاۋازى قاپاق ھەرى-
دەك بوكۇلدايتتى. قويۇق، ئۆسكىلەڭ قېشى ئاستىدىكى ئوتلۇق
كۆزىدىن خۇن تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — خاتىرجەم بولۇشسىلا، ۋە-
دەمدە تۇرىمەن، قەسەم ئىچىپ بەر دېسىلە ئۇنىمىغىمۇ تەييار!—
دەپ قوشۇپ قويدى ئاخىردا.

— ئۇنچىلىك چىگدىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز-
نىڭمۇ ۋەدىمىز ۋەدە، ئاز بولسىمۇ ماۋۇ 300 سەر تەڭگە!—
دېدى كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاش ئادەم كۆرپە ئاس-
تىغا باسۇرۇپ قويغان ئالتە بولاق تەڭگىنى مەزىننىڭ ئالدى-
غا سۇرۇپ. بوغما يىلانغا ئوخشاش ئادەم دەرھال ئوتتۇرىغا
چۈشتى:

— 50، 100، 150، 200 يۈز...— دەپ سانىدى ۋە مەزىن-
گە سۇنۇپ، — بەلباغلىرىغا مەھكەم تۈگىسىلە! — دېدى
جېكىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، خاتىرجەم بولۇشسىلا، بۇ يولدا
جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم! — دېدى ئۇ تەڭگىلەرنى بەلباغقا
تۈگۈۋېتىپ. ئۇنىڭ يۇگىلۇق قوللىرى نېمە ئۈچۈندۇر تىترەيتتى.
ئەڭ ئاخىردا، ئۇ سۇرلۇك ئاۋازدا، — ئاللا مەدەت قىلسۇن،
ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!...، — دېدى - دە، يۈزىنى سىيپاپ،
ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئىبىقتەك ئىرغاڭشىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ئۈچ كىشى ئوتتۇرىسىدا، قانداقتۇر بىر خۇنلۇق مە-
سىلە توغرىسىدا توختام، ئەھد - پەيمانلار بولغانلىقىنى ئا-

قىل بىلەن غاپىل ناھايىتى ئېنىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇس-
كى، بۇيانقى ئۆيدە كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان، ئەقىل-
نى لال، كۆڭۈلنى پەرىشان قىلىدىغان بىر قىزىق كارتىنا
ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىپ، ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

بۇ ئۆيدە چاچ تارىماقچى بولغان بىر پەرىزات يۇيۇنۇپ
تازىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي بەرەھنە ئىدى. يالىڭاچ
تەنلىك ئاياللارنى كۆرۈش تەسەۋۋۇرىمۇ سىغمايدىغان شۇ زا-
مانلاردا، يۇيۇنۇۋاتقان بۇ قىزنىڭ يالىڭاچ تېنى تاماشىچىلارنى
قىزىقتۇرۇپلا، ھوشىدىن كەتكۈزگەندى. ئۇلار قادىلىپ قا-
راپلا قالغانىدى. بىرىنىڭ ئەقلى لال بولسا، بىرىنىڭ كۆڭلى
پەرىشان بولدى. قىزنىڭ ئاپئاق پاقلان تېنى، بىر تۇتام كېلى-
دىغان ئەۋرىشىم بېلى، مەققەدە تولۇق كۆكسى، توشقان ساغرى-
سى، بوستان چاچلىرى، ئاق بىلەكلىرى... پۈتۈنلەي مۆجىزە، پۈ-
تۈنلەي تىلسىمات ... پەرى - پەرىزات دېسىمۇ، جەننەت قىزى
ھۆر - غىلمان دېسىمۇ كەملىك ھېس قىلدۇرمايدىغان رۇخسارى....

بۇلار قادىلىپ تۇرماقتا، قىزنىڭ بەرەھنە تېنىدىن گويا
بىر ئۆمۈرلۈك ھۇزۇر ئالماقتا. ئۇلار شۇ پېتى قېتىپ قېلىشتى.
قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىنى بىلىشمەيتتى. يېقىملا بولغان دەھشەت-
لىك توختامنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. 300 سەر تەڭگە ئېلىپ ئۆيدىن
چىقىپ كەتكەن قارا دېۋىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى بىلەنمۇ كارى
بولمىدى. تاڭغا يېقىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماق چاق-
تى. ئاسمان يېرىلىپ كەتكۈدەك گۈلدۈرلەشلەر قۇلاققا كىرمىدى.
كۆزنى ئەما قىلغۇدەك چېقىن چاقماقلار كۆزگە كۆرۈنمىدى. ئۇلار
ھامان داڭ قېتىپ، قىزنىڭ بەرەھنە جامالىغا قاراپ تۇرماقتا!...

ئەزان چىقتى، دورا ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى.

— ئاپلا! ... — دېدى دورىگەر ھەسرەت - نادامەتلەر ئىچىدە ئۇزۇن تىن تارتىپ، — تاڭ ئېتىپ قاپتۇ ئەمەسما، يور كېتەيلى، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە! ... — ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا غىپ قىلىپ كۆزدىن يوقالدى.

ئاقىل شۇ زامانلا ھاردۇق يەتكەنلىكىنى سەزدى. پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، بەدەن - بېشى سىير قىراپ، پۇت - قولى تېلىپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، بېشى قاپاقتەك غوڭۇلداپ كېتىۋاتاتتى...

ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئۆزىنى تاشلاپ، بېشىنى ياستۇققا قويغاندىلا، غايىپلىنىڭ ئۆيىنى سوراپ بىلىۋالمىغىنىغا، ئەتە ئاخشام قەيەردە ئۇچرىشىشنى مەسلىھەتلىشىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

لېكىن، ئۇ چاپسانلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى! ...


Altundaq

## يىگىرمىنچى باب

### كىمگە، يەنە نېمىگە يىغلايمىز!

بۇ كېچە ھاۋا تۇتۇق، تۈن ئاسمىنى قويۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى. تاڭغا يېقىن ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىدى، ئاسمان يېرىلىپ كەتكەندەك تاراقشىپ گۈلدۈرلىدى، كۈچلۈك چاقماقلار چاقتى....

«خۇدانىڭ بەزەن كۈنلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي، بەزەن كۈنلىرىدىن چۆرگىلىپ كېتەي دېگەندەك، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى!» گۈلدۈرلەشنىڭ قەھرى، چاقماقنىڭ دەھشىتىدىن يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ ئويغىنىپ كەتكەن بەزەن كىشىلەر غوتۇلداپ،... يەنە چاپسانلا بېسىلىپ قېلىشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سەھەرنىڭ مۆكلۈك ناۋاسى — ئەزان چىقتى. شەھەر ئويغانىدى. مۆكلۈك ناۋا بىلەن تەڭ دەھشەتلىك بىر شۇم خەۋەر تارقالدى:

— ئابدۇقادىر داموللا شېھىت بوپتۇ!

— داموللامغا بىرى قەست قىپتۇ!

قايغۇلۇق بۇ مەشئۇم خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپ كەتتى، شەھەرنى ھاياجان قاپلىدى، يۈرەكلەر ئاغدى، ھەممە ئادەم چۆچۈشتى، بەدەنلەر جۇغۇلداپ لەرزىگە كەلدى. جامائەت، تالىپلار، شەھەر ئاھالىسى، سودا ـ سانائەتچىلەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار گويا قىيامەت بولغاندەك، گويا قۇياش كۆچۈپ چەكسىز ئالەم بوشلۇقىغا قاچقىپ كەتكەندەك، گويا يەر ـ جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق باسقاندەك دەھشەت ئىچىدە ھوشىنى يوقىتىپ، ھۆكىرەك ئېتىپ يىغلاشتى. توپ ـ توپ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ، داموللام شېھىت بولغان تەرەپكە ئېقىشقا باشلىدى:

— قايسى ۋىجدانسىز، قايسى ئىمانسىزنىڭ ئىشىدۇ!؟

— قانداق قارا قورساق دەيۈز شۇنداق قىلغاندۇ!؟

— قولى قانداقمۇ بارغاندۇ!؟...

— كۆڭلى قانداق ئۇنىغاندۇ؟!... شۇڭپەننىڭ گۈرىدىن توڭگۇز قوپسۇن ئىلاھىم!

— خۇدالىق ئالەم بۇ!...

— ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى ئەمەسمۇ؟!

— ئاھ ھەسرەتا، ئاھ نادامەتا، قانداقمۇ قىلىشارمىز!...

ھەيرەت ئىچىدە توپ ـ توپ بولۇپ، سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان خەلق ئاممىسى ھەسرەت ـ نادامەتلەر چېكىپ، قاتىلغا، سۇيىقەست قىلغۇچىلارغا قار ـ يامغۇردەك لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇراتتى.

بۇ خەۋەر يېزا ـ سەھرالارنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈردى. قورغان، شامالباغ، سەمەن، پاختەكلى، ھەزرەت، نەزەرباغ، ئاتۇش، بەشكېرەم، يېڭىشەھەر، توققۇزاق... ھەممە تەرەپتىن

خەلق قومۇرۇلۇپ، ئات - ئۇلاغلىق، پىيادە دېگەندەك شەھەرگە ئاقاتتى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى. قېرىلار-نىڭ ئاپپاق ساقاللىرىدىن ياش تامچىلىرى سىيرىلدى.

كىشىنىڭ چىن پۈتكۈسى كەلمەيدىغان خۇنلۇق قەبىھ ھادىسە بارغانچە ئېنىقلىنىپ، ماتەم تۈسى قويۇقلاشتى، چوڭقۇرلاشتى. ھويلا ئىچى ۋە ئىشىك ئالدى ماتەم قايغۇسىغا چۆمگەن خەلق ئاممىسى بىلەن تولدى. داموللامنىڭ قېرىنداش، تۇغقانلىرى ئۇزۇن سەپ تارتىپ ھۆڭ-رەپ يىغلاشتى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلاتتى. يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىغان، ئاۋازى پۈتكەنىدى. دامول-لامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قەۋم - قېرىنداشلىرى، مەسلەكداش-لىرى، يېقىن سەپداشلىرى، تالىپلىرىمۇ ئۇزۇن - ئۇزۇن سەپ بولۇپ يىغلاشماقتا ئىدى. پۈتۈن شەھەر ماتەم، نالە - پىغان بىلەن تولدى!...


سەپنىڭ قانداقتۇر بىر جايلىرىدا ھەمراھباي، غېبلىد-رەك داموللا، بەدرەك مەخسۇم، ھەسەن شۆپىد دېگەندەك ئا-دەملەرمۇ قول ياغلىقلىرىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈشۈپ، بۇرۇنلىرىنى چىمدىشىپ تۇرۇشاتتى... بۇ كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنى يۇرت كاتتىسى، مۇنداق زور قايغۇلۇق ماتەمدە سەپ تارتىپ تۇرۇش-قا تېگىشلىك بىز، دەپ ھېسابلايتتى!...

سەلدەك كېلىۋاتقان ئەل - جامائەت قاتارى بولۇپ، ھويلىغا يىغىلىپ كىرەتتى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللىنىڭ مۇبارەك جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىپ، مەيۈسانە قايتىپ چىقاتتى. يىغلىمىغان، ياش تۆكمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمى-دى. ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى يىغلاشتى. بەزىلەر جەسەتكە ئۆزىنى تاشلاپ، داموللامنىڭ پۇتلىرىنى قۇ-

چاقلاپ يىغلايتتى. مىللەت ئۆز ئاسمىنىدىكى يورۇق يۇلتۇز-
دىن ئايرىلدى، سۆمۈرغ قانىتىدىن قايرىلدى، دەپ يىغلاشتى.
خەلق ئۆزىنىڭ يولباشچىسى، ئالىم ئوغلىدىن ئايرىلدى،
دەپ ھەسرەت چېكىپ، نالە قىلاتتى.

مەلۇم بولدىكى، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام شۇ كېچىسى
ئادىتى بويىچە ئەزاندىن ئىلگىرى ئويغىنىپ، تۇمان قاپلىغان تۈن
ئاسمىنىنى كۆرگەن، ئاندىن ھويلىغا چىققان. سەھەرنىڭ
سالقىن ساپ ھاۋاسىدىن بەھۇزۇر نەپەسلىنىپ ئولتۇرۇپ تە-
رەت ئالغان. ئاندىن، كىتابخانا ئۆيىگە تىلاۋەت ۋە كىتاب
كۆرۈش ئۈچۈن ماڭغان. دەھلىزدىن ئوتكىنا بۇرۇلۇپ، قىبلە
تەرەپتىكى كىتابخانا ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسقاندا،
قاراڭغۇلۇقتىن قانداقتۇر نامەلۇم بىر قارا قول چىقىپ، بوغ-
مايىلاندەك داموللىنىڭ بويىنىغا چىرمالغان. ھۇجۇم بىلەن
تەڭ غول ئوتتۇرىسىغا خەنجەر ئۇرۇلغان، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ
«ئەي ئىمانسىز، ئىپلاس كاپىر» دەپ ئاچچىق توۋلىغان ئاۋا-
زى بىرلا قېتىم ئاڭلىنىپ بېسىلىپ قالغان. شۇنىڭدىن كې-
يىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇنار ئۆرۈلگەندەك «گۈپ» قىلغان
بىر ئاۋاز ئاڭلانغان...

چۈشكە يېقىن، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ مۇبارەك جەس-
تى سېلىنغان تاۋۇت ھېيتگا جامەسىگە كەلتۈرۈلدى. تاۋۇتقا
كىمخاب يوپۇق يېپىلغانىدى. ھېيتگا مەيدانى ۋە چوڭ -
كىچىك كوچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانىدى. يۈزلىگەن كۆچ-
لۈك قوللار تاۋۇتنى ھاۋادا تىك كۆتۈرگەنىدى. تاۋۇت
خۇددى خەلق دېڭىزىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئېغىر يۈك كېمە-
سىدەك ئاستا، قايغۇلۇق ئۈزۈپ كېلەتتى. خەلقنىڭ ھازىسى،



مۇڭ - زارى، نالە - پەريادى دېڭىز يىغلاۋاتقاندەك گۈركىرەپ، ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلەتتى. مىڭلىغان سەللىلىقلار، مىڭ-لىغان - تۈمەنلىگەن ئۇزۇن تونلۇقلار، تالىپلار، دەرۋىشلەر، ساپايىچىلار، مەدداھلار... پەرەنجە يېپىنغان ئاياللار، داكا چەگكەن قىزلار... «ئاھ، داموللام!» دەپ قان يىغلىماقتا، قوشاقلار قېتىپ ياش تۆكمەكتە!... ئاھ، ئىست! ۋادەرىخا، دەپ نالە قىلماقتا!... تەرەپ - تەرەپتە مەرسىيەلەر ئوقۇل-ماقتا ئىدى.

ھاجى قۇتلۇق شەۋقى تەرىپىدىن يېزىلغان مەرسىيە قانچە ئون نۇسخا كۆچۈرۈلۈپ، تەرەپ - تەرەپتە جانلىق ئوقۇلۇپ ئاڭلىتىلماقتا...

ۋاھ! ھەسرەتا، بۇ دەھرىنىڭ كارى ئىرۇر مىكرۇ زەرەر،
ئادىتىدۇر غەدرۇ - سىتەم، يوقتۇر مۇرۇۋۋەتتىن ئەسەر.

يەشمىسى: ئاھ ھەسرەتا، بۇ زاماننىڭ ئىشى ھىيلە - مىكىر، زەرەردىن. ئادىتى خىيانەت - زۇلۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ياخشىلىقتىن ئەسەر بولمايدۇ.

چەرخى پەلەك بەس بول ئەجەب، سەيرى ئۇنىڭ مەئكۇسى چەپ،
ھومقۇ - سەپى ئەيلەر تەلەپ، دۇشمەن ئاڭا ئەقلۇ - ھۇنەر.

يەشمىسى: پەلەك چاقى شۇنداق ئاجايىپكى، ئۇ دائىم تەتۈر ۋە دۇم ئايلىنىدۇ، ئادەملەردىن ئەخمەقلىك ۋە كۆڭۈللى قارىلىقنى تەلەپ قىلى-دۇ، ئۇنىڭغا ئەقىللىق ئىلىم - ھۈنەر ئىگىلىرى دۈشمەن كۆرۈنىدۇ.

دۇنيايى پانىي بىۋاپا، گومرادا يوق سىدقۇ - ساپا،
پىكرى - خىيالىدۇر جاپا، مەردانىلەرگە يوق سەمەر.

يەشمىسى: بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ۋاپا يوق بولۇپ، يولدىن ئازغانلار-

دا راستلىق ۋە پاكلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ پىكرى - خىيالى ھەمىشە
جاپا قىلىش بولۇپ، مەردانە كىشىلەرگە پايدا كۆرسەتمەيدۇ.

كۆپ ئىلمۇ ئىرپانلىق زەبۇن، قالمىش يۈرەكتە داغۇخۇن،
شادۇخىرامان نەچچە دون، پەرۋاز ئېتەر بى پالۇ پەر.

يەشمىسى: ئىلىملىك، ئاڭلىق كىشىلەر ھەمىشە خارلىقتا قېلىپ، يۈرە-
كى داغ بىلەن خۇن. ئەكسىچە، قانچىلىگەن ئۆز بولىدىن ئازغانلار
قانات - قۇيرۇقسىز بولسىمۇ، خۇشال ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

ئول مۇرشىدى ئالىي ھىمەم، كانى ھىدا بەھرى كېرەم،
خەلقنىڭ غېمىدە دەمبەدەم، ھەسرەتلىنىپ شامۇ سەھەر.

يەشمىسى: ئۇ (داموللام) بىر ئۇلۇغ ئۇستازدۇركى، ھىممىتى ئالى،
ھىدايەتنىڭ كانى، ياخشىلىقنىڭ دەرياسىدۇر. ئۇ كېچە - كۈندۈز
خەلقنىڭ غېمىنى يەپ ھەسرەتلىنەتتى.

قەستى ئۇنىڭ ئىسلاھ ئىدى، يۇرتى ئۈچۈن ھەق سۆزلىدى،
جاھىل ھەرىلەر تويمىدى، ئارتىپ ئاڭا تىغۇ تەبەر.

يەشمىسى: ئۇنىڭ مەقسىتى، يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھات قىلىش بو-
لۇپ، يۇرتى ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەنىدى، ئەمما جاھىل دۈشمەنلەر
ئۇنىڭغا تىغ ئارتىپ تويمىدى.

زۇلمى ئىلە قىلدى شېھىت، ئالەت بولۇپ بىر شۇم يەلىد،
چۈن شىمىر مەلئۇن بە - يەزىت مەقسەتلىرى نىمشو زەھەر.

يەشمىسى: شىمرى مەلئۇن يېزىد ئۈچۈن قورال بولغانىدەك، بىر شۇم
لەنتى دۈشمەنگە قورال بولۇپ، داموللامنى زۇلۇم بىلەن شېھىت
قىلدى. دۈشمەننىڭ مەقسىتى، ئەل ۋە يۇرتقا زەھەرلىك نەشتەر سان-
جىش ئىدى.

ئەھبا پىقا كەلدى بۇ بالا، بارچە بۇغەمگە مۇپتالا،
گويا ئىككىنچى كەر بالا، قالدى ئەبەد دىلدا كەدەر.

يەشمىسى: دوستلارغا مۇنداق بالا يولۇقۇپ، ھەممىنى غەمگە مۇپتىلا قىلدىكى، گويا ئىككىنچى كەر بالا ۋەقەسى مەيدانغا كەلگەندەك بولدى. دىللاردا مەڭگۈ كەتمەيدىغان بىر غەش - قارىلىق قالدى.

ئەي مۇسلىمى شەپقەت پانا، بىزدىن يوقالدىڭ ئاھۋاھ،
قالدى بۇ يۇرت ھالى تاجاھ، بى مۇرشىدى بى راھبەر.

يەشمىسى: ئەي ئەلنى توغرا يولغا سالغۇچى شەپقەتلىك پاناھىمىز، ئىستىكى، ئارىمىزدىن يوقالدىڭ. ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ ھالى خارابلىقتا، ئەل يول كۆرسەتكۈچىسى، يولباشلىغۇچىسى يوق ھالدا قالدى.

دەھشەتلە تەرك ئەتتىڭ بىزى، ئۆچتى قەمەردۇنىڭ ئىزى،
ئەي بەھرى زۇلمەت يۇلتۇزى، چۈن ۋاقتسىز قىلدىڭ سەپەر.

يەشمىسى: سەن قاراڭغۇلۇق دەرياسىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى ئىدىڭكى، ۋاقىتسىز سەپەر بىلەن دەھشەتلىك ھالدا بىزدىن ئايرىلدىڭ. ئەمدى بىزدە ئالغا بېسىش — مەدەنىيەتنىڭ ئىزى ئۆچتى.

ئاھ شىرى دىللار قۇر مالال، چۈن مۇندە كىم قەھتى رىجال،
ئەنقا بولۇپ ئەھلى كامال، ھەق نۇرىنى پۇركەپ خەتەر.

يەشمىسى: شۇڭلاشقا قىيامەت بولغانغا قەدەر دىللىرىمىز مالاللىقتا چۆمدى. چۈنكى، سەندەك مەردانە كىشىلەر بىزدە كەم ئىدى. كامالەتكە يەتكەنلەر ئەنقا بولغاچقا، خەتەرلىكلەر ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى پۇركەپ ئالدى.

يارەب ئۆزۈڭ قىل مەرھەممەت، خەلق قالمىسۇن ھايۋان سۈپەت،
ئىنسان كەبى بەر مەكرۇمەت، ئەيلەپ ئاتا ئەقلۇ نەسەر.

يەشمىسى: يارەببىم، بىزگە ئۆزۈڭ مەرھەممەت قىلغىنكى، خەلق ھايۋان سۈپەتلىكتە قالمىسۇن، ئىنسانلارغا ئوخشاش يۈكسەكلىك بەر. بىلىشكە ئەقىل، كۆرۈشكە كۆز ئاتا قىل.

چۈن بىرمىڭ ئۈچيۈز قىرىق يەنە، ئۈچ ئەردى دەھشەتلىك سىنە،
سالى شاھادەت نەشرىنە، تارىخى روشەن موختەسەر.

يەشمىسى: تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1343 - يىلى خەلقىمىزنىڭ ئۈچۈن دەھشەتلىك بىر يىل بولدىكى، داموللام شېھىت بولغان يىلنىڭ بۇ تارىخى تارىخ سەھىپىسىدە ئوچۇق ۋە خۇلاسىلەنگەن ھالدا يېزىلغاندۇر.

چۈن ھاجى قۇتلۇق ماتىمى، ئايرىلدى ئالى ھەمدەمى،
كەتتى كۆرۈڭكىم ئالىمى، پىنھان بولۇپ مىسلى قەمەر.

يەشمىسى: كۆرۈڭلاركى، ھاجى قۇتلۇق ئۆزىنىڭ ئالىي ھەمنەپەس داموللىسىدىن ئايرىلىپ ماتەم ئىچىدە قالدى، ئىلىم ئىگىسى بولغان بۇ داموللام ئۆزىنى خۇددى ئايغا ئوخشاش يوشۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدىن كەتتى.

مەرسىيە تەكرار - تەكرار ئوقۇلدى. ۋاقىت يەتكەندى.

— سەپراس! ... سەپراس!...

بۇ ئاخىرقى ئاۋاز تەرەپ - تەرەپتىن جاراڭلىغاندا، جامائەت ئىچىدە، يەر تەۋرىگەندەك دۈرۈلدىگەن بىر شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى، تۈمەنلىگەن مۇسۇلمانلار مېيىت نامىزىغا سەپ تارتىپ تۇرۇشتى.

مېيىت نامىزى ئاللاھۇ ئەكبەر بىلەن باشلىنىپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا!... بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىمخاب يۆپۈق يېپىلغان تاۋۇت كوچىغا چىقتى. يىغىلگەن قوللار تەرىپىدىن باش ئۈستىدە تىك كۆتۈرۈلگەن تاۋۇت ھاۋادا لەيلەپ باراتتى. كۆتۈرىمىز دەيدىغان ئادەم كۆپ، ئەمما تېگىش قىلمايۋاتاتتى. كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلار قىستىلىپ بىرىپ تاۋۇتقا قول تەگكۈزۈۋالاتتى. تاۋۇتقا قولى يەتمىسە، كۆتۈرۈپ ماڭغۇچىلارنىڭ قول - مۈرىلىرىگە قول تەگكۈزەتتى.

تاۋۇت ھاۋادا لەپىلدەپ سۈرلۈك ئىلگىرىلىمەكتە، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا 60 نەپەر بېشىغا سەللا ئورىغان تالىپ ئاھاڭغا



AltunOq

سېلىنغان بىر تەزىيىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ ماڭماقتا:

قەشقەردە داموللا ئابدۇلقادىرنى ناھەق كەتتىلەر،
قالدۇق بىز باللا، ھاممام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلار،
ئايرىلدۇق يۇلتۇزدەك كاتتا ئالىمدىن، ئەي مۇسۇلمانلار،
قالدۇق بىز ھەسرەتتە، بەك ئېغىر كۈنگە، ئويلا ئىنسانلار،
ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەم ئۆلگىنى — شۇنداق ئەمەسمۇ!
ئويلىماي قول سالدى قاشقىرلار كەبى دەيۈز قاتىللار،
ئاسماندىن ياغدى قان، بولغان بۇ ئىشقا بىتاقەت پەلەك —
ئاقتى قان دەريالار، بۇ مۇسىبەتكە قايناپ تاشقىنلار.
ئاھ ئىسسىت، ۋادەرىخ، ئايرىلدۇق ئەجەب پىرۇ ئۇستازدىن،
يىغلايمىز تائەبەد، ھەسرەتلەر چېكىپ جىمى تالىپلار،
ئەمدى بىز قەشقەرلىك، تاپماي قويمايمىز ياۋۇز قاتىلنى،
دەھشەتلىك كۆلپەتكە زەردىمىز تاشتى، قاينار ۋىجدانلار!

تاۋۇت مۇڭلۇق شېئىر، يىغا - زارە، جانلىق قوشاق، زىكرى - سامالار قاينىمىدا ھېيتكا جامەسىدىن ئايرىلىپ، بىر پەستە ئۇزاقلاشتى. قەبرىستانغا بارغۇچە ھازىچىلار قوشاق قېتىپ يىغلاپ ماڭدى:

تاغلار، تاشلار تەۋرىنىپ،
قاتتىق چاقماق چاقانمۇ؟
دەريا سۈيى قان بولۇپ
بۈگۈن تەتۈر ئاقانمۇ؟!

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز،

داموللامدەك ئۇلۇغقا،
قەست قىلمايدۇ، دەپتىمىز!

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا،
سايرار ئىدىڭ بار چاغدا،
دۇشمەن سەندىن ئايرىدى،
ئەجەبمۇ يامان چاغدا!!

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ،
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرىڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ!

ئۆلتۈرگۈزدى دۇشمەنلەر،
كۆرەلمىگەن مەنمەنلەر،
ساڭا تۆكۈپ كۆز يېشى،
يىغلاپ قالدۇق دەردمەنلەر!

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
ھۇرلەر بولسۇن خىزمەتتە،
ئۇنتۇمايمىز بىز سېنى،
مەڭگۈ - ئەبەد - ئەبەدكە!
......

قەبرىستانغا ناھايىتى نۇرغۇن جامائەت توپلانغانىدى. يۇرتنىڭ ئۆلىما - ئەشرەپلىرى، مۆتىۋەر زاتلار، سودىگەرلەر، داموللا - مۇدەررىسلەر، خەلپەت - تالىپلار، ھۈنەرۋەن - كا-

سىپلار، دېھقانلار... دەپىنە مۇراسىمىغا تولىمۇ نۇرغۇن ئادەم قاتناشتى. قايغۇ - ھەسرەت، ئەپسۇس - نادامەتلەر دېڭىزىغا غەرق بولغان ئامما تارام - تارام ياش تۆكۈپ، ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ مۇبارەك جەسىتى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشماقتا. ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئىلاجىسىز دەپنە قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ يەرلىككە قويماقتا ئىدى. بۇ ئېغىر مىنۇتلاردا ھاجى قۇتلۇق شەۋقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ھاياجانلانغانىدى، كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش قۇيۇلاتتى. ئۇ تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى:

— قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار! — دېدى ئۇ تىترىگەن، تەسىرلىك ئاۋاز بىلەن سۆز باشلاپ، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قالدى. گويا ئۇنىڭ ئۆپكىسى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك سۆز قىلالماي قالدى، ئىختىيارسىز ھالدا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئەل - جامائەتمۇ تەڭ يىغلاشتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. قۇتلۇق شەۋقى ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ ئاندىن سۆز قىلدى:

— قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، يىغلىشىۋاتقان جامائەتمۇ يىغىدىن توختاپ سۆزگە قۇلاق سېلىشتى، — بۈگۈن بىز چەكسىز قايغۇ، ھەسرەت - نادامەتلەر ئىچىدە قانلىق ياش تۆكۈپ، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، مۇتەپەككۇر ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر، ئىسلاھاتقا يولباشلىغۇچى ئۇستاز سەركەردە ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشماقتىمىز، ئەلۋىدا، ئەي ئۇستاز!...

ئەلۋىدا... جايى جەننەتتە بولسۇن ئەلۋىدا!... — قۇتلۇق شەۋقى بىر ئاز توختاپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن داۋام قىلدى، — مەرھۇم، شېھىت ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ئارتۇش (ئاتۇش) مەشھەت① يېزىسىدا ھىجرىيە 1279 - يىلى (مىلادى 1862 - يىلى) ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەرھۇمنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكەن. ئىپتىدائىي ئوقۇشنى ئۆز يېرىدە ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، 15 يېشىدا قەشقەرگە كېلىپ، شەيخۇل ئۆلىما موللا ئىسلام داموللامدا ئوتتۇرا ۋە ئالىي ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇخاراغا بېرىپ، ئىلمىي ئەرەبىيە ۋە ئاداب پارسىيىدە ئالىي دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، زور ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. ئاندىن ۋەتەنگە قايتىپ قەشقەردە مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەزگىلدە مەرھۇم داموللام، مەدرىسلەردىكى ئۇسۇلى تەلىمدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈش، خەلققە مەرىپەت بېرىشتە پائال تەشەببۇسكارلىق قىلغانلىقتىن، بەزى ئىشان ۋە مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. ئىشان موللىلار «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرىي» دېگەن پىتنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، داموللامغا قارشى تۇرغان ۋە سۈيىقەست قىلماقچى بولغان، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، داموللام ھىجرەت قىلىپ، بۇخارا، تاشكەنت تەرەپكە كەتكەن. ئۇ يەردىكى ئۆلىما ئەشرەپلەر، داموللا - مۇدەررىسلەر ئابدۇقادىر داموللامغا كاتتا ئېتىبار كۆرسىتىپ، ئۆلىما - ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن بەر-

① مەشھەت — قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ خانى — سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى قويۇلغان قىشلاق. شۇ سەۋەبتىن مەشھۇردۇر.

گەن ۋە ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسەتكەن، داموللامنىڭ بۇ سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئاقايىت زۆرۈرىيە①، ئىبادەت ئىسلامىيە②، ئىلمى تەجۋىد③، سەرپ نەھۋى④، مۇپتاھىل ئەدەب⑤، تەلىم سەبىيان⑥، نەسەيھۇل ئەتپال⑦، ئىلمى ھېساب ۋە مۇتالىئە ھىدايەت قاتارلىق كىتابلارنى مۇشۇ سەپىرىدە يېزىپ، تاشكەنت، قازان مەتبەئەلىرىدە باستۇرۇپ تارقاتقان. ئابدۇقادىر داموللام يەنە تالانتلىق شائىر ۋە نەزەرىيىچى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى پاساھەتتە ۋە بالاغەتتە يۇقىرى ئىدى. داموللامنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان «جاۋاھىرۇل ھىقان»⑧ دېگەن مەشھۇر شېئىرىي ئەسىرى مىسىر ئەزھەر دارىلفۇنۇنى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. داموللامنىڭ ھىجرەت سەپىرىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتى شۇكى، بۇ سەپەردە ھەج تاۋاب قىلغاندىن تاشقىرى، تاشكەنت، بۇخارا، قازان، ئوپا، ئىستانبول، قاھىرە قاتارلىق مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەن كاتتا شەھەرلەرنى ساياھەت قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشكەن. مەدرىس ئوقۇشىدىكى ئۇسۇلى تەلىم ئىسلاھاتىنىڭ ئۇنۇملۇك نەتىجىلىرىنى، يېڭىچە زامانىۋى مەكتەپلەرنىڭ راۋاجىنى كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئەڭ مۇھىمى، بۇخارا، قازان، تاشكەنت ئۆلىمالىرىدىن «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋا ئېلىپ ۋەتەنگە قايتقان. بۇ يەرگە كېلىپلا يەنە ئاۋۋالقى

① ئاقايىد زۆرۈرىيە (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، ② ئىبادەت ئىسلامىيە (ئىسلام ئىبادەتلىرى)، ③ ئىلمىي تەجۋىد (قىرائەت)، ④ سەرپ نەھۋى (مورفولوگىيە — سىنتاكسىس)، ⑤ مۇپتاھىل ئەدەب (ئەدەبىيات ئاچقۇچى)، ⑥ تەلىم سەبىيان (گۆدەكلەرگە تەلىم)، ⑦ نەسەيھۇل ئەتپال (ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، ⑧ جاۋاھىرۇل ھىقان (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى)



AltunOq

مەسلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە بۈيۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار، ئويلاپ كۆرەيلىكى، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىسلاھاتـ چىلىق بىلەن كەڭ ۋە ئەمەلىي شۇغۇللاندى، شەرىئەت ئېھكامىـ نى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە مۇۋاپىق يولغا قويدى. خەلقنى مەرىپەتكە، ئويغىنىشقا چاقىردى، خۇراپاتلىقتىن، بىدئەتتىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇسۇلى تەلىمدە ئىسلاھات ئېـ لىپ باردى. يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيىگە ئېلىپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق كۆرسەتتى. ئەقىدىلىرىمىزگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، خەلقنى ئازدۇرغۇچى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مىسسىئونېرـ لىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى باھادىرلارچە كۆرەش قىلىپ، ئۇـ لارنىڭ سېسىق ئۇۋۇلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. بۇ بىر قاتار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلەر ئالدىبىلەن مۇخالىپەتچىلەرنىڭ، ئاندىن قالسا، چەت ئەللەرگە باغلانغان يۇندىخور مۇناپىقلارـ نىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈردى، سۇيىقەست ئۇيۇشتۇردى، ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللامغا زىيانكەشلىك قىلدى، ئاخىر، پۈتۈن يۇرتنى، مىللەتنى قان يىغلىتىپ، بىزدىن ئايىردى. بۈگۈن ھىجرىيە 1343 - يىلى، ماھى مۇھەررەمنىڭ 14 - كۈنى (مىلادى 1924 - يىلى 8 - ئاي - ئا) بىز ئۇلۇغ ئۇستازىمىزدىن ئايرىلدۇق. بىز ھەممىـ مىز قان يىغلاپ، لەختە - لەختە زەردە يۇتۇپ، ئۇستازىمىز بىلەن ۋىدالاشماقتىمىز. قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار! لېكىن ئۇسـ تازىمىز ئابدۇقادىر داموللام ئۆلمىدى. ئۇ مەڭگۈ ھايات، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ. ئۇ باشلىغان مەرىپەت يولى پارلاق. ئۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. ئۇ باشلىغان

يولدا كارۋان توختىمايدۇ. ئەۋلادلار ئىز بېسىپ ماڭىدۇ! — دېدى قۇتلۇق شەۋقى ھاياجانلىنىپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدىكى جاسارەت، غەيرەتكە تولغان جۇشقۇنلۇق سىماسى، ۋىجداندىن ئۇرغۇپ چىققان خىتابى قەبرە بېشىدىكى ئەل - جامائەتنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. ھەممە ئادەم بىر تەرەپتىن، چوڭقۇر قايغۇ - ئەلەملەر يالقۇنىدا ئۆرتىنىۋاتقاندەك ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىملەرگىدۇر لەنەت، كىملەرگىدۇر نەپرەت قىلىپ ئۇرۇۋاتقان قىلىچۋازلاردەك كۆچ-قۇۋۋەتكە كېلەتتى. قۇتلۇق شەۋقى سۆزىنى داۋام قىلدى، — قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار، بۈگۈن بىز ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللامدىن ۋىدالىشىپ، كۆز يېشى قىلدۇق، يىغلىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە نېمىگە يىغلىدۇق!... — ئۇ بىردىنلا غەزەپ تۈسىگە كىرىپ داۋام قىلدى، — بىز يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىدۇقكى، ۋەتەنىنىڭ سادىق ئوغلى، نىجات يۇلتۇزى بولغان ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلغان، داموللامغا تىغ تارتقان خائىنلار، مۇناپىقلار، ۋىجدانسىزلار، ئىمانسىزلار، ھەسەتخورلار، چەتئەل مۇخالىپەتچىلىرىگە سېتىلغان لالما ئىتلار، ئۇلارنىڭ يالىقىنى يالاپ ئادەتلەنگەن يۇندىخورلارنىڭ ئار - نومۇس قىلماستىن، بىزگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىگە، ئۇنتۇلغۇسىز دەرد - ئەلەملىرىگە سەۋر - تاقەت قىلالماي، ئاتەش غەزەپكە كېلىپ، ئاچچىق يىغلىماقتىمىز! قېرىنداشلار، قەست قىلغانىنى پاش قىلىشىمىز كېرەك. سۇيىقەستچىلەر ئۆز ئىچىمىزدە بار. بىز بۇ قاتىللارنى تاپماي قويمايمىز، ئۇلارنىڭ خائىنلىق ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، خەلق ئاممىسى ئالدىدا يەر بىلەن يەكسان قىلمىغۇچە توختاپ قالمايمىز! ئاللا مەدەت بەرسۇن، ئامىن!...

## خاتىمە

«قىش قاتتىق كەلسە يەر يېرىلىدۇ، ئىش دەھشەت بولسا ئاسمان ...» دېگەندەك، داموللا ئابدۇقادىرنىڭ ناھەق ئۆلۈمى قەشقەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ دەھشەت ئىش بولدى: ئاسمان يېرىلدى، يۇلتۇز تۆكۈلدى، چاقماقلار چاقتى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر قۇيۇلدى!

زېمىن تىترىدى، تاغلار يېرىلدى، تاشلار سىيرىلدى، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى، جاھاننى دەھشەت قاپلىدى، كۆزلەر باغلاندى، يۈرەك داغلاندى، ئەقىللەر لال بولدى، كۆڭۈلگە مالاللىق يەتتى! ئاھ، ھەسرەتا ... ئاھ نادامەتا! ... قانداق كۈنگە قالدۇق بىز! يائاللا... ياھەزرەت! ... ئاجايىپ ئىش بولدىغۇ! قىيامەت قايىمدەك كۈن بولدىغۇ!...

ئەي سۈيىقەست، ئېيىتچۇ، سەن نېمانچە پەس، سەن رەزىل، سەن ئىپلاس، سەن مەرەز ناكەس! سەن دەھرۇكار نىشو زەھەر، سەن خەنجىرى تىغۇ تەبەر، سەن شۇم پەلىد قەستۇ زەرەر، سەن قەتلىكار خەۋپۇ خەتەر! قەستىڭ رەزىل خۇنخۇارلىق، تاپتى بۇ دىل ئازارلىق، قاپلاپ جاھاننى زارلىق، شامۇ سەھەر

مۇڭ - زارلىق! كۆڭلۈك قارىسى خۇددى قىش، غالجىرغا بولدۇڭ نىشوچىش، قەستىڭدە چىقتى خۇنلۇق ئىش، بەكمۇ ئېغىر بۇ قانلىق ئىش! كىملەرنى سەن يىغلاتمىدىڭ، كىملەرنى زار قاقشاتمىدىڭ، كىملەرنى ۋەيران قىلمىدىڭ، كىملەرنى ھەيران قىلمىدىڭ! لەنەت ساڭا جۇۋاينىمەك، ئەل نەپرىتى چالماكېسەك، قان قۇس، زاۋال تاپ لالما سەك!...

ئەلدە مۇسىبەت... تەرەپ - تەرەپنە ھازا... ئۆي - ئۆيدە قوشاق، نەپرەتلىك سادا!...

ئابدۇقادىر داموللا ئالىم ئىدى، ئالەم يىغلىدى. ئۇ بىر دېڭىز ئىدى، دولقۇن قوزغىدى، بېسىۋالغۇسىز شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى، شەھەر - شەھەرگە نالە - پىغان، مۇڭ - زار چېچىلدى. بۇنچىلىك بولۇپ كېتەر، دەپ ھېچكىم ئويلانمىغانىدى. ئاجايىپ ئىش بولدى: جاھان نېمە بولۇپ كەتتى، قانداق كۈنگە قالدۇق بىز! نېمىدېگەن رەزىللىك، نېمىدېگەن قاباھەتلىك ئىش بۇ، دەپ، ھەممە ئادەم ھاڭ - تاڭ بولدى!

سۇيىقەستچىلەرچۇ!؟ ئۇلارمۇ بۇنچىلىك بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلاپ يەتمىگەنىدى. كاللىسى قىزىپ، ئەقلىدىن ئايىنىغان چاغلاردا، ئۇلار بۇ ئىشنى شۇنداق قىلساق بولىۋېرىدۇ، قۇدۇققا تاشلانغان تاشتەك چاپسانلا بېسىلىپ قالىدۇ، دەپ خام ئويلاشقانىدى. ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمىدى. بۇ ئىش ئۇنداق ئاسان بېسىلىپ كەتمىدى شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. يۇرت- جامائەت غۇلغۇلىسى بارغانچە ئەۋج ئالدى، ئەل ئىچىدە ھەر خىل پىكىر، چارە - تەدبىر، گۇمان - پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆسۈملۈك يىلتىزى يەر قاتلىمىدىن سۇ مەنبەسى ئىزلەپ، بارغانچە چوڭقۇرلاشقانغا ئوخشاش، ئەل - جامائەتمۇ ئاجايىپ

يوللار بىلەن چوڭقۇرلاپ پاكىتقا يېقىنلاشتى.

بىر ئىشخلاسمەن پىدائىي ئابدۇقادىر دامولللىنىڭ ئۆيىدە قېپقالغان قانلىق پىچاقنى بىر تال خادىغا چىگىپ كوچىغا ئايلاندى. ياربېغ دەرۋازىسى، تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپلەرگە باردى. ئىشخلاسمەن پىدائىي ئايلىنىپ قارىقى دەرۋازا ئالدىدىكى كەتمەنچى بازىرىغا يەتكەندە، پىچاق سوققۇچى ئۇستا شۇ يەردىن تېپىلدى.

تۆمۈرچى ئۇستا پىچاقنى قولىغا ئېلىپ تونۇپ چىققاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۇن سېلىپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. «ئاپلا... ئەستاغپۇرۇللا!...» دەپ ئۆزىنى ـ ئۆزى كاچاتلاپ كەتتى. «ۋاي ئىست، نېمىشقا تۆمۈرچى بولغاندىمەن، نېمىشقا بۇ پىچاقنى سوققاندىمەن!...» دەپ يىغا ئارىلاش قاتتىق كايىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ، نەچچە كۈن ئىلگىرى بۇ پىچاقنى تەلۋەمەت(تەلۋە ئەھمەت)مەزىنگە ساتقانلىقىنى ئەسلەپ چىقتى.

قاتىل تېپىلدى!

قاتىل ئەنە شۇنداق تۇتۇلدى.

ئوغرى ـ قاتىللارنىڭ ئەزرائىلى دەپ نام ئالغان پاششاپ زۇنۇن ھاجى بىرقانچە ئادەملەر بىلەن كېلىپ، قاتىل ئەھمەت مەزىننى قازناق ئۆيىدىن تۇتۇپ قولغا ئالدى!...

× . ×

ھەمراھابايىنىڭ شەھەردە تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى چېچىلغان، بېشى تاشتەك قاتقان، چىرايىنى پەرىشانلىق قاپلىغا-

ئىدى. «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەندەك، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يامراپ كەتكەن ئوتنى قانداق ئۆچۈرۈش كېرەك؟ بۇ مەسىلە ئۇنىڭ بېشىنى توكمەن تېشىدەك چۆگىلىتەتتى، شۇڭا ئۇ، بۇ پەرىشانلىقتىن قۇتۇلۇپ، جېنىغا ئارام تاپماقچى بولۇپ، يېزىدىكى باغ ھويلىسىغا چىقىپ كەتمەكچى بولدى (ۋاقتانىۋاق يەتكەندە، جان ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىلمۇ ھالقىپ چۈشەلمەيدىغان ئېگىز تاملىق باغ ھويلىسىدا ئارام تاپماقچى بولسا كېرەك!).

ئۇ ئاتلىق ماڭدى. ئەنجان رەستىسى ئارقىلىق يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقتى. رەستە ـ كوچىلار، سېپىل دەرۋازىسى بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى سوغۇققىنا ئۇزاتقاندەك بولدى. ئالدىدىكى پاخال بازىرىمۇ بۈگۈن كۆڭۈلسىز ۋە چۇۋالچاق كۆرۈنەتتى. يول بويى ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچراشتى. ئۇلار ھۆرمەت يۈزىسىدىن سالام بېرىشەتتى. ئەجەبا، بۈگۈن ئۇلارنىڭ بەرگەن سالاملىرى نېمە ئۈچۈندۇر باينىڭ جېنىغا تېگەتتى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ خۇددى نەيزە سانجىلغاندەك ئازابلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى خۇددى نەيزىلىك سىپاھلار ئوتتۇرىسىدا يالىنىپ، جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقان گۇناھكاردەك ھېس قىلاتتى.

«قانداق قىلىش كېرەك، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، ئاخىرى قەيەردىن چىقىدۇ. سەل ـ پەل خام ئىش قىلىپ قويدۇقمۇ ـ قانداق!؟ ياق، بولار ئىش بولدى. ھېلىقى تەلۋە سوپى ۋەدىسىدە چىڭ تۇرسىلا، ھېچقانچە چاتاق چىقمايتتى. ئەي ... بىراق ئىشنىپ كەتكىلى بولمايدۇ ـ دە!»

باينى پاراكەندە قىلىۋاتقان، كۆڭلىنى چىچىپ، بېشىنى
تۈگمەن تېشىدەك چۆگىلىتىۋاتقان ۋەھىمىلىك خىياللار مانا
شۇنىڭدىنلا ئىبارەت ئىدى! ياق، بۇلا ئەمەس، بۇنىڭدىنمۇ
ئازابلىنارلىق ئىشلارمۇ بار ئىدى.

پەرىشانلىقنىڭ ئەڭ ئېغىرى، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ
قانداقتۇر شىپھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكەن ئالىيجاناب، مەغرۇر
سىماسى ئىدى. بۇ سىما باينىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نې-
رى كەتمەيتتى. ئۇ ئاتەش غەزەپكە تولغان ئوتلۇق كۆزلىرى
بىلەن «قېنى، سەن قانچىلىك مۇراد - مەقسەت تاپتىڭ» دې-
گەندەك سوئال نەزەرى بىلەن چەكچىيىپ قاراپلا تۇراتتى.
بۇ قاراش، بۇ سوئاللار خۇددى قارا قۇشنىڭ چاڭگىلىدەك باي-
نىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، چەكسىز ئازاب سالاتتى. باي
بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنى، بىردەم بولسىمۇ ئارام تېپىشنى ئوي-
لايتتى، پەرۋەردىگارا، ئۆزۈڭ ئاسان قىل، دەپ يالۋۇرغاندەك،
چەكسىز ئاسمانغا باقاتتى. ئاسماندىن يەنە شۇ ئابدۇقادىر
داموللىنىڭ غايەت زور گەۋدىسى خۇددى غەزەپ ئىلاھىدەك
قەھر بىلەن پەيدا بولاتتى - دە، ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلات-
تى. ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى ئەپقېچىپ، مېنى قۇتۇلدۇرغىن، دې-
گەندەك تۈمەن دەرياسىغا باقتى. دەريادىن يەنىلا ئابدۇقادىر
داموللىنىڭ غايەت زور گەۋدىسى خۇددى سۇ ئىلاھىدەك غە-
زەپ چاچرىتىپ، شۇڭغۇپ چىقتى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىدىن
چاچراپ تۇرغان سۇ تامچىلىرى خۇددى چاچما مىلتىقنىڭ ئوقى-
دەك، شىددەت بىلەن كېلىپ باينىڭ باش-كۆزلىرىگە تېگەتتى.
ئەمدى ئۇ، ئۆزى نىچاڭگىلىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان شەھەرگە قارى-
دى. شەھەرمۇ بىردىنلا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ زور گەۋدىسى

سىياقىغا كىرىدى ـ دە، شاۋقۇن كۆتۈرگەن سان ـ ساناقسىز ئا-
ھالە بېگىز قولىنى سانجىپ، «قاتىل، قاتىل!» دەپ تۇۋلاۋاتـ
قاندەك بولدى. يائاللا، ياھەزرەت! نېمە بالا بۇ، قانداق
بولۇپ كەتتى ـ ھە؟!...

ئۇ، ساراسىمە خىياللار ئىچىدە ئۆيگە كېلىپ قالغانلىـ
قىنى تۇيمايلا قالدى.

— ئابدۇقادىر داموللامغا بىرى قەست قىپتۇ، دەيدۇ،
قانداق نائەھلىنىڭ قىلغان ئىشىدۇ!؟...

باي ئەمدىلا ئىچكى ھويلىغا كىرىپ، ئارامگاھى — چوڭ
مېھمانخانا ئىشىكىدە كەش سېلىۋاتقاندا، قەدىناس خېنىمـ
نىڭ جاراڭلىق سۆزى ئاڭلاندى ـ دە، بىر پاي كەشنى سالغان
پېتى قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەگەر قەدىناسى يېقىن تۇرغان
بولسا، ئاغزىغا قاتتىق بىر تەستەك ئۇرغان بولاتتى. ھېلىمۇ
ياخشى خېنىم يىراقتا ئىدى. باي ئاتەش غەزەپ بىلەن ھومـ
يىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇزۇق ئەلپازىدىن سىيغۇتكۈدەك قور-
قۇپ كەتكەن خېنىم سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ، ئاستا
ئۆزىنى ئەپقاچتى.

خېنىمدا نېمە گۇناھ، ئۇ بولغان ئىشلاردىن تامامەن
بىخەۋەر تۇرسا! ھېچقاچان ئۆيدىن چىقمايدىغان بۇ مەستۇرە
چوكان ئۆز مۇرەبىيسىنى مۇنداق خۇنلۇق ئىشلارغا قول سال-
مايدۇ، بەلكى تۇسايدۇ، دەپ ئويلايتتى! ئېسىنى تەسلىكتە
يىغىپ، يەنە بىر پاي كەشنى سالغان باي پاياندار گىلەملەرنى
يۇمشاققىنا دەسسەپ مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس
ئېلىپ، ئىچىدىكى بارچە غەزەپ ۋە ئەلەملىرىنى چىقارغاندەك
بولدى ـ دە، كۆرپە ئۈستىگە يۆكۈلدى. ئۆيگە «بەگھاجى» دەپ

ئەركىلىتىدىغان كىچىك ئوغلى كىرىپ كەلدى. باي بۇ ئوغلىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ھەم بەگ، ھەم ھاجى دەيدىغان ئىككى سەلتەنەتلىك ئىسىمنى جۈپلەپ قويغانىدى. بۇ بالا ھەر قاچان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلسە، باينىڭ ھەرقانداق ئىچى پۇشۇقلىرى چىقىپ كېتەتتى. ئاچچىق ئەلەملىرى بولسىمۇ تۇماندەك توزۇپ كېتەتتى. باينىڭ بۇ مىجەزىنى ئىگىلەپ كەلگەن قەدىناس خېنىم بايا ئۆزى قوزغاپ قويغان باينىڭ خاپىسى توزۇپ كەتسۇن، دەپ بالىنى ئاتايىن كىرگۈزگەنىدى. بالا كەلگەن پېتى دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇردى. ئۇ قولدا باققان پاقلاندەك بۇدرۇق ۋە ئوماق ئىدى. باي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيدى. ئەتىگەندىن تارتىۋاتقان پەرىشانلىقلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىرمەك قىلىشقا باشلىدى. ئەركىلىتىشكە كۆنۈك بالىمۇ يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭەك ـ ساقاللىرىنى يۇمشاققىنا سىلاپ، خۇشلۇق ۋە ئاراملىق بەخش قىلاتتى.

— دادا، دادا! — دېدى ھاجى چۈچۈككىنە تاتلىق سۆزلەپ، — ئابدۇقادىر داموللامغا كىم قەست قىپتۇ؟

يوسۇققىدە قويۇلغان بۇ سوئال باينى سەسكەندۈردى. ئۇ بالىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆز چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن ھەم كۈتمىگەنىدى.

— كىچىك بالا دېگەن ئۇنداق بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلمايدىغان! — دېدى باي بالىسىنى ئەيىبلىگەن ئاھاڭدا سىلكىشلەپ. بالا ئۈنچىقماي جىم بولۇپ قالدى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا بالا يەنە سورىدى:

— دادا، قەستلەپ پىچاق سالسا ئادەم ئۆلۈپ قالامدۇ؟

— بايا نېمە دېدىم،كىچىك بالا ئۇنداق ئەسكى گەپلەر-نى قىلمايدىغان، دېدىمغۇ!

— ئادەم ئۆلسە قان چىقامدۇ؟

— قويسىلا بالام، ئانىلىرىنىڭ يېنىغا چىقسىلا! — بالىنى قوغلىغاندەك قىلىپ قۇچىقىدىن چۈشۈرگەن باي نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىچە تىترەپ كەتتى.«ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېدى ئىچىدە بالىسىدىن رەنجىپ. بالىنىڭ نېمە كارى:

— مەن قاندىن قورقمايمەن! قوي ئۆلتۈرگەندە قاراپ تۇرۇۋەردىم، قورقمىدىم!...

هويلىغا ئېگىز ھەم سېمىز كەلگەن گەۋدىلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ كىشى شەھەر ئامانلىقىنى قوغدىغۇچى ئۆمەر بەگ ئىدى. بېلىگە كۆك دۇردۇن بەلباغ باغلاپ، ساقال تارغاق، سەدەپ دەستىلىك پىچاق ھەمدە داچەن پۇل ئۆتكۈزىدىغان تاسما تانا ئېسىپ يۈرىدىغان ھەيۋەتلىك بۇ كىشى ئەھمەت مەزىننى سوراق قىلىپ ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى ئەنزىنىڭ چوڭ - چوڭ كىشىلەرگە چېتىلىدىغان مۇرەككەپ ئەنزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ،ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى - دە، ھولۇققىنىدا پالاقشىپ باينى قوغلىشىپ كەلگەنىدى.

— ئوغلۇم، دادىلىرى بارمۇ؟— سورىدى ئۇ يېڭىلا مېھمانخانا ئۆيدىن ھويلىغا قايتىپ چىققان بالىنى توسۇپ.

— دادام بار!

ئۆمەر بەگنىڭ ئۆكسۈلە قىياپىتىنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆرگەن ھەمراھباينىڭ يۈرىكى «قارت»قىلىپ، يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى، ئەمما، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلەتتى. ئۆمەر بەگ

ئۆيگە كىرگەندە، ئۇ چاندۇرماستىن قىزغىن قارشى ئالغان بو-
لۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تەمكىن ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدى. ئۆ-
مەر بەگ ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ، ئەھمەت مەزىننىڭ ئىق-
رارىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. باينىڭ رەڭگى ئۆچتى.
چىرايى ساماندەك سارغايدى. قول بارماقلىرى ئىختىيارسىز تىترەيت-
تى، لېكىن ئۇ، يەنىلا چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. بىرئاز سۈكۈت
قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، تەلۋىلەرچە بۆسۈپ
سۆز قىلدى:

— ساراڭنىڭ گېپى گەپ بولامدىكەن! ساراڭ دېگەن
ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ! — دېدى ئۇ ئۆمەر بەگنىڭ سۆز-
لىرىنى رەت قىلىپ. ئۇ يەنە بىرمۇنچە چالۋاقىدى.

ئۆمەر بەگ ئۇنىڭ چالۋاقايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشى-
نەتتى. ھەرقانداق ئىشنى تەتۈر قايرىش ئارقىلىق باشقا ئا-
دەملەرگە ئەقىل كۆرسىتىدىغان مىجەزىنى بىلگەن بەگ تىنچ
ئولتۇرۇپ سۆزگە قۇلاق سالدى. بىرئازدىن كېيىن، ئىز - جا-
يىغا چۈشكەن باي بۇ ئىشنى قانداق تۈگىتىشنىڭ يولىغا
ئۆتتى.

— بۇ ئىش كىچىك ئىش ئەمەس! — دېدى ئۇ ئۆمەر بەگ-
نىڭ كۆزىگە ئىلتىجالىق بىلەن قاراپ، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس
ئېلىپ داۋام قىلدى، — بۇنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلمىغاندا،
يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ
چىقىشى مۇمكىن. ھېلىتىنلا ھېلىقى ساراڭ تەلۋە ئاغزىغا كەل-
گەننى بوغۇزىغا يۇتماي، بىرمۇنچە كىشىلەرنى چىشلەپ تارى-
قىلى تۇرسا، كېيىن قانداق بولىدۇ! قېنى، ئويلاپ كۆرۈڭلار،
مېنىڭچە، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، شۇنداققۇ؟!

ئۆمەر بەگ بىشىنى لىڭشىتقاچ، شۇنداق، شۇنداق، دەپ سۆزگە قۇلاق سالاتتى. باي داۋام قىلدى:

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ تەلۋىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزنى زۇنۇن ھاجى بىلەن ئىككىڭلار ئاڭلاپسىلەر، بۇ سۆز ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قالمىسۇن! بۇ، ئوتتۇرىمىزدىكى بىر سىر بولۇپ قالسۇن، قەتئىي مەخپىيەتلىكى ساقلانسۇن!

باي بۇ مەسىلىنى تەكرار تەكىتلىگەندىن كېيىن، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەرەپتىكى تام ئىشكاپ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ يەردىكى پولات ساندۇقنى ئېچىپ، قولىغا بىر سىقىم تىللا ساناپ ئالدى. ئاندىن بۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، گويا خۇنۈك بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندەك سارغىيىپ — تاتىرىپ:

— بۇ ئىشقا خىيالى ھەرەج كېتىدۇ، — دېدى لېۋىگە سەل — پەل كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ھەرەج كەتكەن يەردە خەجمۇ كېتىدۇ. ماۋۇ پۇلنى زۇنۇن ھاجىم بىلەن ئىككىڭلار خىراجەت قىلغاچ، يوچۇق — پۇچۇق يەرلىرىنى ئېتىپ تۇرساڭلار، كەم — كۈسا يەرلىرىگە يەنە مەن بولغانكىن، ئوبدان رازى قىلىمەن!

ئۆمەر بەگنىڭ كۆزلىرى ئوينىاپ كەتتى. تىللانى چۆنتەككە سېلىپ قايتماقچى بولغاندا، باي ئۇنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى:

— مەن دېگەندەك مەخپىيەتلىك قەتئىي ساقلانسۇن. ھېلىقى تەلۋە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرسۇن، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. مانا مەن بار، ماقۇلما، ئەمىسە، گەپ شۇنداق بولسۇن!

باينىڭ گەپلىرى ئۇنداق پوك — پوك چىققان بىلەن

كۆزىدىن ئىلتىجالىق ئوتلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئۆمرىدە باشقىلارغا ئىلتىجا قىلىپ كۆرمىگەن باينىڭ بۇگۈنكى ئەھۋا-لىنى كۆرگەن ئۆمەر بەگ ھەيران قالدى. بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر گەز چۆكۈپ، بىچارە قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى.

سوراق ئامبالنىڭ ئالدىغا چۈشكەندە، ھەمراھباي ئىككى قېتىمدا 300 سوم تىللا خەجلىدى. ئامبالنىڭ يانچۇ-قى تىللاغا تولغاندىلا، ئاندىن ئۇ قاتتىق سوراق قىلىش، ئىنى-چىكىلەپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى بوشاشتۇرۇپ، دەۋانى كەينىگە تارتتى ۋە قاتىلنى قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇش بىلەنلا كۇپا-يىلەندى.

ئىتەي - شىتەيلەرگىمۇ لايىقىدا پۇل خەجلەندى، ھەتتا يامۇل بەگلىرىدىن تارتىپ گۇندىپايلارغىچە پۇل بېرىلدى. خەيرىيەت ئىشلىرىغا ئىككى سەر كۈمۈش پۇل تەڭلىگەن ھەمراھ-باي مانا ئەمدى مۇشۇ ئەنزە مۇناسىۋىتى بىلەن 2000 سوم تىللا خەجلىگەنىدى. بۇ قەدەر زور خىراجەت بىر بېخىل باي ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۈرىكى سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك قاتتىق زەربە ئىدى.

لېكىن بۇ زەربە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى.

ئەڭ ئېغىرى شۇكى، خەلقنىڭ ئابدۇقادىر داموللىغا شېھىتلىك دەرىجە بىلەن «مەرىپەت يۇلتۇزى» دەپ مەڭگۈ ئۆچمەس نام بېرىپ، قارا نىيەتلەرگە «قاتىل، سۇيىقەستچى» دېگەن شەرمەندە نامنى بەرگەنلىكى ئىدى.

سۇيىقەستچىلەر سىرنى يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا جېڭلاپ ئالتۇن سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن نەرسى-

لەرگە ئالتۇن يالاتقان بولسىمۇ، لېكىن، خۇددى سۇكېتىپ تاش قالغاندەك، يالىتىلغان ئالتۇن سىرلار بەربىر ئۆچۈپ، ئەسلى ماھىيەت ئېچىلىپ، نەتىجىدە: «چەت ئەل مۇخالىپەت-چىلەرنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، ھەمراھباي 300 سەر كۈمۈش پۇل سەرپ قىلىپ سېتىۋالغان ئەھمەت مەزىنىنىڭ قارا قولى ئارقىلىق، ئابدۇقادىر داموللا شېھىت قىلىندى.» دېگەن تارى-خىي يەكۈن مەڭگۈگە قالدى. تىرىكلىك ئالەمدە بۇ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ ئالىي جازا ھېسابلانماسمۇ!؟...

## ئاپتوردىن ئاخىرقى سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللا شېھىت بولۇپ 60 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ كەڭ جامائەت ئىچىدە تىلدىن - تىلغا، دىلدىن - دىلغا كۆچۈش يولى بىلەن، ئاجايىپ مۇستەھكەم قۇرۇلمىلىق كۆڭۈل ئامبارلىرىدا پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قايغۇلۇق داستانلارنىڭ پەقەتلا بىر قىسمى. كىتابنى تولۇقراق ۋە مۇكەممەلرەك ئىشلەش زۆرۈر ئىدى، ئەپسۇسكى، ئابدۇقادىر داموللا بىلەن زاماندىش كىشىلەر ۋە سەپداش، مەسلەكداش پېشقەدەم زاتلار ھەر خىل قىسمەت ۋە ھەر خىل تەقدىرلەرگە دۇچ كېلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، مەسىلەن، ھاجى قۇتلۇق شەۋقى① موللا سابىت داموللا②.

① ھاجى قۇتلۇق شەۋقى — مەشھۇر مائارىپچى، تالانتلىق شائىر. ئابدۇقادىر داموللا بىلەن سەپداش، مەسلەكداش بولۇپ، پۈتۈن ھاياتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەرىپەتپەرۋەرلىككە بېغىشلىغان. بەختكە قارشى، 1937 - يىل 10 - ئايلاردا جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەشقەر تۈرمىسىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن يۈزلىگەن قېرىنداشلار بىلەن بىر قاتاردا شېھىت بولغان.

② موللا سابىت خەلپەت (داموللا) — كاتتا ئالىم، مەرىپەتچى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇپ، 1934 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.



Altunoq

سالىھ داموللا①، ئابدۇجېلىل داموللا②، مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا③، ھېلىمىدىن داموللا④، ئابدۇللا داموللا تۇرپانى⑤ قاتارلىقلار.

---

① سالىھ داموللا ھاجى — (قۇرئان تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن مۇھەممەت سالىھنىڭ دادىسى) يارقىن مەرىپەتچى، مۇدەررىس ھەم تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلانغان جامائەت ئەربابى. كېيىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

② ئابدۇجېلىل داموللا — خوتەن گۇمىلىق، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتى، خەتمە قىلىپ گۇمىغا قايتقاندىن كېيىن، مەرىپەتچىلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. 1933 - يىلى خوتەن ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ گۇمىدا زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

③ مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا — ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتى. بەكەندە مەرىپەتچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ «مەتلەئىل ئىرفان» مەكتىپى قۇرۇپ، يېڭى ئىزامچە ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. بەختكە قارشى، 1937 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

④ ھېلىمىدىن داموللا — ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇپ يەكەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئالتۇن كونا خانلىق مەدرىستە يېڭى ئۇسۇلدا مەكتەپ ئاچقان. كېيىنكى يىللاردا «مەتلەئىل ئىرفان» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بەختكە قارشى، 1937 يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

⑤ ئابدۇللا داموللا لەقىمى (تۇرپان) — قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرپاندا مەرىپەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1933 يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، تۇرپان قىسىملىرىغا باش بولۇپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بولۇپ، قەشقەردە ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ مۇشاۋىرى ھەم باش كاتىپى بولغان. شېڭ شىسەي ھەرباب بىلەن ئابدۇللا داموللا نەئىمىنى مەھمۇت سىجاڭدىن ئاجرىتىۋالمىغان. ئەڭ ئاخىردا، ئابدۇللا داموللا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىكتە چەتكە چىقىپ كەتكەن... .

بۇقىرىدا ئىززاھلانغان مەرىپەتچىلەردىن باشقا، يەنە شەمسىدىن داموللا، ئىنايەتخان مەخسۇم، جامال ئاخۇن خەلپەت، سالىھ داموللا، پوسكاملىق ئىسراپىل داموللام، قاغىلىقتىن ئىبلاخۇن خەلپەت، قەشقەردىن ئىمىن ھاجى خەلپەت، مۇھەممەتخان... قاتارلىقلارمۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتى ياكى مەسلەكداشلىرىدۇر. بۇ كىشىلەرنىڭ داموللامنىڭ ئىش ئىزىدا مېڭىپ، مەرىپەت يولىدا قىلغان ئىجتىھات غەيرەتلىرى مەرىپەت تارىخىمىزدا تېخى ئېچىلمىغان سەھىپىدۇر.

كېيىنكى يىللاردا، ئابدۇقادىر دامولللىنىڭ ئوغلى ئابـ
لىز مەخسۇم 40 نەچچە يىللىق تۈرمە ھاياتىنى تۈگىتىپ، سا-
لامەت چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاجىزلاپ كەتكەن بۇ ئادەم
دادىسى توغرىسىدا، غەللە ساندۇق ئىچىش ۋەقەسىنى سۆزلەپ
بەرگەندىن باشقا، تەپسىلىي مەلۇمات بېرەلمەي ئالەمدىن
ئۆتتى. شۇنداق سەۋەبلەردىن بۇ كىتاب نۇقسان ۋە يېتەرسىز-
لىكلەردىن خالىي بولالمىدى، ئەلۋەتتە!
بەختكە يارىشا، پېقىر 1933 - يىلى ئاتام تۆمۈر ئېلى
بىلەن قەشقەرگە بارغاندا، بىللە ئوينىغان تەڭ دېمەتلىكلەردىن
«قەشقەردە دامولللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر»دېگەن شېئىر
ۋە بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى ئاڭلىغان. ياشلىق چاغلاردا ئاڭلى-
غان شېئىر ۋە تەپسىلاتلار خۇددى تاشقا مۆھۈر ئويغاندەك، ئې-
سىمدە چىڭ ساقلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 نەچچە
يىل داۋامىدا، مەن يەنە ۋەتەنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، دى-
نىي زاتلار، سودا - سانائەتچىلەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، دېھقانلار
ئاغزىدىن مەرھۇم ئابدۇقادىر دامولللا توغرىسىدا ئارزۇ - ئارمان ۋە
ھەسرەت - نادامەتلەرگە تولغان قايغۇلۇق گەپ - سۆزلەرنى دا-
ۋاملىق ئاڭلاپ تۇردۇم. يىراق - يىراق يېزا - سەھرالاردىمۇ ئەرە-
بىي - پارسىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بولغان ئىمام - خەلپەتلەر-
دىنمۇ ئابدۇقادىر دامولللىنىڭ ئەرەبىي ۋە پارسى تىللاردا ياز-
غان پاساھەتلىك شېئىر، رۇبائىي - غەزەللىرىنى يادقا ئوقۇپ
«ئابدۇقادىر دامولللا كاتتا ئالىم ئىدى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ
ھەم شائىر ئىدى» دەپ مەدھىيىلەپ تەرىپلەشكەنلىرىنى، دۇئادا
ياد ئەتكەنلىرىنى كۆپ ئاڭلىدىم.
خەلق ئىچىدىكى سۆھبەت ۋە تەرىپلەرگە 40 - يىللاردىن

بۇيان كۆڭۈل قويۇپ قىزىقىپ، ھەر تەرەپلىمە مەنبەلەرگە مۇ-
راجىئەت قىلىپ، ئاخىر ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ھاياتى توغرى-
سىدا قىسمەن مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم، بولۇپمۇ ئابدۇقادىر
داموللا مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان ھەپتىلىك گېزىت «نە-
سىھەتى ئامما»نىڭ تۇنجى سانى، مەشھۇر ئىلمىي ژۇرنال «شورا»
مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئەدە-
بىي مۇساھىبە»سەرلەۋھىلىك ماقالىسى، «شەرقىي گۈلىستان مۇ-
سەۋۋىرى»غا يازغان بېغىشلىمىسى، ئۇستازلاردىن باھاتۇرخان
تاشكەندى، ئۇستاز ئۇلۇغ خان تۆرە (خوقەندى)، ئىوز مۇپتى
(خوجەندى)لەرگە ئەرەب تىلىدا يېزىلغان مەرسىيەلەر، بۇخا-
رى (مۇھەممەت بىننى ئىسمائىل بۇخارى) قەبرىسىنى زىيارەت قىل-
غاندا ئوقۇغان غەزەل، ئىپتىخار ھەققىدە ئېيتىلغان شېئىرلارنى
كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.
ھاسىل كالام، ئاڭلانغان ئۇچۇر، ئىگە بولغان مەلۇمات-
لىرىم گەرچە دەريادىن تامچە بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ھايا-
جانلانغان ھالدا، ئاڭلىغانلىرىم بىلەن كۆرگەن - بىلگەنلىرىم-
نى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ كىتابچە قىلىشقا ۋە بۇ كىتابنى كەل-
گۈسى ئەۋلادلارنىڭ ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىشىغا تەق-
دىم قىلىش نىيىتىدە بۇ قىسىمنى يازدىم.

**阿布都哈地尔大毛拉传**（维吾尔文）
海维尔 铁木尔 著
责任编辑：乌斯满

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行 新疆八一印刷厂印刷
850×1168毫米 32开 12印张
1990年1月第一版 1990年5月第一次印刷
印数：1——11,000

ISBN 7-5371-0518-9/I·220 定价： 3.00元

[illegible]

مەسەت ئايۇپ ئىشلىگەن

ISBN 7-5371-0518-9/I·220
(I·9)
باھاسى 55 [illegible]

Altun

مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى
مەمەت ئايۇپ ئىشلىگەن

ISBN 7 - 5371 0518 - 9/I·220
(民文) باھاسى 3.00 يۈەن